


ئومۇمىي 11-سان

2020 ئىيۇن -ئىيۇل

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*


ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival




قىپقىزىل يالغانچىلىق

1



ئادرىيان زېنز

144



ختاي تەھدىتى

73

6 009800 461091 >

2020 ئىيۇن - ئىيۇل
ئومۇمىي11-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.**



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش


ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا 51

سىياسىي كۆز قاراشلار قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ 60

مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش 85

مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى 64

خىزمەت ئالاقىسىدىكى ئون ئورتاق خاتالىق 41


## خىتاي تەتقىقاتى


قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى


## گۈلىستان


ئادرىيان زېنز


## خەلقئارا ۋەزىيەت


ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيېننىڭ خىتاي تەھدىتى ھەققىدىكى نۇتقى

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيېننىڭ پرېزدېنت دونالد ترامپ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ توغرىسىدىكى سۆزلىرى 78

خىتاينىڭ مىليونلىغان مۇسۇلماننى تۇتقۇن قىلىشى ترامپنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ 36


## بۈيۈك سىمالار


غولام پاختا


## تارىخ ۋە بىز


ئۇيغۇرلاردا قەھرىمانلىق 120














# قىيقىزىل يالغانچىلىق:

## كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچىيۈزى

# Deceiving the Sky: Inside Communist China's Drive for Global Supremacy



بىل گېرتس «ۋاشىڭتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك خىتاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. خىتاي تەھدىتى ھەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتابى بار.

## بىل گېرتس

## Bill Gertz

## ☆ سەككىزىنچى باب ☆

# خىتاينىڭ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى

«تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىندۇكسىيىلىك خۇلاسە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ: ئەمما دۈشمەنىنىڭ ئەھۋاللىرىنى پەقەت ۋە پەقەت جاسۇس ئارقىلىقلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ»

مېي ياۋچېن (**Mei yaochen**) «ئۇرۇش سەنئىتى»دىن

**2018** - يىلى **9** - ئاينىڭ **26** - كۈنى، جاۋ چيەنلى (**Zhao Qianli**) ئۆزىنىڭ ئىجارە ماشىنىسىنى فىلورىدا شتاتىنىڭ كېيۋېست (**Key West**) شەھىرىدىكى بىر ماشىنا توختىتىش ئورنىغا توختاتتى. ئۇ دېڭىز ساھىلىغا قاراپ مېڭىپ، ئامېرىكانىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى كېيۋېست دېڭىز ئارمىيىسى ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا قاراپ يول ئالدى. كىشىلەرنىڭ خالىغانچە بۆسۈپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ يەردىكى بىخەتەرلىك رىشاتكىسى سۈنىڭ تېگىگىچە كىرگۈزۈلگەنىدى. جاۋ يانفونىنى ۋە كانون (**Canon**) ماركىلىق رەقەملىك كامېراسىنى ئېلىپ رېشاتكىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆپكۆك دېڭىزغا كىردى. ئۇ بازىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندىن كېيىن، بازىدىكى ھەربىي، زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئىشلىتىدىغان سەزگۈر ئۈسكۈنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئانتېننا مەيدانىنى رەسىمگە تارتىشقا باشلىدى.

كېيۋېست بازىسى بارلىق قىسىملاردىكى ئۇچقۇچىلارنى ھاۋادىن ھاۋاغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن مەشىقلەندۈرۈشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. **F-18** تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانلار ئەترىتى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئالاھىدە قىسمىنىڭ سۇ ئاستى ھەرىكىتى مەكتىپىمۇ شۇ يەردە.

بۇ بازىدا ئىشلەيدىغان بىر ھۆددىگەر جاۋنى بايقاپ، ئۇنى دەرھال پارلامېنت ئەزالىرىغا خەۋەر قىلغان ۋە نەتىجىدە جاۋ قولغا ئېلىنغان. جاۋ قاراۋۇلغا ئۆزىنىڭ يولدىن ئادىشىپ قالغان ساياھەتچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ يېنىدا ھېچقانداق پاسپورت ياكى باشقا كىملىك يوق ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن خىتاي جاسۇسى ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە چاقىرىلغان **FBI**نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى بىنورمال بىر ئىشنى بايقىغان. جاۋ خىتاينىڭ داڭلىق جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى (**MSS**) ياكى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى باشقارمىسى (**2PLA**) ئۈچۈن ئىشلىمەستىن، ئانچە تونۇلمىغان، ئەمما بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان جاسۇسلۇق ئورگىنى - خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى (**MPS**) ئۈچۈن ئىشلەيتتى. جاۋنىڭ مېھمانخانىدىكى ئۆيىنى ئاختۇرغان **FBI** خادىملىرى مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ساقچى فورمىسىنى ۋە كەمىرىنى بايقىغان. جاۋ بۇ بۇيۇملارنى «دادام ئامېرىكادا چىرايلىقراق كىيىنىپ يۈرگىن دەپ بەرگەنىدى» دەپ يالغان ئېيتقان. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ خىتايدا مۇزىكا كەسپىدە ئوقۇۋىدىغان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ يانفونىنى ئاختۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەربىي مەشىققە قاتناشقان، ئىنژېنېرلىق كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مەكتىپى - «شىمالىي خىتاي ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە خىتاي دۆلەت مۇداپىئە دائىرىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

كېيۋېستتىكى جاسۇسلۇق ھەرىكىتى خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ كەلگۈسىدىكى توقۇنۇشتا ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ياكى تور ھۇجۇمى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھەربىي ئالاقە ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تەييارلىق قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. خىتاينىڭ ھەربىي ئېلېكترونلۇق

ئۇرۇش تارماقلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئادەتتىكى ۋە ئۇچقۇچىسىز قورال ۋە قوشۇنلارنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم ئۇرۇش قورالى بولغان ئالاقە سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن قارشى تەدبىرلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن.

مەزكۇر مىنىستىرلىق خىتاينىڭ دۆلەتلىك سىياسىي ساقچى ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسى بولۇپ، ئۇ «ئالىي رەھبەر» شى جىنپىڭ (习近平)نىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەم ئىچكى قىسىمدا ۋە چاۋنىڭ دېلوسىدا مەلۇم بولغىنىدەك، ھەم چەتئەلدە يېڭى كۈچكە ئېرىشتى.

جاۋ مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ 2016 - يىلىدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنىغا ئاساسەن تېخىمۇ كۆپ ئاخبارات توپلاش ھوقۇقى بېرىلگەن قوشۇننى تەشكىل قىلىدىغان 1 مىليون 600 مىڭ ساقچىنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرغۇن تەھلىلچىلەر نۆۋەتتە مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ئىستىخبارات توپلاش ئىقتىدارى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى دەپ قارىماقتا. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلىرى يەنە خىتاينىڭ كومپيۇتېر تورى ۋە كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى ھوقۇقلارغا ئېرىشتى.

خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان، ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى»نىڭ خىتايچە نۇسخىسىدۇر. ئەمما ساقچى ۋە بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ پائالىيىتى قانۇنلار ئارقىلىق چەكلىنىدىغان غەربكە ئوخشىمايدىغىنى، خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ھەرىكەتلىرى ئاساسەن چەكلىمىسىزدۇر. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى خىتاينىڭ ساقچى ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىر پروگراممىغا جۇغلاشنى مەقسەت قىلغان «چوڭ ئىستىخبارات سىستېمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان سىستېمىدۇر. «چوڭ ئىستىخبارات» سىستېمىسى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق تەھلىل ۋە پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدىغان «ئۇچۇرلاشتۇرۇش» پىلانىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇسخىسىدۇر.

خىتاي بىخەتەرلىك تارماقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئېدۋارد شۋارك (Edward Schwarck) مۇنداق دېدى: «رەقەملىك نازارەت قىلىش ۋە ئىستىخبارات ئۇسۇلىنىڭ بىرىكىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئاممىۋى بىخەتەرلىك ئىستىخباراتىنىڭ قوللىنىلىشى، خىتاي بىخەتەرلىك دۆلىتىنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ». شۋاركىنىڭ قارىشىچە، كەڭ كۆلەملىك ساقچى - ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى خىتايدا دېموكراتىك سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئويلايدىغانلارنىڭ ئىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ بىر ژۇرنالغا يازغان ماقالىسىدە شۇنداق دەيدۇ (1): جىنايەتچىلەردىن سىرت، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆكتىچىلىرى ۋە دۈشمەنلىرىمۇ «بىخەتەرلىك تارماقلىرى توپلىيالايدىغان ۋە ئۇلىنالايدىغان ھەرقانداق رەقەملىك <ئۇۋاق> (يىپ ئۇچى) قالدۇرماي پىلان تۈزۈش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ». خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يەنە خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىستىخباراتتىن تەڭ بەھرىلىنىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ھەربىي ئۇسلۇبتىكى قوماندانلىق قۇرۇلمىسى بولغان «ئالتۇن قالقان»نى ئىجا قىلدى. بۇ سىستېما بيۇروكراتىك توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، سانلىق مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن راۋان تورنى بەرپا قىلدى. ئۇ چىراي، ئاۋاز ۋە مېڭىشنى تونۇش قاتارلىقلار كومپيۇتېرلاشتۇرۇلغان نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىدىغان ئاپتوماتىك تەھلىل قىلىش ۋە توردا ھېسابلاشقا چېتىلىدۇ.

شۋارك مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىستىخبارات سىستېمىسى ھازىر شى جىنپىڭنى تېخىمۇ مەركەزلەشكەن دۆلەت بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ بۇ ئىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان يېگانە <چارپادىشاھ> ئەمەس. ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ رەقەملەشتۇرۇلگەن ئۇچۇرلىشىشى سەۋەبىدىن دۆلەتنىڭ كۈچىنىڭ ئېشىشى پارتىيە-

نىڭ يادرولۇق رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىدۇ».

دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە ئۇنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستىخبارات تارمىقىدىكى كەسپداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تېخنىكا ئوغرىلاشقا مەركەزلەشتۈرگەن بولسا، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلىرى ئامېرىكادىكى خىتاي ئۆكتىچىلىرى ئارىسىدا جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

جاۋ ئامېرىكانىڭ مۇھىم ھەربىي ئەسلىھەسىنى قانۇنسىز سۈرەتكە تارتقانلىقى ئۈچۈن بىر قېتىم جاسۇسلۇق قىلغانلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، 2019 - يىلىنىڭ بېشىدا بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، بۇ (ئامېرىكادا) مۇشۇ خىل سەۋەب بىلەن ئەيىبلەنگەنلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى جازا ئىدى.

خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئىشلىرى جەھەتتىكى مۇتەخەسسىس، DIA (دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات ئىدارىسى) نىڭ سابىق ئەمەلدارى نىكولاس ئېفتىمىيادىس (Nicholas Eftimiades) جاۋنىڭ دېلوسىنى خىتاينىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان سانسىز جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىدىن پەقەتلا بىرى دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: «جاۋ چېنلىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ئەيىبلىنىشى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئالاقىسىگە قارشى توردا سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىسپاتىدۇر. جاۋنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي ۋە بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق تارىخى، ئۇنىڭ ئوچۇق – ئاشكارا ھالدا ئامېرىكا جەنۇب قوماندانلىق شتابىنىڭ بىرلەشمە تارماقلار ئارا ۋەزىپە قىسىملىرىنىڭ ئانتېننا مەيدانىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلاشقا ئۇرۇنۇشى ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداش ھەربىي ئەسلىھەلەرنىڭ تەھدىت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك» (2).

جاۋ خىتاينىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئىستىخبارات ئالاقىچىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كېيۋېست ھەربىي بازىسىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى ئىدى.

خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سىياسىي ئامانلىقنى ساقلاش ۋە كونترول قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ھاكىممۇتلەقلىق خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىلگىرى، خىتاي رەھبەرلىرى ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا بەك كۆپ ھوقۇق بېرىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ۋە پارتىيەنىڭ ئىستىخبارات ئورگىنى بولغان «بىرلىكسەپ» بۆلۈمى بىرلىكتە خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تەشكىل قىلماقتا. بۇ تارماقلار پۈتۈن دىققىتىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يەرشارىنى كونترول قىلىش پىلانىدا، ئۇنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرگەن.

ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك بۆلۈمىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باش تەپتىش جون C دېمېرس (John C. Demers) بېيجىڭنىڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى كونترول قىلىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىستىخبارات توپلاش پائالىيەتلىرىگە قانۇنلۇق زەربە بەردى.

دېمېرس مۇنداق دېدى: «بىز ھەربىي كۈچىمىزنى ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىمىزنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلىغان مىللەتكە چىداپ تۇرالمايمىز. خىتاي ئۆزىنىڭ تەرەققىيات نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. خىتاي باشلامچى دۆلەت بولۇشنى ئارزۇ قىلىسمۇ، ئەمما شۇنىڭغا لايىق ئىش قىلمايۋاتىدۇ. ئەكسىچە ئەركىن بازار ئىقتىسادىدىن ۋە بىزنىڭكىگە ئوخشاش ئوچۇق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىدىغان يامان غەرەزلىك

ھەرىكەتلەر ئارقىلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ» (3).

بۇ ئۇسۇللار ئىقتىسادىي جاسۇسلۇق ۋە مەجبۇرىي تېخنىكا يۆتكەشتىن تارتىپ مۇرەككەپ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش مەشغۇلاتى ۋە سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىگىچە بولغان قانۇنلۇق - قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاينىڭ تېخنىكىغا مەركەزلەشكەن ئىستىخبارات توپلاش ھەرىكىتى ئەيىبلىگىلى بولمايدىغان قانۇنىي پائالىيەتلەرنى، شۇنداقلا بايقاش قىيىن، جىنايەتچىنى تۇتۇش تېخىمۇ قىيىن بولغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2017-يىلى، ترامپ ھۆكۈمىتى ئەنئەنىۋى جاسۇسلۇق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سىناق قىلىنغان جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بۇ خىل تەھدىتلەرگە قارىتا كۆپ تەرەپلىمىلىك چارە قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە تاموژنا بېجى ئېلىش قاتارلىق ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، بېيجىڭنىڭ (بۇ جەھەتتىكى) چىقىمىنى ئاشۇرۇپ، ئاخىرىدا خىتاينى مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئامېرىكا ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا چېتىشلىق دېلونى سوتقا ئەچىقىپ باقمىغانىدى. 2018-يىلى ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ تېخنىكا ئوغرىلاش ھەرىكىتىگە چېتىشلىق ئۈچ دېلونى سوتلىدى. 9 - ئايدا، 2013-يىلدىن باشلاپ ئامېرىكادا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقراسى جى چاۋچۈن (Ji Chaoqun) ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن بىللە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ھۆددىگەر شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگەندە تۇتۇلغان. جى چاۋچۈن ئۆز ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىش ئۈچۈن خىتاي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئەزا بولغان. ئۇ خىتاينىڭ روبىخەتكە ئېلىنمىغان چەتئەلدىكى جاسۇسى سۈپىتىدە ئەيىبلەنگەن. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جى چاۋچۈن تەۋە بولغان تارمىقىنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىلىك دۆلەت بىخەتەرلىك نازارىتى ئىككىنچى ئىنقىلاپ چىقىلدى. بۇ دېلودا ئامېرىكانىڭ ئاساسلىق ئايروپىلان ماتورى بىلەن تەمىنلىگۈچى شىركەتلىرى ئىچىدىكى بىر جاسۇسنىڭ مەخپىي ھالدا خىتاينى تېخنىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىنىمۇ ئاشكارىلاندى.

شۇ يىلى 12 - ئايدا، جياڭسۇ ئۆلكىلىك دۆلەت بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ جۇ خۇا (zhu hua) ۋە جاڭ شىلوڭ (Zhang Shilong) دېگەن ئىككى ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم خىتاي خاككېرلىرى ئۈستىدىن ئەيىبنامە ئېلان قىلىندى. ئۇلار ئامېرىكادىكى ئون نەچچە شىركەتتىن تېخنىكا ئوغرىلىماقچى بولغان كەڭ كۆلەمدىكى تور خاككېرلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرى دەپ سۈپەتلەندى. بۇ خاككېرلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى سودا ئايروپىلانلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئامېرىكانىڭ تۇربىنا چاقپېلەكلىك رېئاكتىۋ موتورىنىڭ مەخپىي ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلاش ئىدى. جاسۇسلار شۇ شىركەتلەرنىڭ بىرىدە ئىشلەيدىغان ۋە شىركەت تورىغا يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلىيالايدىغان، كەم دېگەندە ئىككى خىتاينى ئىندەككە كەلتۈرگەن. ئامېرىكا قانۇن ئىجراچىلىرى تەكشۈرۈشنى باشلىغاندا، ئىچكى قىسىمدىكى بۇ جاسۇسلار يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا شەپە بېرىپ قويغان.

ئۈچىنچى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن فېدېراتسىيە دېلوسى 2018-يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ دېلودا ئوخايو شىتاتلىق باش تەپتىش FBI ۋە CIA بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ بىر جاسۇسىنى بېلگىيەگە بېرىشقا قىزىقتۇرغان. نەتىجىدە ئۇ جاسۇس شۇ يەردە قولغا ئېلىنىپ، ئامېرىكاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ئاكتىپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئەمەلدارىنىڭ تۇنجى قېتىم جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىشى ۋە ئەيىبلىنىشى ئىدى. بېلگىيەدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرى بىر ئاي داۋاملاشقاندىن

كېيىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى شۇ يەنجۇن (Xu yanjun) ئۆكتەبىردە ئۆزىنى ئامېرىكا فېدېراتسىيە سوتچىسىنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇ ئايروپىلاننىڭ موتورىغا ئالاقىدار سودا مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنىدى. شۇ يەنجۇن ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتقان ۋە ئۇلارنى «ئۇنىۋېرسىتېتلاردا لېكسىيە سۆزلەش ۋە غەيرىي هۆكۈمەت خاراكتېرلىك ئالماشتۇرۇش پروگراممىلىرىغا قاتنىشىش» نامىدا خىتايغا تەكلىپ قىلغان. ئەمەلىيەتتە، خىتايدىكى (لېكسىيە قاتنىشىدىغان) تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىدى. شۇ يەنجۇن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە بۇ قۇرلار يېزىلىۋاتقان چاغدا ئوخايو شىتاتىدا سوتلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلۇق مۇۋەپپەقىيەتلىرى پەقەت CIA بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بۇ ئورگان يەنە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە سىڭىپ كىرىپ، خىتايدىكى دىپلوماتىك ئورۇنلاردا 2007-يىلدىن كەم دېگەندە 2017-يىلغىچە ئىشلىگەن ئىشخانا مۇدىرى كاندېيس كلايبورن (Candace Claiborne) نى سېتىۋالغان. ئۇ 550 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە سوۋغات بەدىلىگە خىتايلارنى قىممەتلىك ئىچكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن. كلايبورن بىر قېتىم ھۆكۈمەتنى ئالداش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مۇئاۋىن باش تەپتىش جون C. دېمېرس مۇنداق دېدى: «كاندېيس مارىي كلايبورن ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارىلانمىغان ئۇچۇرلىرىنى خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئورگىنىدا ئىشلەيدىغانلىقى ئېنىق بولغان خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ نەق پۇلغا ۋە باشقا سوۋغاتلىرىغا ساتتى. يەنە تېخى ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇپ، بۇ ئالاقىلەر توغرىسىدا قايتا-قايتا يالغان ئېيتتى».

بۇ ئەھۋاللار خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ «خىتاي ياسىمچىلىقى 2025» دەپ ئاتىلىدىغان پارتىيە پروگراممىسىغا بىنائەن پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەزكۇر پروگرامما ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق دۇنيا بازىرىنى مونوپول قىلىش ئۈچۈن چەتئەل تېخنىكىسىنى ئوغرىلاش ياكى سېتى-ۋېلىشنى مەقسەت قىلغان.

دېمېرس شۇنداق دەيدۇ: «خىتايلارنىڭ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن <خىتاي ياسىمچىلىقى 2025> پروگراممىسىنىڭ مۇنۇ نىشانىغا قاراش كۇپايە: سۇ ئاستى ئۇچقۇچىسىز كەزگۈ ۋە ئاپتوماتىك ماشىنىدىن تارتىپ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يەر شارى يول باشلاش سۇنئىي ھەمراھ سىستېمىسىغىچە، پولات - تۆمۈر سانائىتىدىن يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە قۇياش تېخنىكىسىغىچە، ھالقىلىق خىمىيىلىك بىرىكمىلەردىن تارتىپ كۆممىقوناق ئۇرۇقىغىچە ... خىتاي ئوغرىلار سودا مەخپىيەتلىكىنى، شۇنداقلا ھەربىي ساھەگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېكسپورتى چەكلەنگەن تاۋار ۋە مۇلازىمەتنى قاتارلىق ھەر خىل سودا ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنى نىشان قىلىدۇ» (4).

بۇ بىر قانچە ۋەقەدە، شۇنداقلا ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىنغان خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جاسۇسى سۇ بىن (Su bin)نىڭ دەسلەپكى دېلوسىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئامېرىكانىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگانلىرى خىتاينىڭ چېكىدىن ئاشقان، ۋەيران قىلغۇچ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ئالدىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىدى.

ئۇلارنىڭ خىتاي جاسۇسلۇقىغا تاقابىل تۇرال-مىغانلىقىدىن باشقا، دۆلەت ئىچىدە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇشقا مەسئۇل FBI ۋە چەتئەللەردە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇشقا مەسئۇل CIA ئىككىلىسىنىڭ خىتايغا قارىتا جاسۇسلۇق قىلىش جەھەتتە ئاپەت خاراكتېرلىك مەغلۇبىيەتلىك ئۆتمۈشى بار.

FBI ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا لوس ئالاموس (Los Alamos) تەجرىبىخانىسىدىكى يادرو ئالىمى ۋېن خولى (Wen Ho Lee) دېلوسىدا بىر چوڭ مەغلۇبىيەت يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ مەخپىي يادرو مەخپىيەتلىكىنى خىتايغا يەتكۈزۈش بىلەن ئەيىبلەنگەن. FBI ۋېن خولىغا قارىتىلغان تەكشۈرۈشتە خاتالىشىپ، ئاخىرىدا ئۇنى جازاسى (دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى سېتىش جىنايىتىنىڭكىدىن) خېلىلا يېنىك بولغان «مەخپىي ھۆججەتلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىش جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلەش بىلەن بولدى قىلغان.

ئىككىنچى قېتىملىق جاسۇسلۇققا قارشى مەغلۇبىيەت **2003**-يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا **FBI** ئۆزىنىڭ خىتاي رەھبىرى جياڭ زېمىنغا يېقىن بولغان، لوس ئانژېلېستىكى ئەتىۋارلىق جاسۇسى كاترىنا لىياڭ **(Katrina Leung)**نىڭ خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرى ئۈچۈن مەخپىي ئىشلەۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ۋېن خولىنىڭ دېلوسىدىكىگە ئوخشاش، كاترىنا لىياڭنىڭ **FBI** نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى خادىملارنى باشقۇرغۇچىسى بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ باشلىقى بىلەن «مۇناسىۋىتى» بارلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىمۇ توختاپ قالغان. ئۇنىڭغا ئارتىلغان جاسۇسلۇق جىنايىتى بىكار قىلىنىپ، ئۇمۇ خو ۋېنلىغا ئوخشاش ئازراقلا جازاغا تارتىلىپ قۇتۇلغان. ئەمەلدارلار ماڭا كاترىنا لىياڭنىڭ قوش تەرەپلىك جاسۇسلۇق پائالىيىتىنىڭ ئاقسارايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىغا يالغان ۋە ئازدۇرغۇچى ئىستىخباراتلارنى تەمىنلىگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، **FBI** نىڭ خىتايغا ئالاقىدار ئىستىخبارات توپلايدىغان باشقا جاسۇسلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشۇشلۇق ھالدا «قارا سۇۋىيالىغان»لىقى ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان يىگىرمە يىللىق ئىستىخبارات ھەرىكىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

**CIA** غا نىسبەتەن، ئۇنىڭ ئاپىتى **2018**-يىلى ئاشكارىلاندى. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، زىيان ھەقىقەتەن «ئاپەت خاراكتېرلىك» بولدى. **2010**-يىلدىن باشلاپ **2012**-يىلغىچە، **CIA**نىڭ خىتاي ۋە باشقا جايلاردىكى جاسۇسلىرىدىن ئوتتۇزى بايقىلىپ، گاھىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، گاھىلىرى تۈرمىگە تاشلاندى. يۇقىرى دەرىجىلىك جاسۇسلۇققا قارشى تۆرۈش ئورگىنى بولغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، **CIA** نىڭ خىتايدىكى بارلىق ئىنسانىي ئىستىخبارات بايلىقلىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك ۋەيران قىلىۋېتىشى بىر قېتىملىق زور ئۇتۇق بولۇپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئوغرىلانغان ئامېرىكا تېخنىكىلىرىنىڭ ياردىمىدە، خىتاينىڭ يادرو ۋە ئادەتتىكى ھەربىي كۈچىنى كەڭ كۆلەمدە زورايتى-ۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدا ئىستىخبارات توپلىشى توسۇلۇپ قالدى.

**CIA** نىڭ (خىتايدىكى) جاسۇسلۇق تورىنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) ۋەيران قىلىنىشى بىر تەرەپتىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىستىخبارات نىشانى (خىتاي) ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنىڭ كەمچىللىكىگە سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن **CIA** نى ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق تورى ۋەيران قىلىنىشتىن بۇرۇن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئۇچۇرلارنىڭ قانچىلىكىنىڭ توغرا، قانچىلىكىنىڭ بىپىجىڭنىڭ **CIA** نى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە نىشانىنى تەھلىل قىلىش جەھەتتە قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن تارقاتقان يالغان ئۇچۇرلار ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا گاڭگىرىتىپ قويدى.

ھاياتىنىڭ خەۋپكە دۇچ كېلىشىگە قارىماي ئامېرىكانى ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىگەن بۇ كىشىلەرنى قوغدىيالماسلىق كەلگۈسىدىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار چوقۇم **CIA** نىڭ قانداقسىگە بۇ قەدەر يارىماسلىق قىلغانلىقىنى سورىشىدۇ. ئالدىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ئامېرىكانىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئىستىخباراتلىرى ئاللىقاچان بۇرمىلىۋېتىلگەندى. ئەمدىلىكتە جاسۇسلارنىڭ يوقىتىلىشى سىياسىيلىشىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى ھەمدە بۇ خىل بىرىكىش مۇھىم قارار چىقارغۇچىلار، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ۋە ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتىنى تولۇق چۈشىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ ھەقتە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، زىيان يەنە داۋاملىشىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، (ئامېرىكانىڭ) خىتايدىكى ئىنسانىي ئىستىخبارات مەنبەلىرىنىڭ كەمچىل بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئالدامچىلىقىغا تېخىمۇ ئاسان دۇچار بولىدۇ ۋە ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئېلېكتىرونلۇق ئوغرىلىقچە تىڭشاش ۋە شىفىر يېشىش سىستېمىسىنى يالغان ۋە ئازدۇرغۇچى ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ.

خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ CIA نىڭ خىتايدىكى ھەرىكىتىنى قانداق بىتچىت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تولۇق ھېكايە تېخى ئاشكارىلانمىدى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئەمەلدارلىرىمۇ 2019- يىلىدا يەنىلا بۇ ئىشلارنىڭ ئومۇمىي تەپسىلاتىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ يۈردى.

ھالبۇكى، بۇ ھەرىكەتنى پىششىق بىلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ قارىشىچە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئەنئەنىۋى جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، CIA نىڭ بىر خادىمىنى ياكى بىر قانچىلىغان خادىملىرىنى سېتىۋالغان، شۇنداقلا جاسۇسلۇققا قارشى تېخنىكىلىق بۇسۇش ئارقىلىق، CIA نىڭ نەق مەيدان جاسۇسلىرى ئالاقىلىششتا ۋە چەتئەللەردە ياشايدىغان كىشىلەردىن ئۇچۇر توپلاشتا ئىشلىتىدىغان بىخەتەر خەۋەرلىشىش سىستېمىسىغا سوقۇنۇپ كىرگەن.

CIA نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مارك كېلتون (Mark Kelton) خىتايدىكى جاسۇسلارنىڭ يوقىتىلىشى ھەققىدە باھا بېرىشنى رەت قىلدى، ئەمما ئۇ خىتاينىڭ ئىستىخبارات ھەرىكىتىنى «بوران» دەپ تەسۋىرلىدى. CIA نىڭ جاسۇسلىرىنىڭ يوقىتىلىش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان كېلتون مۇنداق دېدى: «ئامېرىكاغا قارىتىلغان <خىتاي ئىستىخبارات بورىنى> ئامېرىكاغا قىلىنغان مەخپىي ھۇجۇم بولۇپ، 1930- ۋە 1940 - يىللاردىكى موسكۋانىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئامېرىكا بۇ قەدەر كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچراپ باققان ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق تارىخىدىكى ئاتالمىش <ئالتۇن دەۋر>دىكىگە ئوخشاش، بېيجىڭنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى پەقەت خىتاي جاسۇسلىرى قولغا ئېلىنغان ياكى شىددەتلىك تور ھۇجۇمى بايقالغاندىلا كىشىلەرنىڭ ئاندا – ساندا دىققىتىنى قوزغاۋاتىدۇ» (5).

خىتاينىڭ ئىلگىرى ئامېرىكاغا قارشى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئامېرىكانىڭ يادرو قورال ئامبىرىدىكى كىچىك W88 ئوق بېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئوق باشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىيەتلىكنى جاسۇسلۇق ئارقىلىق ئوغرىلىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېلتوننىڭ ئەسكەرتىشىچە، خىتايلار ئىندەككە كەلتۈرىدىغان ئامېرىكالىقلارنى تاللاشتا كاترىنا لىياڭغا ئوخشاش خىتاي نەسىللىكلەر بىلەنلا چەكلەنمەس بولغان. نۆۋەتتىكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سېتىۋېلىش ئوبيېكتى خىتاي ئارزۇ قىلغان مەخپىيەتلىكلەرگە ئېرىشەلەيدىغان بارلىق ئامېرىكالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەخپىيەتلىكلەر ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان خىتايلارغا ئالاقىدار جاسۇسلۇققا قارشى ئىستىخباراتلار ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىكى، ھەتتا خىتاينىڭ ھەربىي ۋە يۇقىراۋى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە سانائەتلەشتۈرۈش پروگراممىلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئوچۇق- ئاشكارە ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئامېرىكانىڭ خىتايدىكى جاسۇسلىرىنىڭ يوقىتىلىشىنىڭ زىيىنى خىتاي ئىستىخباراتى ئېلىپ كەلگەن خەتەرنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئالاھەزەل 2010 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئامېرىكا ئىستىخبارات خادىملىرى خىتايدىكى بىر قانچە جاسۇس تەمىنلىگەن ئىستىخبارات سۈپىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنلىكىنى بايقىغان. بۇ جاسۇسلار خىتاينىڭ غايەت زور ھۆكۈمەت سىستېمىسى ئىچىدىن سېتىۋېلىنغان ياكى ئۇنىڭ مەخپىيەتلىككە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئىدى. ئادەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچىدە يامراپ كەتكەن چىرىكلىكتىن ئۈمىدسىزلەنگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى ئامېرىكالىقلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ خىتايدىكى چىرىك رەھبەرلىك قاتلىمىنى پاش قىلىپ، ئاخىرىدا خىتاي كومپارتىيەسىنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، كوممۇنىستىك تۈزۈمنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىغا ئالاقىدار ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىگە تەڭلەنگەن پۇل ئۈچۈن

مەخپىيەتلىكلەرنى ساتىدۇ، ئەلۋەتتە.

خىتايدىن كەلگەن ئىستىخباراتلارنىڭ سۆپىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىشى **CIA** نىڭ باش شتابىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر ئەنە شۇ يەردە **2010**-يىلى **CIA** نىڭ ئىدارە باشلىقى لېئون پانېتتا **(Leon Panetta)**غا خەۋەر قىلىندى. ئۇ بۇ ئىدارىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرىغا (خىتايدىكى) جاسۇسلۇق تورىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقىنى، (ئەگەر ئۇچرىغان بولسا) بۇنىڭ تېخنىكىلىق بۇزغۇنچىلىقنىڭ نەتىجىسى ياكى ئەڭ ناچار ئەھۋالدا جاسۇسلۇق تورىدىن بىرەر خىيانەتچى چىقىپ، خىتاي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى.

ئىلگىرى **CIA** نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئەمەلدارى ئالدرىچ ئېيمىس **(Aldrich Ames)** ئۆز ئىدارىسىگە خائىنلىق قىلىپ، موسكۋاغا **1985**-يىلدىن **1993**-يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە روسىيەدە قوبۇل قىلىنغان **CIA** نىڭ بارلىق جاسۇسلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. **2010**-يىلىنىڭ ئاخىرىدا (ئامېرىكانىڭ خىتايدىكى جاسۇسلىرى تەمىنلەيدىغان) قىممەتلىك ئىستىخباراتلار تەلتۆكۈس تۈگەپ، جاسۇسلار ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشكە باشلىغاندا دەسلەپكى تەشۋىش تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇنىڭ زىيىنى **2013**-يىلغىچە داۋاملاشتى.

**FBI** نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى ئەنئەنىۋى جاسۇسلۇق قارشى ئۇسۇللاردىن تۈزۈلگەن نەزەرىيەگە ئاساسەن خىتاينىڭ ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەھلىل قىلىدىغان ئالاھىدە خىزمەت ئەترىتىدە **CIA** نىڭ خادىملىرى بىلەن بىللە ئىشلەشكە چاقىرىلدى. دەرىجىدىن تاشقىرى مەخپىي بولغان بۇ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە «ھەسەل بورسۇقى» **(Honey Badger)** دەپ مەخپىي نام بېرىلدى. جاسۇسلار ۋە خادىملار خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلارنى قانداق تاپقانلىقى ھەققىدە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدىغان دوكلات ۋە ھەرىكەتلەرنى تەپسىلىي قېدىرىشقا باشلىدى.

(بۇنىڭ نەتىجىسىدە) «تېخنىكىلىق بۇزغۇنچىلىق» ۋە «جاسۇسلۇق تورى ئىچىدىكى خائىن»دىن ئىبارەت ئۆزئارا رىقابەتلىك ئىككى خىل پەرەز ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ھەقتە قاتتىق بەس - مۇنازىرە قىلىشتى. تەكشۈرۈشنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، جاسۇسلۇققا قارشى خادىملار توختىماي ناچار خەۋەرلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋەردى، «يەنە بىر جاسۇسىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق» دېگەن سۆز ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ئەڭ قاباھەتلىك چۈشىنى رەھىمسىز رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

**CIA**، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، **FBI** ۋە ئامېرىكانىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرىدىكى يوشۇرۇن خائىنلارنىڭ تىزىملىكى تۈزۈلۈپ، ھەر بىر گۇماندارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەكشۈرۈلدى.

مەزكۇر جاسۇسلۇققا قارشى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچىدە، **FBI** نىڭ بىر تۈركۈم ئەمەلدارلىرى «خىتايلار مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى روياپقا چىقىرىپ، **CIA** خىتايدىكى جاسۇسلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىش ئۇچۇن بەرپا قىلغان، بىخەتەر دەپ قارىلىپ كەلگەن خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن» دەپ قارىغان. **CIA** ئىككى خىل سىستېمىنى قوللىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى يېڭى قوبۇل قىلىنغان جاسۇسلار بىلەن، يەنە بىرى پېشقەدەم جاسۇسلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشتا ئىشلىتىلەتتى. بۇ ئىككى سىستېما ئايرىم ھالەتتە تۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى بۇ ئىككى ئالاقە ئۇلىنىشىنىڭ ئالللىقانداق شەكىلدە بىرلىشىپ، ئېلېكترونلۇق سىڭىپ كىرىش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشتى. **CIA** نىڭ خادىملىرى بۇ سىستېمىغا سىڭىپ كىرگىلى بولمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

چەتئەل ئىستىخبارات خادىمىنىڭ **CIA** نىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزلەرمۇ يوشۇرۇن جاسۇسنىڭ سۆپىتىگە ماس كېلىدىغان سابىق جاسۇس - جېررىي چۈن شىڭلى **(Jerry Chun Shing Lee)** تۇيۇقسىز بايقالغانغا قەدەر قاتتىق بەس - مۇنازىرە قىلىنغانىدى.

جېررىي چۈن شىڭلىنىڭ خىتايچە ئىسمى زېن

چېڭلى(Zen ChengLi) بولۇپ، ئۇ CIA نىڭ خوڭكوڭدا ياشايدىغان سابىق خادىمى بولۇپ، تەكشۈرگۈچىلەر ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مەخسۇس خوڭكوڭدا خىزمەت قىلىدىغان «دۆلەت مۇداپىئە ئىدارىسى» دېيىلىدىغان مەخپىي تارمىقىنىڭ بىر قانچە خادىمى تەرىپىدىن ئىندەككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى.

جېررىي لى خوڭكوڭدا تۇغۇلۇپ، ھاۋايدا چوڭ بولغان ئامېرىكا پۇقراسى. ئۇ 1982-يىلىدىن 1986-يىلىغىچە ئامېرىكا ئارمىيەسىدە تۇرغان، 1992-يىلى ھاۋاي تىنچ ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا سودا كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى، 1993-يىلى ئادەم كۈچى بايلىقلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان.

1994-يىلى جېررىي لى CIA غا كىرگەن ۋە مەزكۇر ئورگاننىڭ مەخپىي تارمىقىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىغان ۋە بۇ جەرياندا ۋىرگىنىيە شىتاتىنىڭ ۋىللىيامىسبۇرگ ئەتراپىدىكى CIA نىڭ «دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتىلىدىغان مەشىق مەركىزىدە مەخپىي ئىستىخبارات توپلاش ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن. CIA نىڭ ئىدارە باشلىقى جون برېننان (John Brennan) ئوباما ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بۇ ئىدارىنىڭ ھەرىكەت باشقارمىسىنى سىياسىيلاشتۇرماقچى بولغانغا قەدەر، بۇ «دېھقانچىلىق مەيدانى» CIA نىڭ ئىستىخبارات خادىملىرىنى تەربىيىلەش لاگېرى بولۇپ كەلگەنىدى. برېننان كۆپىنچىسى سىياسىي جەھەتتە ئەركىن بولغان تەھلىلچىلەر ۋە تېخنىكلار بىلەن ئىستىخبارات خادىملىرىنى ئارىلاشتۇرىدىغان يېڭى سىستېما قۇرۇپ چىقتى، شۇنداقلا ئىدارە خادىملىرىنىڭ «دېھقانچىلىق مەيدانى»دا ئىككى ھەپتىلىك كۇرسقا تىزىملىتىپلا، «كەسپىي» ئىستىخبارات خادىمىغا ئايلىنىشىغا يول قويدى. CIA نىڭ ھەرىكەت باشقارمىسىدىكى ئەنئەنچىلەر بۇ ئىشتىن نەپرەتلەندى ۋە ئۇنى ھەرىكەت باشقارمىسىنىڭ رولىنى سۇسلاشتۇرىدىغان ۋە ئاجىزلاشتۇرىدىغان سىياسىي جەھەتتىكى كۆپ خىللىق تەدبىرى دەپ قارىدى. تېخىمۇ چاتاق يېرى شۇكى، تەھلىلچىلەر-نىڭ كۆپىنچىسى جاسۇس قوبۇل قىلىش تەجرىبىسىنىڭ ئاز ياكى يوق بولۇشىغا قارىماستىن، پونكىت باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

جېررىي لى 1999-يىلىدىن 2002-يىلىغىچە ئاسىيادىكى توكيو قاتارلىق بىر قانچە جايغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن. 2000-يىللارنىڭ بېشىدا CIA نىڭ باش شتابىدىكى شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمىدە ۋە بېيجىڭدا خىزمەت قىلغان. ئۇ 2007-يىلى بۇ ئىدارىدىن ئايرىلغان ۋە خوڭكوڭغا كەتكەن. كۆپىنچە چەتئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا ئوخشمايدىغىنى، CIA ئۆزىنىڭ سابىق مەخپىي ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتاي ياكى ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاستىدىكى دۆلەتلەرگە ئوخشاش، دۈشمەن جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىش خەۋپى بولغان «دۈشمەن ئاخبارات مۇھىتى»لىرىدا ئىشلىشىنى چەكلىمەيدۇ. 2000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە خوڭكوڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ بارغانسېرى چېكىدىن ئېشىۋاتقان جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن جاسۇس توپلايدىغان ئاساسلىق يەرگە ئايلانغان.

جېررىي لى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى توكيودىكى ياپونى-يە بىخەتەرلىك خادىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىغا تايىنىپ، 2007-يىلى ياپونىيە خەلقئارالىق تاماكا شىركىتى (JTI)دە بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتكە چۈشكەن. مەزكۇر شىركەت ئۇنىڭ ئانا شىركىتى JT گۇرۇھى 1999-يىلى R.J.Reynolds شىركىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ سىرتىدىكى تىجارەتلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن قۇرۇلغانىدى. جېررىي لى خىتاينىڭ «ياپونىيە خەلقئارالىق تاماكا شىركىتى»نىڭ ماركىسىنى قوللىنىپ، خىتاي ۋە چاۋشيەندە ساختا تاماكا ياسىشىغا قارشى خىزمەت قىلغانىدى. ئەمما جېررىي لى بۇ شىركەتتىكىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغاندىن كېيىن، شىركەت 2009-يىلى ئۇنى خىزمەتتىن بوشاتقان ۋە 2010-يىلى FBI غا بۇ ھەقتە قاتتىق

ئەسكەرتىش بەرگەن. بۇ شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى جېررىي لىنىڭ ياپونىيە تاماكا شىركىتىدە ئىشلەشنى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە خىتاي ئىستىخباراتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانغانلىقىنى **FBI** غا ئۇقتۇرغان.

ياپونىيە خەلقئارالىق تاماكا شىركىتىنىڭ سابىق ئىجرائىيە ئەمەلدارى «جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى» گېزىتىگە مۇنداق دېدى: «بىز جېررىي لى شىركىتىمىزدە خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى يىلدىلا مەسىلە بارلىقىنى بايقىغانىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا بىز بۇنى ئىسپاتلىيالمىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ساختا تاماكا ياساش ۋە ئەتكەسچىلىككە ئالاقىدار تەكشۈرۈشلىرىمىزنىڭ تەپسىلاتلىرىنى، جۈملىدىن بۇ جەھەتتە غەرب قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىنتايىن پىششىپ يېتىلگەن تەشكىللىك جىنايەتچىلەر تورىنى ۋە چاۋشىيەننى نىشان قىلغان ھەرىكەتلىرىمىزنى خىتايغا ئاشكارىلاپ قويغانلىقىدىن گۇمانلانغانىدۇق».

جېررىي لى خىتايغا شەپە بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تاماكا ئەتكەسچىلىكىگە قارىتىلغان تەكشۈرۈش سۇغا چىلاشقان. ئۇشبۇ ئىجرائىيە ئەمەلدارى يەنە مۇنداق دېدى: «تەكشۈرۈشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە سېتىۋېلىنغان بىر قانچە ساختا مالنى خىتاي دائىرىلىرى تارتىۋالدى ياكى ئاللىقانداق شەكىلدە غايىب بولدى، بىزنىڭ توختاملىق تەكشۈرگۈچىلىرىمىزدىن بىرى قولغا ئېلىنىپ خىتايدا تۈرمىگە تاشلاندى».

**2010**-يىلى، ياپونىيە خەلقئارالىق تاماكا شىركىتىنىڭ بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ جېررىي لى ۋە خىتايلار ھەققىدىكى گۇمانىنى **FBI** غا ئۇقتۇردى. ئەمما **FBI** بۇنىڭغا ئېرەنسىمىدى ۋە شۇ سەۋەبلىك بۇ دېلونىڭ بولغۇسى زىيىنىنى چەكلەش پۇرسىتى قولدىن كەتتى. بۇ **1990**-يىللارنىڭ ئاخىرىدا كلىنتون ھۆكۈمىتى دەۋرىدە باشلانغان بىر قاتار ئىچكى ئىسلاھاتلاردىن كېيىن، ئىستىخباراتقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغان **FBI** نىڭ يەنە بىر قېتىملىق جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش مەغلۇبىيىتى ئىدى.

**2009**-يىلى ياپونىيە خەلقئارالىق تاماكا شىركىتى جېررىي لىنىڭ توختامىنى بىكار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ **2010**-يىلى **6**-ئايدا سودا ھەمراھى ۋە خوڭكوڭنىڭ سابىق ساقچى ئەمەلدارى بارىي چېڭ كام-لۇن **(Barry Cheung Kam-lun)** بىلەن شېرىكلىشىپ، **FTM International** دەيدىغان شىركەتنى قۇرغان. بۇ شىركەتنىڭ بىردىنبىر مەقستى خىتاينىڭ دۆلەتلىك تاماكا مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى **(**国家烟草专卖局**)**گە ۋاكالىتەن چەتئەل تاماكىلىرىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلىش ئىدى. **2011**-يىلى **12**-ئايغا كەلگەندە، جېررىي لى **FTM** شىركىتىدىكى پېيىنى چېڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكاغا قېچىپ كەتكەن سابىق ئەمەلدارى لى فېڭجى **(Li Fengzhi)** مۇنداق دېدى: خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىككى ۋەزىپىسى بار: **(1)** خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغداش **(2)** خىتايدا ۋە چەتئەللەردە خىتاي پۇقرالىرى ۋە چەتئەللىكلەرگە قارىتا جاسۇسلۇق ۋە جاسۇسلۇققا قارشى ھەرىكەت قىلىش. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ **50** پىرسەنتتىن كۆپرەكى خىتايدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. لى فېڭجى ئۆزى خىزمەت قىلغان ۋاقىتلىرىدىلا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىتايدىكى جاسۇسلىرىغا قارشى شىددەتلىك ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا قولغا چۈشكەنلەرنىڭ قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ئاساسەن تۈرمىگە تاشلىنىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى نازارەت قىلىشقا ناھايىتى ماھىر، ئۇلار ھەم پايلاقچىلار قوشۇنىنى ئىشقا سالىدۇ، ھەم ئېلېكترونلۇق ۋىدىيولۇق ۋە ئاۋازلىق نازارەت قىلىدۇ».

ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلىرى يەنە چەتئەل ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنى ياكى ئۇلارنىڭ خىتايدا ئىشقا سېلىنىۋاتقان، چەتئەل ئىستىخبارات ئورگان-

لىرىغا سادىقتەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان جاسۇسلارنى سېتىۋېلىپ، قوش تەرەپلىك جاسۇسلۇققا سېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا ھېلىھەم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ كەسپىي ۋە كەسپىي بولمىغان ئىستىخبارات خادىملىرى ئىشقا سېلىنغان جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش تارمىقى بۇ مىنىستىرلىقتىكى ئەڭ چوڭ ئورگانلارنىڭ بىرىدۇر. جېررىي لى ماڭا مۇنداق دېدى: «خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى يەنە خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا تولىمۇ ماھىر».

جېررىي لى CIA دىكى چېغىدا، سەزگۈر ئىستىخبارات توپلاش مەشغۇلاتى ۋە ئۇسۇللىرىغا دائىر تەپسىلاتلار بىلەن بىللە، CIA نىڭ نۇرغۇن خادىملىرىنىڭ كىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەم كۈچى مەنبەسىنىڭ كىملىكىگىمۇ ئېرىشەلەيتتى.

2010 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جېررىي لى خىتاينىڭ شېنجېن شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ لىياڭ (Leung) ۋە ساڭ (Tsang) دەپ تونۇلغان ئىككى نەپەر ئىستىخبارات خادىمى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ ئۇچىلىسى گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىشەتتى. بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، بۇ ئىككى خادىم جېررىي لىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ CIA ئارقا كۆرۈنۈشىدىن خەۋىرى بارلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئوخشاش كەسپتە (جاسۇس) ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. لىياڭ (Leung) ۋە ساڭ (Tsang) جېررىي لىغا 100 مىڭ دوللار نەق پۇل سۇڭغۇتكەن ۋە بۇ پۇلنىڭ ئۇنىڭ خىتاي ئىستىخباراتى بىلەن ھەمكارلىشىش «بەدىلى» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇلار يەنە جېررىي لىنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن.

شېنجېندىكى ئۇچرىشىشتىن 15 كۈن كېيىن، جېررىي لى خوڭكوڭدا CIA نىڭ بىر خادىمى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا لىياڭ (Leung) بىلەن ساڭ (Tsang)نىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن – يۇ، ئەمما خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ نەق پۇلى ۋە ۋەدىسىنى تىلغا ئالمىغان. 5-ئاينىڭ 14-كۈنى، جېررىي لى 17 مىڭ 468 ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى خوڭكوڭ دوللىرىنى بانكىغا قويغان (بۇ 2013-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن جېررىي لىغا بېرىلگەن «نەچچە يۈز مىڭ دوللار»لارنىڭ تۇنجىسى ئىدى).

شۇ ئايدىن كېيىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى جېررىي لىغا بىر يۈرۈش يازما تەلەپلەرنى ئەۋەتكەن. بۇ تەلەپلەر جېررىي لىنىڭ FTM شىركىتىدىكى ھەمكارلاشقۇچىسى چېڭ تەرىپىدىن لىغا بېرىلگەن كونۋېرتلارغا قويۇلغان. تەلەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە CIA ھەققىدىكى سەزگۈر ئۇچۇرلار تەلەپ قىلىنغان، بولۇپمۇ CIA خىتاي ۋە باشقا جايلاردا قوبۇل قىلغان جاسۇسلار (ھەققىدىكى ئۇچۇرلار) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لىياڭ (Leung) بىلەن ساڭ (Tsang) كەم دېگەندە 21 قېتىم ئۇچۇر تەلەپ قىلغان ۋە بۇ خىل تەلەپلەر 2011-يىلغىچە داۋاملاشقان.

لى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن ھۆججەتلەرنىڭ بىرى، CIA نىڭ مۇئەييەن ئەمەلدارلىرى ئىشلەتكەن بەزى ئورۇنلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە مەلۇم بىر سەزگۈر CIA ھەرىكىتىنىڭ ئورنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنى CIA نىڭ خىتايدىكى ئەسلىھەلىرىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى بىلەن تەمىنلىگەن.

جاسۇسلۇق پائالىيىتى جەريانىدا، جېررىي لى ئېلخەتتە چېڭدىن «خىتايدىكى دوستلىرى بىلەن كۆرۈشكەن-كۆرۈشمىگەنلىكى»نى سورىغان، چېڭ بۇنىڭغا جاۋابەن: «خىتايدىكى دوستلار تېخى تېلېفون قىلمىدى... سەن دوستلاردىن بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغان. ئاندىن جېررىي لى جاۋابەن: «بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمى-

ساقلا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن دوستلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن» دېگەن.

**2012** - يىلى **3** – ئاينىڭ **8** - كۈنى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، جېررىي لى قايتىدىن **CIA** غا ئىشقا چۈشمەكچى بولۇپ، ۋىرگىنىيە شىتاتىنىڭ ماكلېئان (**McLean**)دىكى باش شىتابىدا مەلۇم بىر بىخەتەرلىك خادىمى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭدىن ئۆتكەن ئىككى يىلدا خىتايغا بارغان - بارمىغانلىقى سورالغاندا، ئۇ يالغان ئېيتىپ «بارمىدىم» دېگەن.

بىر ئايدىن كېيىن، جېررىي لى خىتاينىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىگە بېرىپ، خوڭكوڭغا قايتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىدىكى باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن.

مەزكۇر جاسۇسلۇق دېلوسىدا **2012**-يىلى **8**-ئايدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش كۆرۈلگەن، ئەينى ۋاقىتتا جېررىي لى ئامېرىكا ئىستىخباراتقا قارشى تۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە **CIA** تەرىپىدىن ئامېرىكاغا ئالداپ ئەكېلىنگەن. ئۇ خوڭكوڭدىن ۋىرگىنىيە شىتاتىنىڭ فەيرفەكس (**Fairfax**)قا كېلىش جەريانىدا، ھونولۇلۇدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغان. جېررىي لى ھاۋايدا تۇرغان مەزگىلدە، **CIA** ئۇنىڭغا قارىتىلغان جاسۇسلۇق دېلوسىدىكى مەلۇم بىر ھالقىلىق ئىسپاتنى تويلىغان.

بىر گۇرۇپپا جاسۇسلار **FBI** نىڭ جىسمانىي ۋە ئېلېكترونلۇق جەھەتتىكى قاتتىق نازارىتى ئاستىدا، جېررىي لىنىڭ مېھمانخانا ياتىقىنى مەخپىي ئاختۇرغان. ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى جاسۇسلۇققا قارشى ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ «جېررىي لى **CIA** نىڭ خىتايدىكى جاسۇسلىرىنىڭ يوقىتىلىشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق گۇمانىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ «جېررىي لى خىتايغا سېتىلغان» دېگەن پەرەزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

جېررىي لىنىڭ يۈك - تاقىسىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان ئىككى دانە خاتىرە دەپتەردە قولدا يېزىلغان خاتىرىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكا-نىڭ خىتايدىكى جاسۇسلىرى بىلەن كۆرۈشۈش، مەشغۇلات يىغىن ئورنى، تېلېفون نومۇرى، قوبۇل قىلىنغان كىشىلەر (جاسۇسلار)نىڭ ھەقىقىي ئىسمى ۋە نىقابلاش ئەسلىھەلىرى توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئۇچۇرلار بار ئىدى. بۇ ئۇچۇرلار كېيىنچە سوت ھۆججەتلىرىدە **CIA** نىڭ خىتايدىكى جاسۇسلۇق تورى ۋە ئەسلىھەلىرى توغرىسىدىكى مەخپىي ھەم قەتئىي مەخپىي ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرى دېيىلگەن.

ئىزدەش جەريانىدا تېپىلغان بارماق دىسكىدا يەنە جېررىي لى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئۇچۇن تۈزۈپ بەرگەن، **CIA** نىڭ خىتايدىكى سەزگۈر ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتمۇ بار ئىدى. ئۇچىنچى دەلىل-ئىسپات لىياڭ (**Leung**) بىلەن ساڭ (**Tsang**) تەمىنلىگەن ئىككىنچى تېلېفون نومۇرى ئىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئىككى ئەمەلدارى **CIA** نىڭ سابىق ئايال ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى بىللە ئىشلىگەن خىتاي جاسۇسلار ۋە ئۆزى ئىشلىگەن ئورۇنلار ھەققىدە سورىغاندا، ئاللىقاچان **CIA** ۋە **FBI** خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان جېررىي لىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بىلەن بولغان ھەمكارلىقى تېخىمۇ بۇزۇلغان.

(شۇنداق قىلىپ) جېررىي لى **CIA** تەرىپىدىن قايتا تەكلىپ قىلىنمىدى. شۇنداقلا، **CIA**ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن خائىن سۈپىتىدە گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. جېررىي لى يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ **CIA** نىڭ (خىتايدىكى) جاسۇسلۇق تورىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، **FBI** نىڭ جېررىي لىنى قولغا ئېلىشىغا يەنە بەش يىل ۋاقىت كەتتى. جاسۇسلۇق دېلولىرىنى تەكشۈرۈش قىيىن، ئەرز قىلىش تېخىمۇ قىيىن. خىزمەت ئەترىتى جېررىي لىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ نەچچە يىلدا ئۇنى سىرتتا ياشاپ تۇرۇشقا قويۇۋېتىدۇ. **FBI** «ئۇنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرساق، ئۇ بۇ جەريانىدا

جاسۇسلۇققا قارشى ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنى ئۆزىنىڭ خائىنلىقىغا دائىر تېخىمۇ كۆپ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئۈمىدتە شۇنداق قىلغانىدى.

2019-يىلى 4-ئايدا جېررىي لى جاسۇسلۇق جىنايىتىنى ئىقرار قىلغاندا ئاشكارىلانغان پاكىت باياناتىغا قارىغاندا، ئۇ 2010-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 2018-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنى ھۆججەت ۋە ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىگەن.

باياناتتا مەزكۇر ۋەيران قىلغۇچ دېلو توغرىسىدىكى بىر قانچە سوئالغا جاۋاب بېرىلدى. مەسىلەن، جېررىي لىنىڭ سودا ھەمراھى چېڭنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا 2010-يىلى 4-ئايدا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئىككى نەپەر ئەمەلدارى بىلەن جېررىي لىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى مەلۇم بولدى. شىنجېنىدىكى كۆرۈشۈشتە، بۇ ئىككى خادىم جېررىي لىغا 100 مىڭ دوللار نەق پۇل بەرگەن. پىخسىقلىقتا سېسىق نامى پۇر كەتكەن، پۇل خەجلەپ جاسۇس سېتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئۆزى بىلەن مۇۋەقەداش كوممۇنىستلارنىڭ ۋە باشقا چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىدىئولوگىيەسىگە بولغان ساداقىتى سەۋەبلىك ئۆزلىرى ئۈچۈن (ھەقسىز ياكى تۆۋەن ھەق ئېلىپ) خىزمەت قىلىشىنى خالايدىغان (خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا ئوخشاش) جاسۇسلۇق تەشكىلاتىغا نىسبەتەن بۇ تولىمۇ كۆپ پۇل ئىدى. ئاندىن، (يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغىنىدەك) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى جېررىي لىغا ھەمكارلىقى بەدىلىگە ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆمۈرۋايەت خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شىنجېنىدىكى كۆرۈشۈشتىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، CIAنىڭ خىتايدا قوبۇل قىلغان قىممەتلىك جاسۇسلىرى كەڭ كۆلەمدە ئۆلۈشكە باشلىدى، شۇنداقلا جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى بۇنىڭ جېررىي لىنىڭ خائىنلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى جەزم-لەشتۈردى.

تەپتىش ئەمەلدارلىرى جېررىي لىنىڭ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىش كېلىشىمىنى ئېلان قىلغاندا، CIA نىڭ (خىتايدا) يوقىتىلغان جاسۇسلىرىنى تىلغا ئالمىدى.

ئامېرىكانىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ شەرقىي رايونىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى گ. زاكارى تېرۋىللىگېر (G. Zachary Terwilliger): «جېررىي لىغا ئوخشاش ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ خۇپىيانە مەخپىيەتلىكلىرى ھاۋالە قىلىنغان ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇ مەخپىي ئۇچۇرلارنى قوغداشتا غايەت زور مەسئۇلىيىتى بار» دېدى.

تېرۋىللىگېر باياناتىدا مۇنداق دېدى: «جېررىي لى بۇ مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلىماسلىق ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئورنىغا، دۆلىتىنى سېتىۋەتتى. چەتئەل ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىلمىشى ھەققىدە تەكشۈرگۈچىلەرگە كۆپ قېتىم يالغان ئېيتتى».

«بۇ ئەيىبلەش ئېلىمىزنىڭ مەخپىيەتلىكىگە زىيان سالىدىغان ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىدىغان باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك».

«CIA نىڭ خىتايدىكى جاسۇسلىرى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تۈرمىگە تاشلانغان» دەپ قارايدىغانلار جېررىي لىنىڭ جاسۇسلۇقى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش تارمىقىنىڭ ئامېرىكا جاسۇسلۇق تورىنى ۋەيران قىلىش سۈرئىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ دەپ قارىغان. ئەكسىچە، بۇ خىل قاراشتىكى جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى (CIA نىڭ) يېڭى جاسۇسلار بىلەن ئالاقىلىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىنتېرنېت ئالاقە سىستېمىسى پېشقەدەم جاسۇسلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى بىخەتەر بولغان ئاساسىي سىستېمىغا نامۇۋاپىق ھالدا باغلىنىپ قالغان دەپ قارايدۇ.

خىتايدىكى جاسۇسلۇق تورى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئايرىم ۋە تېخىمۇ بىخەتەر ئاساسلىق سىستېما بىر خاتىرە كومپيۇتېر ۋە

ئۇستەل كومپيۇتېرى پروگراممىسىغا چېتىلىدۇ. گەرچە بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ھەر ئىككى سىستېمىنى ئايرىۋېتىش كېرەك بولسىمۇ، ئەمما يېڭى جاسۇسلارنىڭ ئالاقە سىستېمىسى ئاساسلىق ئالاقە تورىدىن تەلتۆكۈس ئايرىۋېتىلمىگەن. «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلى بىلەن قىلغان سۆھبەتتە بۇ بۇزغۇنچىلىق ھەققىدە توختالغان بىر سابىق ئەمەلدارنىڭ سۆزىگە كۆرە، **CIA** بۇ ئىككى سىستېما ئارىسىدىكى مۇداپىئە تېمىنى ياخشى بىنا قىلالمىغاچقا، قىسقا مۇددەتلىك سىستېمىغا كىرەلىگەنلەر يەنە بىر (ئاساسلىق) سىستېمىغىمۇ كىرەلەيدىغان بولۇپ قالغان.

خىتايلار دەل شۇنداق قىلدى. خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرى يېڭى جاسۇسلارغا ئىشلىتىلىدىغان سىستېمىغا كىرگەندىن كېيىن، (پېشقەدەم جاسۇسلارغا ئىشلىتىلىدىغان) پەۋقۇلئاددە سەزگۈر جاسۇسلۇق ئالاقە تورىغا سوقۇنۇپ كىرگەن.

خىتايدا ئىشلىتىلگەن ۋە ئۇ يەردىكى جاسۇسلارنىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان سىستېما ئوتتۇرا شەرقتىن ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىخەتەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇش رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن. بۇ سىستېما مۇرەككەپ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش تارمىقىنىڭ ھۆجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قىلىپ لايىھەلەنمىگەنىدى.

سابىق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىمى، ھەم ھاۋا ئارمىيىسى، ھەم ئىستىخبارات ھۆددىگەرلىك شىركىتى بۇز ئاللېن خامىلتون **(Booz Allen Hamilton)** ئۈچۈن ئىشلىگەن ۋە جاسۇسلۇق ئالاقە پروگراممىلىرىنى تۈزگەن مونىكا ۋىت **(Monica Witt)** ئۇشبۇ ئوتتۇرا شەرق سىستېمىسىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغانىدى. ۋىت كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، **2013**-يىلى ئىرانغا قېچىپ، ئىدىئولوگىيەلىك يۈز ئۆرۈگۈچىگە ئايلانغان.

ئامېرىكا جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر پەرىزى شۇكى، خىتايلار جاسۇسلۇق ساھەسىدە «ماياتنىك» ئىبارىسى بىلەن تونۇلغان بىر ئۇسۇلنى ئىشلەتكەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا، ئىستىخبارات ياكى بىخەتەرلىك ئەمەلدارى **CIA** نى ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا سادىق. ئاندىن بۇ ئەمەلدار يېڭى جاسۇسلارنىڭ خەۋەرلىشىش قانىلى بىلەن تەمىنلىنىدۇ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بۇ ئۇلىنىشقا ئېرىشكەندىن كېيىنلا، تېخىمۇ بىخەتەر سىستېمىغا كىرەلەيدۇ.

جاسۇسلارنىڭ خەۋەرلىشىش قانىلىنى ۋەيران قىلىش ھەرىكىتى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنى ۋە تېخنىكا جەھەتتە تېخىمۇ ئىلغار بولغان، تور ۋە ئېلېكتىرونلۇق ئىستىخبارات ئورگىنى - ئۈچىنچى باشقارما **(3PLA)**نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى جىررىي لى تەمىنلىگەن جاسۇسلارغا ئالاقىدار ماتېرىياللارغا تايىنىپ ۋە **CIA** نىڭ خەۋەرلىشىش سىستېمىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، **CIA** نىڭ خىتايدىكى جاسۇسلۇق تورىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلالىغان. ئۇلار **CIA** غا يالغان ۋە ئازدۇرغۇچى ئۇچۇرلارنى بېرىشتىن ۋە پۇرسەت كۈتۈشتىن زېرىكمىگەن. ئەكسىچە، ئۇلار **CIA** نىڭ خىتايدىكى قوبۇل قىلىنغان بارلىق جاسۇسلىرىنى بىراقلا كۆزدىن يوقىتىپ، جاسۇسلارنىڭ قانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە (**CIA** تەرىپىدىن) تەكشۈرۈش باشلىنىش خەتىرىگە تەۋەككۇل قىلغان. جاسۇسلار كۆزدىن يوقىتىلسىلا، خىتايلار باشقا ئىشلارغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلار ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى.

خىتايدىكى قوبۇل قىلىنغان تەخمىنەن **30** نەپەر جاسۇس ئىچىدە كەم دېگەندە ئۈچ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى خىتاينىڭ ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ھويلىسىدا خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدىلا بېشىغا بىر پاي ئوق ئېتىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ۋە شۇ ئارقىلىق نەق مەيداندىكى باشقىلارغا ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى ئۈچۈن ئىشلىمەسلىك ھەققىدە ئوچۇق-ئاشكارە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن.

(**CIA** نىڭ چەتئەللەردىكى) جاسۇسلۇق تورى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان «ئىستىراتېگىيىلىك ئىستىخبارات يېتەكچىلىكى» ئاستىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان **CIA**

نىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن مىڭبىر جاپادا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، شۇنداقلا بۇنىڭ سايىسىدە، CIA ئامېرىكادىكى 17 ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ «ئىنسانىي ئىستىخبارات توپلاش» جەھەتتىكى «ۋەزىپە دىرېكتورى»غا ئايلانغانىدى.

مەزكۇر بۇزغۇنچىلىق خادىملارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى زېمىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغان تېخنىكىلىق سوقۇنۇپ كىرىش ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن ئىلگىرى يۇز بەرگەن بولۇپ (3-بابقا قاراڭ)، بۇ ئىشخانىنىڭ ماتېرىياللىرى ئامېرىكا ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى ۋە مەخپىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش جەھەتتىكى بىخەتەرلىك ئىجازىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا زۆرۈر بولغان، ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم تولدۇرۇلىدىغان خۇسۇسىي ئۇچۇر جەدۋەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە CIAنىڭ تېخنىكىلىق ئىستىخبارات توپلاش جەھەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك ھۆججەتلىرىمۇ ئوغرىلاندى ۋە 2017-يىلى مەخپىيەتلىك ئاشكارىلاش تور بېكىتى «WikiLeaks»دا ئېلان قىلىندى. (توردا ئاشكارىلانغان) مەزكۇر «Vault 7» ھۆججىتىدە CIA نىڭ ۋىرگىنىيەدىكى تور ئىستىخبارات مەركىزىدىن ئوغرىلانغان ئىنتايىن سەزگۈر خاككېرلىق قوراللىرىمۇ بار ئىدى.

CIA نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى كېلتون (Kelton) مۇنداق دېدى: سۇنزى (Sun zi) نىڭ «دۇشمەنگە ئائىت بىلىملەرگە پەقەت باشقىلاردىنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن ئۆگۈتىنى بۇگۈنگە تەدبىقلاش تورغا موھتاج. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئامېرىكاغا مەخپىي ھۇجۇم قوزغىدى. بىزگە زور زىيان سالغان، ھۆكۈمەت، سودا ۋە سانائەت ساھەلىرىدىكى سەزگۈر مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ھەرىكەت جەريانىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خۇسۇسىي تەشكىلاتلىرىغا قارىتا سانىسىز تور ھۇجۇمى قوزغالغان بولۇپ، بۇنى ئاساسلىقى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۈچىنچى باشقارمىسى (3PLA) قىلغان (6). خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرى تور ھۇجۇملىرى بىلەن بىللە، تېخىمۇ كۆپ ئەنئەنىۋى ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكاغا كەلگەن قانۇنلۇق خىتاي ساياھەتچىلەر ۋە زىيارەتچىلەرگە ئۇچۇر توپلىغۇزۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ھۆكۈمەت، سانائەت ۋە سودا ساھەلىرىدىكى مەخپىيەتلىكلەرگە ئېرىشەلەيدىغان ئامېرىكالىقلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن جاسۇسلۇققا سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

كېلتوننىڭ ئېيتىشىچە، 2010-يىللارنىڭ ئاخى-رىغا بارغاندا، يەنى بېيجىڭ تېخىمۇ ئېھتىياتچان ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىپ، مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلاش ۋە جاسۇس قوبۇل قىلىش جەھەتلەردە تېخىمۇ «دادىل» ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا باشلىغاندا، خىتاينىڭ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى ئاندىن تېگىشلىك دىققەت – ئېتىبارغا «نائىل» بولغان.

ئامېرىكانىڭ دۆلەتلىك تەجرىبىخانىلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىش خىتاي ئۈچۈن بىر «نېمەت» بولدى. «خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرى ئامېرىكا دۆلەت تەجرىبىخانىلىرىنى نىشانلاشتا ئۇتۇق قازاندى ۋە بۇنىڭ شارائىتىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاز دېگەندە ئامېرىكانىڭ ئالتە دانە يادرو قورال لايىھەسىنى قولغا چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى Trident ناملىق (سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان) باشقۇرۇلىدىغان بومبىدا ئىشلىتىلگەن W-88 تىپلىق ئوق بېشىدۇر» دېدى كېلتون. ئۇ خىتاينىڭ يادرو جاسۇسلۇقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ (ئامېرىكانىڭ) مانخاتتان (Manhattan) پروجېكتىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، ئامېرىكانىڭ ئاتوم مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن «ENORMOZ» ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ يادرو قورالى لايىھەسىنى ئوغرىلىۋېلىشى ئامېرىكانىڭ يادرو قورال سىستېمىسىنىڭ نىسپىي ئاجىزلىشىشى ۋە خىتاينىڭ ھۇجۇم - مۇداپىئە ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن نەتىجىلەندى».

يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغىنىدەك، 2010-يىلى خىتايدا يۈز بەرگەن ئىستىخبارات ئاپىتى ئامېرىكانىڭ ئىنسانىي ئىستىخبارات قوبۇل قىلىش سىستېمىسىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇزۇلۇشى ۋە ۋەيران قىلىنىشى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا

ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ جاسۇس قوبۇل قىلىش پروگراممىلىرى، بولۇپمۇ **CIA** نىڭ چەتئەللەردە ۋە **FBI** نىڭ دۆلەت ئىچىدە جاسۇس قوبۇل قىلىشى پروگراممىلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **70**-يىللىرىدىن باشلاپلا بەربات ھالەتتە ئىدى. **CIA** رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىپ پۈت تېپىشىشى نەتىجىسىدە **CIA** نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى قاتتىق ئاجىزلاشقان. بۇ ئىدارىنىڭ ئەپسانىۋى جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇستىسى جېيمىس جېسس ئانگلېتون **(James Jesus Angleton)** نىڭ **1987**-يىلى ۋاپات بولۇشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانگلېتوننىڭ **CIA** دىكى ھوقۇق رىقابەتچىسى ۋىليام كولبى **(William Colby)** ئۇنىڭ **CIA** نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئۇنىڭ سۇنئىي ھەمراھ كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسلىق رولى سۈپىتىدە ئىستراتېگىيىلىك جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان. ئانگلېتون سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي ھوقۇقنىڭ سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ قولىدا ئەمەسلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. (ئۇنىڭغا كۆرە) سوۋېت «دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى (سېسىق نامى پۇر كەتكەن سىياسىي ساقچى تەشكىلاتى **KGB** ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى) سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي كۈچنىڭ ساھىبلىرى ئىدى. ئانگلېتون **CIA** نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يا ئۆزىنىڭ **CIA** نىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىشىنى ياكى ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش بۆلۈمىدىكى يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭ **CIA** نىڭ باش شتابىدىكى يۇقىرى ئورۇنغا تەيىنلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئەمما، ئۇ پېنسىيەگە چىقىشقا مەجبۇر بولدى، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەزكۇر ئورگاننىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقى تۆۋەنلەپ، **CIA** شۇنىڭدىن باشلاپ توختىماي زەربىگە ئۇچرايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **70**-يىللىرىدا ئانگلېتون ئوتتۇرىغا قويغان چەتئەل ئىستىخبارات ئورگانلى- ئورگانلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كاشىلا تۇغدۇرۇش ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش تەشەببۇسىنى ئىجرا قىلىش تولىمۇ تەخىرسىز ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستىك سىستېمىسىنىڭ ئاساس-لىق تۈۋرۈكىگە - جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نۇرغۇن ئىستىخبارات فۇنكسىيەلىرىنى ئۈستىگە ئالغان يېڭى ئىستراتېگىيىلىك قوللاش كۈچلىرىگە قارشى مۇستەقىل، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك جاسۇسلۇققا قارشى ئورگان تەسىس قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئامېرىكا (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) بۇ تەشكىلاتلارنى پالەچلەندۈرۈش ئارقىلىق، يەر شارىغا خوجا بولۇشنى ۋە ئامېرىكانى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان خىتاي كومپارتىيىسى ئېلىپ كەلگەن تەھدىتنى پەسەيتەلەيتتى.

كېلتون (خىتاي) ئامېرىكاغا ئېلىپ كېلىدىغان زىياننىڭ قىممەتلىك تېخنىكا ياكى باشقا مەخپىيەتلىكلەرنى يوقىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ (يەنى خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قارشى ھەرىكەتلىرى) ئامېرىكاغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بارچە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان قەھرىمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. خىتايلار ئەنئەنىۋى ئىنسانىي ئىستىخبارات بىلەن تور ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئارىلاشما» ئىستىخبارات ھۇجۇمى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويىدى. كېلتون يەنە مۇنداق دېدى: «بۇ دۆلىتىمىزگە زىيان سالدى، بۇ زىيان خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جاسۇسلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان روشەن زور زىياندىنمۇ ئېشىپ كەتتى. دۆلىتىمىزگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان ئاشۇ ئامېرىكالىقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەيىبلەش ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇلارنىڭ بېيجىڭنى مەخپىي ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىشى بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، رەزىل، زالىم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغان خىتايلارنىڭ ئۆلۈشى بىلەن نەتىجىلەندى. ئۇلار ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان قەھرىمانلار ئىدى ۋە ھېلىھەم شۇنداق» (7).

☆ توققۇزىنچى باب ☆

# تەسىر كۈچى

## بېيجىڭ ۋە تەشۋىقات – خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ئۇرۇش سەنئىتى

«بىز پەقەت ئادەتتىكى ئۇرۇش ياكى جەڭ مەيدانىدىكى ئۇرۇشلار بىلەنلا چەكلىنىسەك بولمايدۇ. بىز چوقۇم جانلىق بولۇشىمىز، باشقىلار بىزگە قايسى شەكىلدە ھۇجۇم قىلغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىز (رەقىبلىرىمىز بىلەن) تىغمۇتىغ تۇتۇشىمىز ۋە تۈيۈقسىز زەربە بىلەن ئۇلارنى مەغلۇب قىلىمىز. باشقىلارنىڭ بىزنى بۇرنىمىزدىن يېتىلەپ مېڭىشىغا يول قويمايمىز. بىز تاكتىكا قاتماللىقى سەۋەبلىك تېخىمۇ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق بولمايدۇ».

شى جىنپىڭ، «دۆلەتلىك تەشۋىقات ۋە ئىدىئولوگىيە خىزمەت يىغىنى»دىكى نۇتۇق، **2013**-يىلى **8**-ئاي.

گو ۋېنگۈي (郭文贵) ئادەتتىكى خىتاي ئۆكتىچى ئەمەس. سۈرگۈندىكى بۇ مىلياردىر ئۆي-مۈلۈك ماگناتىنىڭ نيۇيورك مەركىزى باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى ھەشەمەتلىك مېھمانخانىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنى تولۇق ئىگىلىگەن تۇرالغۇسى بار. گو ۋېنگۈي **2015**-يىلى خىتايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنى نىشانغا ئېلىپ، خىتايغا قايتىشقا مەجبۇرلاپ كەلدى. گو ۋېنگۈي «بۇ يەرنىڭ <پال شەپىسى> ئىنتايىن ياخشى» دېدى ۋە مەركىزىي باغچىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىنىڭ ئۆي-مۈلۈك ساھەسىدە «ئالتۇن ئۇچبۇلۇڭ»، شۇنداقلا مانخاتتاندىكى ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ئورۇنلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. «پال شەپىسى» ( 风水 ) خىتايلارنىڭ «بەزى جۇغراپىيەلىك ئورۇنلاردا ئىنسان بىلەن يەر ئارىسىدا بىرىكمە كۈچ شەكىللىنىدۇ (يەنى بۇنداق جايلار كىشىگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ)» دەپ قارايدىغان خۇراپىي ئېتىقادىدۇر. گو ۋېنگۈي خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئالىي ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت جەريانىدا ئىگىلىگەن مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاپ، خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

گو ۋېنگۈي **2017**-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ نەچچە ئايدا، **Twitter** ۋە **Facebook** قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا خىتاينىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى چىرىكلىك تەپسىلاتلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. شۇ يىلى كۈزگە كەلگەندە، ئۇ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشقا تەييارلاندى. **10**-ئاينىڭ **3**-كۈنى، گو ۋېنگۈي ئۆزىنىڭ شەخسىي «**Gulfstream**» ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، نيۇيوركتىن ۋاشىڭتونغا قاراپ ئۇچتى. سۈرگۈندىكى بۇ باينىڭ مال - مۈلكى **28** مىليارد دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ توردا سۆز قىلغاندىن بۇيانقى ۋاشىڭتوندىكى تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن بىر نەچچە ھەپتە تەييارلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاشكارىلىغانلىرى ئىچىدە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىشەن (王岐山)نىڭ چىرىكلىكىگە ئالاقىدار پارتلاتقۇچ خاراكتېرلىق تەپسىلاتلار بار بولۇپ، (ۋاڭ چىشەننىڭ رەھبەرلىكىدىكى) بۇ ئورگان ئالدىنقى تۆت يىلدا شى جىنپىڭنىڭ چەكلىمىسىز ھوقۇقىغا يوشۇرۇن رەقىب دەپ قارالغان يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرىنى، ھەربىي «يولۋاس»لارنى، ئادەتتىكى ئەمەلدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭلىغان ئەمەلدارنى تازىلىغانىدى.

گو ۋېنگۈي خىتاينىڭ (ئىچكى) سىستېمىسىدىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، ۋاڭ چىشەننىڭ **2000**-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپلا، پەقەت شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي تازىلاش ھەرىكىتىگە ھەمدەم بولۇپ يۈرگەن لالما ئىت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ۋاڭ چىشەن خىتاينىڭ مەخپىي مالىيە «چارپادىشاھى»غا،

خىتاينىڭ پەردە ئارقىسىدىكى بارلىق ئىقتىسادىي ۋە پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرىنى كونترول قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك رەھبەرگە ئايلانغان. **2017**-يىلغا قەدەر، ۋاڭ چىشەن شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى، خىتاينى تۆمۈر مۇشت بىلەن باشقۇرىدىغان كوللېكتىپ مۇستەبىت ئاپپاراتىنىڭ، يەنى يەتتە كىشىلىك سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئەمما ئۇ (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆرە) مەجبۇرىي پېنسىيەگە چىقىرىلىدىغان ئاتمىش يەتتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى، دېڭ شياۋپىڭ (邓小平)، جياڭ زېمىن (江泽民) ۋە خۇ جىنتاۋ (胡锦涛) قاتارلىق سابىق خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ جەمەتلىرىگە باغلىنىشلىق كوممۇنىست زەردارلار شى جىنپىڭنى ۋاڭ چىشەنگە ھوقۇق بېرىشكە كۆندۈردى. نەتىجىدە، ئۇ (پېنسىيەگە چىقىرىلىشىنىڭ ئورنىغا) خىتاينىڭ مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

گو ۋېنگۈيگە كۆرە، ۋاڭ چىشەن ۋە باشقا بىر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭ تەبىرىدىكى «كوممۇنىست ئوغرى – قاراقچىلار ھاكىمىيىتى» دېيىلىدىغان، قارا جەمئىيەت تىپىدىكى تۈزۈلمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ «كوممۇنىست ئوغرى – قاراقچىلار ھاكىمىيىتى» سەرخىل ھاكىمىيەت سىنىپىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ جەمەتىنى بېيىتىش ئۈچۈن، خىتاي خەلقىدىن مىلياردلاپ دوللارنى ئوغرىلايدۇ. ۋاڭ چىشەنگە كەلسەك، ئۇشبۇ مۇئاۋىن رەئىسنىڭ جەمەتىنىڭ نەچچە مىليارد دوللار بايلىقى بار.

گو ۋېنگۈي ۋاشىڭتون زىيارىتىدىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پادىشاھى ۋاڭ چىشەننىڭ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە چىرىكلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش تور ۋىدىيولىرىنى ئېلان قىلغانىدى. گو ۋېنگۈينىڭ ئېيتىشىچە، **1980**-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ۋاڭ چىشەن ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىر قانچەيلەن پارتىيە مەبلىغىگە **30** مىليون دوللار ئەتراپىدا مەخپىي پاي قوشۇپ، كالىفورنىيە ۋە ئامېرىكانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۆي-مۈلۈك شىركەتلىرىگە مەبلەغ سېلىپ، يۈزدىن ئارتۇق ئۆي-مۈلۈك سېتىۋالغان. **2018**-يىلغا بارغاندا، بۇ ئۆي-مۈلۈكلەرنىڭ قىممىتى ئۆسۈپ، **2** مىليارد دوللاردىن **3** مىليارد دوللارغىچە بولغان.

گو ۋېنگۈي ماڭا: «مەن خىتاينىڭ سىستېمىسىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. قولۇمدا ئۇنىڭ قانداق مەشغۇلات قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە تەپسىلاتلار بار» دېدى.

ۋاشىڭتوندا گو ۋېنگۈي ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئاشكارا يىغىن **1961**-يىلى ھەربىي ئىستراتېگىيەچى ھېرمان كاھن (**Herman Kahn**) بىلەن ئۇنىڭ راند (**RAND**) شىركىتىدىكى بىر قانچە خىزمەتدىشى بىرلىكتە قۇرغان كونسېرۋاتىپ ئاقىللار ئامبىرى ـــ خۇدسون ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. خۇدسون ئىنستىتۇتى بىر مەھەل فېدېراتسىيە مەبلىغى ئاجرىتىلغان، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقات مەركىزى ئىدى. خۇدسون ئىنستىتۇتى يېقىندا بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ سابىق ئەمەلدارى، ئامېرىكادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان (شۇنداقلا ژۇرنىلىمىزنىڭ دەسلەپكى سانلىرىغا بېسىلغان «100 يىللىق مارافون» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى، ت) مايكېل پىلىزبېرى (**Michael Pillsbury**)نىڭ يېتەكچىلىكىدە خىتاي ئىستراتېگىيەسى مەركىزى تەسىس قىلدى. خۇدسون ئىنستىتۇتىدىكى بۇ پائالىيەتكە «مۇستەبىت ھاكىمىيەت» (**Kleptocracy**) پروگراممىسى ساھىبخانلىق قىلغانىدى، مەزكۇر پروگراممىنىڭ ۋەزىپىسى «ئىمپورت قىلىنغان چىرىكلىك ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ قانۇنسىز پۇل-مۇئامىلە ئېقىمىنىڭ ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيەسىگە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان چىرىكلىك تەھدىتى»نى تەتقىق قىلىش ئىدى (1). بۇ ھەممىنى ئاشكارىلىۋېتىدىغان گو ۋېنگۈينىڭ پارتلاتقۇچ خاراكتېرلىك ئۈچۈرلىرىنى ئاساسىي ئېقىمغا يەتكۈزۈشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق سۇپىلاردىن بىرى بولۇپ قالاتتى. بۇ بولغۇسى ئۇچرىشىشقا «گو ۋېنگۈي بىلەن سۆھبەت» دەپ ئىسىممۇ قويۇلۇپ بولغانىدى.

ئەمما گو ۋېنگۈي بۇ يەرگە كېلىشتىن بىر قانچە سائەت بۇرۇن يىغىن تۇيۇقسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ خىتاينىڭ پۇل ۋە سىياسىي مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ دېموكراتىك سىستېمىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىڭ ھەيران قالارلىق مىساللىرىدىن بىرىدۇر. (خۇدسون ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت) بۇ كون-

سىرۋاتىپ تەتقىقات ئورگىنى خىتاينىڭ سىياسىي تەھدىتى، پوپوزىسى ۋە تور ھۇجۇمىغا باش ئەگكەندى. بۇ بېيجىڭنىڭ يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

گو ۋېنگۈي 1968-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى شەرقىي شىمالىي دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان خىتاينىڭ شەندوڭ ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. شەندۇڭ بۇددا دىنى، تويىن دىنى ۋە كۇڭزىچىلىق جەھەتلەردە مول كۈلتۈرەل ۋە دىنىي مىراسقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، خىتايدىكى ئەڭ باي رايونلارنىڭ بىرىدۇر. سادىق بۇددىست گو ۋېنگۈي يەنە ئېنگلىزچە مايلېس كۇۋك (Miles Kwok) دېگەن ئىسىمنى ئىشلىتىدۇ.

گو ۋېنگۈينىڭ شەخسىي ئايروپىلانى يىغىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇياش تازا پارلاپ چىققان ئۆكتەبىر كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، رونالد رېگان ۋاشىڭتون دۆلەتلىك ئايرودرومىغا قونغاندا، گو ۋېنگۈي تولىمۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا ئىدى. ئۇ ئادەتتە توققۇز ئادىمى بار قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسى ئامېرىكانىڭ سابىق ھەربىي ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىملىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە نيۇيورك شەھىرىنىڭ سابىق ساقچىلىرىدۇر.

گو ۋېنگۈي 25 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خىتايدا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سودا قىلىش جەريانىدا، خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى تونۇپ يەتكەن. يەنە دەل مۇشۇ جەرياندا، ئۇ بىر مۇھىم ھوقۇقدارنى، يەنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما جيەن (Ma jian) بىلەن دوستلاشقان. گو ۋېنگۈي خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ سەزگۈر مەخپىيەتلىكلىرىگە ئېرىشەلەيدىغان بۇ ھوقۇقدار بىلەن تاكى ئۇ شى جىنپىڭنىڭ يوقىتىش نىشانىغا ئايلانغانغا قەدەر، نەچچە يىل سودا ۋە بىخەتەرلىك تۈرلىرىدە ھەمكارلاشقان. ما جيەن ۋاڭ چىشەننىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇچۇرلارنى بايقاپ قالغان. ما جيەن مۇللاق ئاتقاندىن كېيىن، گو ۋېنگۈي ئۆزىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق سىياسىي باستۇرۇشتا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلىشىدىن ئەنسىرەپ، 2015-يىلى نيۇيوركقا قېچىپ كېلىۋالغان.

گو ۋېنگۈي ئۆزىنىڭ ما جيەن بىلەن بولغان دوستلۇقىدىن، خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشتە ۋايىغا يەتكەنلىكىنى، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشتىن تارتىپ قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەندەك كۆرسىتىشكىچە ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنالايدىغانلىقىنى بىلگەن. گو ۋېنگۈي ۋاشىڭتوندىكى ئەڭ بىخەتەر مېھمانخانا بولغان، ئاقسارايدىن لافايېت باغچىسى ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرىدىغان خاي-ئادامس (Hay-Adams) مېھمانخانىسىدا تۇرغان. ئۇ بۇ مېھمانخانىدا ۋاشىڭتوننىڭ كۈچ مەركىزى بولغان ئاقسارايىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان، ھەر كېچىلىكى 9000 دوللارلىق پرېزىدېنت يۈرۈشلۈك ئۆيىدە ياتقان.

ئاندىن گو ۋېنگۈي شۇ كۈنى خۇدسون ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان.

خۇدسون ئىنستىتۇتىدىكى يىغىننى شۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئاي ئىلگىرى خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ «مۇستەبىت ھاكىمىيەت» (Kleptocracy) پروگراممىسىغا مەسئۇل خىزمەتچىسى چارلېز داۋىدسون (Charles Davidson) ئۇيۇشتۇرغانىدى. داۋىدسون (بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) ئالدى بىلەن خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى ۋە ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ سابىق خىزمەتچىسى، گو ۋېنگۈي بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان خىتاي دېموكراتىيە پائالىيەتچىسى خەن ليەنچاۋ (Han Lianchao)غا يېقىنلاشقان.

داۋىدسون بىلەن خەن ليەنچاۋ گو ۋېنگۈي ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان يىغىننىڭ «مۇستەبىت ھاكىمىيەت» (Kleptocracy) پروگراممىسىغا تامامەن ماس كېلىدىغانلىقىدا ئوخشاش پىكىرگە كەلگەن. چۈنكى، خىتاينىڭ ۋاشىڭتوندىكى قانۇنسىز تەسىر كۈچ شەكىللەندۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئەڭ چېكىدىن ئاشقان، شۇنداقلا

ئامېرىكا خەلقى بىلىشكە موھتاج بولغان ئىشلاردىن ئىدى.

خەن لىيەنچاۋ شۇ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە مېترو ئارقىلىق ماكفېرسون مەيدانى بېكىتىگە بېرىپ، گو ۋېنگۈي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا ئۇنىڭغا داۋىدسوندىن تېلېفون كەلگەن. داۋىدسون: «باشقۇرۇش ھەيئىتى يىغىننى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى» دېگەندە خەن لىيەنچاۋ ھەيران قالغان ۋە سورىغان تۇنجى سوئالى «نېمە ئۈچۈن؟» بولغان. داۋىدسون ئۇنىڭغا رەھبەرلەرنىڭ گو ۋېنگۈينىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. **YouTube** توربېتىدىكى بىر ۋىدىيودا، پوزۇر كىيىنگەن گو ۋېنگۈي مالايسىيا ئاۋىئاتسىيەسىنىڭ **MH370** نۆۋەتچى ئايروپىلانىنىڭ سىرلىق يوقاپ كېتىشىنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ قولى بار – يوقلۇقىغا بولغان گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گو ۋېنگۈي يەنە شۇ ئايروپىلاندىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بىرىنى ۋاڭ چىشەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار دوختۇر دېگەن. گو ۋېنگۈينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دوختۇر خەلقئارا ئەزا كۆچۈرۈش بازىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، خىتايدىكى مەھبۇسلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا بەدەن ئەزالىرىنى يىغىۋېلىشقا قاتناشقان.

خەن لىيەنچاۋ «ئىشەنچلىكلىك» جەھەتتىكى شۈبھىنىڭ پەقەتلا بىر باھانە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ داۋىدسونغا ناھايىتى ئېنىق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ باھانىسىنىڭ «قۇرۇق گەپ» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاينىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقى (ۋە بۇنىڭغا تەن بەرگەنلىكى) ئېنىق ئىدى.

پائالىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى، داۋىدسون ئوغلىنىڭ بىر خىتاي ئوقۇغۇچى (ئامېرىكادىكى **300** مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى) بىلەن توي قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ جەھەتتىكى شەخسىي ئەندىشىلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، خەن لىيەنچاۋدىن گو ۋېنگۈينىڭ يىغىنىنى تەشكىللەشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ئەگەر ئۆزى گو ۋېنگۈينى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشقان تەقدىردە، خىتاينىڭ ئۇنىڭ بولغۇسى كېلىنىنى خىتايغا قايتىشقا مەجبۇرلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. خەن لىيەنچاۋ گو ۋېنگۈينى كۈتۈۋېلىش يىغىنىنى تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا قوشۇلغان. شۇنداقلا، **3**-ئۆكتەبىرگىچە بولغان بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇدسوننىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە مۇدىرلىرى بىلەن قويۇق ماسلاشقان ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ باياناتچىسى داۋىد تېل **(David Tell)**غا خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاينى رازى قىلىش ئۈچۈن يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىك قارارىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاقلاشتەك كۆڭۈلسىز ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇ بۇنىڭغا (يەنى يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا) پىلانلاشتىكى نامۇۋاپىقلىق سەۋەب بولدى، دېدى. ئۇ ماڭا: «پىلان بىزدىن يىراقلاشتى، بۇنىڭدىن كۆڭلىمىز يېرىم» دېدى.

خەن لىيەنچاۋ بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «ھەممە ئىش (يەك ئىچىدە) ماسلاشتۇرۇلغان» دېدى.

خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ يىغىننى سۇغا چىلاشتۇرۇش خىتاينىڭ گو ۋېنگۈيگە قاراتقان، مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان كەڭ كۆلەملىك تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خىتاي بۇ قېتىم خۇدسون مۇدىرىيەت ئەزالىرىغا مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ خىتايدىكى مەنپەئەتىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئىقتىسادىي بېسىم قىلىش بىلەن ئۇنىڭ كومپيۇتېر تورىغا قارىتىلغان تور ھۇجۇمىنى بىرلەشتۈرگەن.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى گو ۋېنگۈينى مالىيە جەھەتتىكى خاتالىقلىرى سەۋەبلىك خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىزدىلىۋاتقان نۇرغۇن چىرىك قاچقۇنلارنىڭ بىرى قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بېيجىڭ توختاۋسىز تەشۋىقات دولقۇنى قوزغاپ، بىر قاتار بىمەنە ۋە يالغان ئەيىبلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتىنى ئاستىرتتىن قانات يايدۇردى. خىتاي گو ۋېنگۈينى پۇل مۇئامىلە جىنايەتچىلىكى بىلەن ئەيىبلەشتىن سىرت، ئۆزىنىڭ خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىدىكى جاسۇسى مېڭ خوڭۋېي (孟宏伟)دىن پايدىلىنىپ، خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىنىڭ بىر خىل خەلقئارالىق تۇتۇش بۇي-

رۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى «قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى» تارقىتىشنى تەلەپ قىلغان. مېڭ خوڭۋېي 2016-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى (ئىنتېرپول)نىڭ رەئىسى بولغان. ئۇنىڭ گو ۋېنگۈي ئۈچۈن چىقارغان «قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى»نىڭ بىرى جىنايى قىلمىش ئۈچۈن، ئىككىنچىسى باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن چىقىرىلغان ۋە بۇنىڭغا گو ۋېنگۈينىڭ خىتاينىڭ تىزگىنىدىكى سابىق تىجارەت شېرىكىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن. گو ۋېنگۈي بۇ ئەيىبلەشنى كەسكىن ئىنكار قىلغان ۋە بۇنى رەزىل خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تۆھمەت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ پەرۋا قىلمىغان.

گو ۋېنگۈي ئۈچۈن «قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى» ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مېڭ خوڭۋېي 2018-يىلى 10 - ئايدا خىتايغا قايتقاندا غايىب بولغان ۋە قولغا ئېلىنىپ، كېيىن پارا ئالغان دەپ ئەيىبلەنگەن. مېڭ خوڭۋېي قولغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئايالىغا پىچاقنىڭ سۈرىتى بار مەخپىي قىسقا ئۇچۇر ئەۋەتكەن. مېڭ خوڭۋېينىڭ ئايالى بۇنى ئازابنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغان. مېڭ خوڭۋېينىڭ ئايالى گرەيس مېڭ (Grace Meng) كېيىن خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى جايلاشقان فرانسىيەدىن سىياسى پاناھلىق تىلىگەن. گو ۋېنگۈي خىتاينىڭ مېڭ خوڭۋېينى «خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىدىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆكتىچى مىلياردىر گو ۋېنگۈينى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇشقا كۈچ چىقارمىدى» دەپ قولغا ئالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

گو ۋېنگۈيگە قارشى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىككى پارتىيەنىڭ ئەزالىرى تەڭ ئىشتىراك قىلغان ئامېرىكا - خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن 2017-يىللىق دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىللىق دوكلاتىنىڭ ئالاھىدە قىسمىدا بايان قىلىنغان. دوكلاتتا خىتاينىڭ خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتى «ۋەھشىيلىكتە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان» دېيىلگەن. گو ۋېنگۈي خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش (ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭنىڭ كۈشەندىلىرىنى يوقىتىش) ھەرىكىتىنى ئاشكارا تەنقىد قىلغانلىقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى چىرىكلىكنى ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن، خىتاينىڭ دۆلەت كونتروللۇقىدىكى تاراتقۇلىرى باشقا دېلولاردىكىگە ئوخشاشلا ھېچقانداق پاكىت ياكى رەسمىي ئەيىبلەش يوق ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا «جىنايەت گۇماندارى»لىق قالپىقىنى كىيگۈزگەن. بۇ تەشۋىقات پائالىيىتىدە، خىتاينىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات ئەمەلدارىنىڭ گو ۋېنگۈينى چىرىكلىك بىلەن ئەيىبلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۇۋاش ئۈچۈن ئالاقىدار ۋىدىيولۇق «گۇۋاھلىق»لارنى YouTube توردىكى «گو ۋېنگۈي توغرىسىدىكى ھەقىقەت»ناملىق قانالغا يوللىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق تەشۋىقات ھەرىكىتى قوزغىتىلدى (2). (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دوكلاتتا) بۇ پائالىيەت «مىسلى كۆرۈلمىگەن» ۋە «ئادەتتىن تاشقىرى پىشىپ يېتىلگەن» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئاقسارايىنىڭ سابىق ئىستراتېگىيەچىسى، 2017 - يىلى پرېزىدېنت ترامپ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ستىۋ باننون (Steve Bannon) نىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇ خىتاي بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئامېرىكا سودا ماگناتلىرى پرېزىدېنت ترامپنى گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن پرېزىدېنتنىڭ ئىشخانىسىغا «يېغىپ كەتكەن»دە، ئاندىن گو ۋېنگۈينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى لاسۋېگاس قىمارخانىسى-نىڭ ماگناتى ستىۋ ۋىن (Steve Wynn)غا ئالاقىدار. ئۇنىڭ ئاۋمېندا قىمارخانىسى بار بولۇپ، بۇ قىمارخانىنى تىجارەتكە كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. ستىۋ ۋىن 2017-يىلى ترامپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شى جىنپىڭنىڭ خېتىنى يەتكۈزىدۇ، خەتتە گو ۋېنگۈينى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ شى جىنپىڭغا قىلىنغان «ئادىمگەرچىلىك» بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «ۋىن ئارامگاھى چەكلىك شىركىتى» (Wynn Resorts Ltd) نىڭ سېتىش بۆلۈمىنىڭ باش دىرېكتورى مايكېل ۋىۋېر (Michael Weaver) «ۋال كوچىسى گېزىتى»گە ئاشۇنداق بىر پارچە خەتنىڭ (ترامپقا) يەتكۈزۈلگەنلىكى «يالغان» دېگەن ۋە «بۇنىڭدىن باشقا دەيدىغان گېپى يوق»لۇقىنى ئېيت-

قان. ئاقسارايىنىڭ ئىچىدە، خىتاينىڭ تەسىر كۆچى يەنە پرېزىدېنت مەسلىھەتچىسى (بانون ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىدى) نىڭ سۆيىقەستى شەكلىدە ترامپقا يېتىپ بارغان. بۇ مەسلىھەتچى (ئامېرىكادىكى) 300 مىڭ خىتاينى «ئامېرىكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىياقىدا ياسىنىۋالغان جاسۇس» دەپ قارىغان دوكلاتنى ۋە خىتاينىڭ گو ۋېنگۈينى قايتۇرۇپ كېتىشكە بولغان قىزىقىشىنى ترامپقا يەتكۈزگەن. ترامپنىڭ بۇنىڭغا «ئۇلارنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇلسۇن!» دەپ ئىنكاس قايتۇرغان. كېيىن، ئاقسارايىنىڭ ئادۋوكاتلىرى پرېزىدېنتقا ئۇنىڭ گو ۋېنگۈينى مەجبۇري قايتۇرۇۋېتىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئەسكەرتكەن.

خىتاي كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا يەنە خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ خۇدسون ئىنستىتۇتىغا گو ۋېنگۈي ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن قانداق بېسىم ئىشلەتكەنلىكى ئاشكارىلاندى. خىتاينىڭ ئەلچىخانا ئەمەلدارى خۇدسون ئىنستىتۇتىدىكى خىزمەتچىلەرنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خىتايغا ساياھەتكە بېرىش ۋىزىسىنى ساقلاۋاتقان بىر خىتاي مۇتەخەسسىسنى چاقىرتىپ، ئۇلاردىن گو ۋېنگۈينى كۈتۈۋېلىش يىغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ياكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلغان.

مەزكۇر كومىتېت خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ گو ۋېنگۈيگە مۇناسىۋەتلىك يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى رەسمىي چۈشەندۈرۈشىنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ كومىتېتىمىز تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ئىچكى ئېلخەتلىرىگە قارىغاندا، خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ كەم دېگەندە ئىككى نەپەر خىزمەتچىسىگە خىتاي باش ئەلچىخانىسىدىن تېلېفون كەلگەن. شۇنداقلا مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ بىر نەپەر ئالىي تەتقىقاتچىسى مۇنداق دېگەن: خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بىر «مەسلىھەتچى»سى (بۇ ئالىي تەتقىقاتچىنىڭ) خىتايغا كىرىش ۋىزا ئىلتىماسى توغرۇلۇق سورىغان. بۇ مەسلىھەتچى يەنە گو ۋېنگۈينى كۈتۈۋېلىشنىڭ «خۇدسون ئىنستىتۇتىنى خىجالەتتە قويىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە زىيان سالىدىغانلىقى»نى ئېيتقان.

خىتاي دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىش ۋە مەجبۇرلاش بىلەنلا بولدى قىلماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆكتەبىردىكى ئېچىلغۇسى يىغىندىن ئىلگىرى خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ كومپيۇتېر تورىغا تور ھۇجۇمى قوزغىغان. بۇ ئىنستىتۇتنىڭ تور بېكىتى تارقاق ھالەتتە مۇلازىمەتنى رەت قىلىش (DDoS) ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، بىخەتەرلىك تەھلىلچىلىرى بۇ ھۇجۇمنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شاڭخەيدىكى سېپىق نامى پۇر كەتكەن 61398- تور گۇرۇپپىسى بارلىقىنى بايقىغان. بۇ تور گۇرۇپپىسى ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگىنى تەرىپىدىن (ئامېرىكادىكى) ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي شىركەتلەرگە قارىتىلغان چوڭ ھۇجۇملارغا باغلىنىشلىق دەپ قارالغانىدى.

خۇدسون ئىنستىتۇتىغا بېسىم ئىشلىتىش ھەرىكىتى 10 – ئاينىڭ 9 - كۈنى خىتاينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى گو شېڭكۈن (郭声琨)نىڭ ئامېرىكاغا قىلغان زىيارىتى (گو ۋېنگۈي بىلەن مۇناسىۋىتى يوق)گە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەدلىيە مىنىستىرلىقىدا ئەينى ۋاقىتتىكى باش تەپتىش جېف سېشنېس (Jeff Sessions) بىلەن سۆھبەتلەشكەن. سېشنېس گو شېڭكۈن بىلەن كۆرۈشكەندە خۇدسونغا قىلىنغان تور ھۇجۇمىنى تىلغا ئالغان. گو شېڭكۈن ئىلگىرىكى سۆھبەتلەردىكىگە ئوخشاشلا، سۆھبەت رەسمىيىتى يۈزىسىدىن، بۇ مەسىلىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، سېشنېس مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئۆزىنىڭ گو ۋېنگۈينى (خىتايغا) تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. باش تەپتىش ماڭا ئۆزىنىڭ بۇ دېلونى تەكشۈرگەنلىكىنى ۋە گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. سېشنېسنىڭ ئېيتىشىچە، 10 – ئايدىكى خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا، «خىتايلار ئۇنىڭ (گو ۋېنگۈينىڭ) ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشتە بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن».

سىشىنىپس بىلەن يېقىن بىر ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، 2018-يىلى 11 – ئايدا ئىستېپا بەرگەن باش تەپتىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا گو ۋېنگۈينى ئاقلىغان. بۇ گو ۋېنگۈينىڭ خىتاينىڭ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى ئىچكى ئۇچۇرلىرىنى قېزىشقا ئىنتىزار بولغان ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ۋە FBI نىڭ ئۇنى كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. سىشىنىپس بىر مەھەل بۇ ئىشتا شۇنچىلىك چىڭ تۇرغانىدىكى، «گو ۋېنگۈينىڭ مەسىلىسىدە بىيجىڭنىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلماقچى بولغان خىتايپەرەس ئەمەلدارلارغا تىز پۈككەندىن كۆرە، خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىمەن» دەپ تەھدىت سالغان. ئىستېپا بېرىش تەھدىتى ھەققىدە سورالغاندا، سىشىنىپس بۇنى ئىنكار قىلماي، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئۇ ئىش سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى» دېدى.

ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خىتاينىڭ گو ۋېنگۈي-نى قايتۇرۇپ بېرىش تەلىپىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئالدى بىلەن «ئامېرىكا خىتايدىن كەلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ بىخەتەر پاناھگاھى ئەمەس» دېگەننى بىلدۈرۈش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مەسئۇللىرى ئۆكتىچىلەرنى بېيجىڭ دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن خىتاينىڭ جىنايى ئىشلار ئىسپاتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گو ۋېنگۈيگە قارشى ھەرىكەت ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جاسۇسلىرى سىرلىق ھەم تەكشىسىز مۇلازىمەت قائىدىلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، تىۋىتېر، فېيسبۇك ۋە گۇگۇلغا بېسىم ئىشلەتتى. گو ۋېنگۈي خىتاي رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى چىرىكلىككە ئالاقىدار ئىچكى تەپسىلاتلارنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تىۋىتېر بۇنى ئۆزىنىڭ «مۇلازىمەت كېلىشىمى»گە خىلاپ دەپ قاراپ، گو ۋېنگۈينىڭ ھېسابىنى تاقىۋەتتى. گو ۋېنگۈي ئۆزىنىڭ تىۋىتېر ھېساباتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى – خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى خىزمەتلىرى ۋە خىتاي ئاھالىلىرى توغرىسىدا توختالغان YouTube ۋىدىيولىرىنى تەشۋىق قىلغانىدى. خىتاي ئەمەلدارلىرى گو ۋېنگۈينىڭ فىلىملىرىنىڭ YouTube نىڭ مۇلازىمەت كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلغاندىن كېيىن، گۇگۇلمۇ گو ۋېنگۈينىڭ YouTube دىن پايدىلىنىپ، نەچچە سائەتلىك ۋىدىيولىرىنى ئېلان قىلىشىنى چەكلىدى.

UC Berkeley ئۇچۇر ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى شياۋ چياڭ (Xiao Qiang) گو ۋېنگۈيگە قارشى خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتىنى داۋام قىلىۋاتقان دراما دەپ قارايدۇ. شياۋ چياڭ خىتاي كومىتېتىغا مۇنداق دېدى: «مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرغاندەك ئىنكاس قايتۇرغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا قاراڭ. خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى، خىتاينىڭ ئۇنىڭ ئۇستىدىن قىلغان دەۋالىرى... دىپلوماتىك پائالىيەتلەر، ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قوش تەرەپلىك سۆھبەت. (خىتاينىڭ) دۆلەت ئىچىدە بولسا، تاراتقۇلار زور مىقداردىكى ماقالىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا قارا سۇۋاۋاتىدۇ.. ئۇلار بۇنى (تۈرمىگە تاشلانغان نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبى) ليۇ شياۋبوغا قىلمايدۇ. ئۇلار باشقا ئۆكتىچىلەرگىمۇ بۇنداق قىلمىدى، چۈنكى ئۇلار خىتايدىكى ھەممەيلەننىڭ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىلىپ كېتىشىنى خالىمىدى. ئەمما ئۇلار گو ۋېنگۈيگە شۇنداق قىلدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا ھازىر چەتئەللەردە توپلانغان كۈچنىڭ، ھەتتا <ئەللىك تىيىنلىق ئارمىيە> ۋە (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قولىدىكى) تېخنىكىنىڭ، ھەممىسىنىڭ تىغ ئۇچى بىردەك ئۇنىڭغا قارىتىلغان» (5).

شياۋ چياڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شى جىنپىڭ-نىڭ قانۇنسىزلىقىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە (شى جىنپىڭ قوزغىغان) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «خەلقنىڭ نامى بىلەن» دەپ ئاتالغان رەسمىي تەشۋىقات پروگراممىسىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان «گو ۋېنگۈينىڭ نامى بىلەن» ناملىق غەيرىي رەسمىي تور بېكەتتە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ گو ۋېنگۈيدىن قايسى دەرىجىدە تەشۋىشلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: گو ۋېنگۈينىڭ نامىدىكى بۇ پروگراما چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئەمەلى-

يەتتە سىياسىي كۈرەش، ھوقۇق كۈرىشىدۇر دەپ تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر گو ۋېنگۈي قوزغىغاندەك سىياسىي بەس - مۇنازىرىلەرنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان «تور سەددىچىنى» بولمىسا ئىدى، خىتاينىڭ سىياستى تېخىمۇ ئوچۇق ۋە دېموكراتىك بولغان، ئۆكتىچى سىياسىي كۈچلەر دۆلەت ئىچىدىكى تاراتقۇ بوشلۇقىدا ۋە ئىنتېرنېتتا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي رولىنى جارى قىلدۇرغان بولاتتى **(6)**.

خىتاي دۆلەت ئىچىدىكى بۇ ئۆكتىچى مىلياردىرغا بولغان قوللاشنى ئازايتىش مەقسىتىدە، گو ۋېنگۈيگە (ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەزمۇنلارغا) قاراتقان تەكشۈرۈشنى ھەددىدىن زىيادە كۈچەيتتى. خىتاينىڭ تىۋىتېرسىمان ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى ۋېيبودىكى تەكشۈرۈلگەن يازمىلارنى يېقىندىن كۆزىتىدىغان، «**FreeWeibo.com**» دېگەن تور بەت، گو ۋېنگۈينى ئەڭ كۆپ تەكشۈرۈلگەن تېمىلارنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن. تەكشۈرۈش (نازارەت قىلىش)كە قارشى پائالىيەتچىلەر گۇرۇپپىسى **GreatFire** نىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى **DDoS** (تارقاق ھالەتتە مۇلازىمەتنى رەت قىلىش) ھۇجۇمى ئارقىلىق گو ۋېنگۈينىڭ تىۋىتېر ھېساباتىنى نىشانلىغان.

بېيجىڭنىڭ ھەرىكەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ سىرتى-دىكىلەرنىڭ گو ۋېنگۈيگە بولغان قوللىشىنى پەسەيتەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەرىكەتلەر ئەكسىچە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ داڭقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خىتايدا ئون مىليونلىغان كىشىلەر ئارىسىدا زور ئالقىشقا ئېرىشتى، ھەتتا نەچچە مىليونلىغان خىتاي ئۇنىڭ پارتىيەنىڭ چىرىكلىكى ۋە باستۇرمىچىلىقى، شۇنداقلا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ كەمچىلىكى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىغا قوشۇلدى. گو ۋېنگۈي **2018**-يىلى **11** - ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغۇسى زور خەلقئارالىق ھەرىكەتنى ئېلان قىلدى ۋە كوممۇنىستلارغا قارشى باشقا بايلار بىلەن بىرلىكتە **100** مىليون دوللاردىن كۆپرەك مەبلىغى بارلىقى مۆلچەرلەنگەن «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش جەمئىيىتى»نى قۇردى.

مەن گو ۋېنگۈي بىلەن تۇنجى قېتىم **2017**-يىلى، يەنى ئۇنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا ئاۋازى **(VOA)** ئاگېنتلىقىنىڭ خىتايچە قانىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاۋازى **(VOA)** ئاگېنتلىقىنىڭ خىتايچە قانىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى خىتاينىڭ بېسىمى سەۋەبلىك يېرىمىدا توختىتىۋېتىلگەندىن كېيىن كۆرۈشكەنىدىم. «ئامېرىكا ئاۋازى» ئەسلىدە گو ۋېنگۈي بىلەن ئۈچ سائەتلىك نەق مەيدان سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان ۋە بۇ سۆھبەت پىلانى تەستىقلانغان بولسىمۇ، بىر سائەت يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن توختىتىۋېتىلگەن، شۇنداقلا «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ خىتايچە بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى گوڭ شياۋشيا (龚小夏) ۋە باشقا بىر قانچە خىزمەتچىسى بۇ ئىش سەۋەبلىك، دەسلەپتە ئىشتىن توختىتىلىپ، ئاخىرىدا خىزمەتتىن قوغلانغان. گوڭ شياۋشيا شۇ قېتىملىق رادىئو زىيارىتىنىڭ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ **VOA** نىڭ دىرېكتورى ئاماندا بېننېت **(Amanda Bennett)**قا بېسىم قىلغانلىقى سەۋەبلىك توختىتىۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى گو ۋېنگۈي بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سۆھبەت پروگراممىسى توختىتىلمىسا «قاتتىق ئىنكاس قايتۇرىمىز» دەپ تەھدىت سالغان ۋە بۇ سۆھبەت پروگراممىسىنىڭ خىتاينىڭ شۇ چاغدا، يەنى **2017** - يىلى **10** - ئايدا ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خىتاي گو ۋېنگۈينىڭ خىتايدىكى خىزمەتچىلىرى ۋە شېرىكلىرىگە داۋاملىق زەربە بېرىپ، بىر نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى ۋە كەم دېگەندە ئۈچ كىشىنى تۈرمىگە تاشلىدى. **2018**-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي دائىرىلىرى مۇئاۋىن ئىستىخبارات مىنىستىرى ما جيەنىنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، يەنە بېيجىڭنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى گو ۋېنگۈيدىن پارا ئالغان، دەپ ئەيىبلىدى. بۇ سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسىتى گو ۋېنگۈينى خىتايدا كومپارتىيەنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغان كومپارتىيىگە قارشى ئۆكتىچى ئەمەس، بەلكى جىنايەتچى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۇۋاش ئۇرۇنۇشى ئىدى.

گو ۋېنگۈي **2017**-يىلى **9**-ئايدا ئامېرىكادىن سى-

ياسى پاناھلىق تىلىگەن، خىتاي بۇنىڭغا قارىتا روسىيە ئۇسلۇبىدىكى خاككېرلىق ۋە ئاشكارىلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. گو ۋېنگۇينىڭ بۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئادۋوكاتلىق ئورنى ھۇجۇم نىشانى قىلىنغان. گو ۋېنگۇي ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا پاناھلىق ئىلتىماسى سۇنۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتاي خاككېرلار ۋاشىنگىتوندىكى كلارك خىل (Clark Hill) ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ كومپيۇتېر تورىغا ھۇجۇم قىلغان. مەزكۇر ئادۋوكاتلىق ئورنى بۇ تور ھۇجۇمىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خىتاينىڭ كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ ئېغىر ئېلېكترونلۇق زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ، گو ۋېنگۇينىڭ ئىشىنى قىلىشتىن نومۇسسىزلارچە ۋاز كەچكەن.
ئېلېكترونلۇق پاكىت توپلاش تەھلىلچىلىرى بۇ تور ھۇجۇمىنىڭ خىتايدىن قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ ھۇجۇمدا رۇسىيە ئىستىخباراتىنىڭ 2016-يىلىدىكى پرىزدېنتلىق سايلىمىدا قوللانغان تاكتىكىسى داۋاملاشتۇرۇلغان. ئەينى چاغدا روسىيە ئىستىخبارات دائىرىلىرى سانت پېتىربۇرگدىكى بىر «ئۇچۇر تارقىتىش بازىسى» بىلەن تەڭ ھەرىكەت قىلىپ، مەخپىي تور ھۇجۇمى قوزغاپ، ئاندىن شۇ ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەن ماتېرىياللارنى توردا ئېلان قىلغانىدى.

گو ۋېنگۇينىڭ سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسى مەسىلىسىدە، خىتاي خاككېرلار كلارك خىل ئادۋوكاتلىق ئورنىدىكى گو ۋېنگۇينىڭ ئادۋوكاتى توماس راگلاند (Thomas Ragland)قا تەۋە كومپيۇتېرلارغا سوقۇنۇپ كىرگەن. شۇنداقلا 2017-يىلى 9-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن باشلاپ، ئۆزلىرى ئوغرىلىغان ھۆججەتلەرنى تىۋىتېردىكى @twiSpectre دېگەن ھېساباتتا ئېلان قىلغان. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت تولىمۇ ئېنىق ئىدى: خىتاي بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى گو ۋېنگۇيگە سىياسى پاناھلىق بەرمەسلىككە قىستىماقچى بولدى، شۇنداقلا @twiSpectre ئارقىلىق گو ۋېنگۇينىڭ ئۆزىنىڭ سىياسى پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىغا خاتا ئۇچۇرلارنى يازغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تىۋىتېردىكى @twiSpectre دې-گەن بۇ ھېسابات شۇ ئايدا يېڭىدىن ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پەقەت خىتاينىڭ تەشۋىقات جېڭىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە، خوڭكوڭ-دىكى بانكىدىن پۇل يۆتكىگەنلىك خاتىرىسى ۋە خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىنىڭ ھۆججەتلىرى بار ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ «قاقباش» تەرەپلىرىدىن بىرى، خىتاينىڭ بۇ جەرياندا، FBI نىڭ ئىككى نەپەر خادىمىنىڭ گو ۋېنگۇينىڭ ئەنگلىيە ۋىزىسى ئېلىشىغا ياردەملىشىپ، ئىدارىنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىشى ئىدى. خىتايلار ئېلان قىلغان باياناتتا، بۇ ئۇچۇرنى «FBI دىكى پاش قىلغۇچى تەمىنلىگەن» دېيىلگەن، شۇنداقلا FBI خادىملىرىنىڭ «گو ۋېنگۇي بىلەن تاسادىپىي ئالاقىلىشىپ قېلىپ، بۇ پاتقاققا پېتىپ قالغان»لىقى تىلغا ئېلىنغان.

يەنە بىر تىۋىتېر يازمىسى ئاشكارىلانغان بۇ ھۆججەتلەر توغرىسىدا گو ۋېنگۇينى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭدىن «(بۇلارغا) يۈرىكىڭ بەرداشلىق بېرەلىدىمۇ؟» دەپ سورىغان.

خاككېر: «گو ۋېنگۇي، سەن كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈپ، B پىلان تۈزدۈڭ» دېگەن ۋە (ئۆزى قولغا چۈشۈرگەن) ھۆججەتتە گو ۋېنگۇينىڭ «سىياسىي پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىدىكى ساختىپەزلىكلىرىنى تۈزىتىش» ئۈچۈن باشقا بىر ئادۋوكاتلىق ئورنىغا پۇل تۆلىگەنلىكى ئاشكارىلانغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ ھەقتە 2017-يىلى 9 – ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 27- كۈنىگىچە ئېلان قىلىنغان قىرىق يازما تىۋىتېر تەرىپىدىن تېزلا ئۆچۈرۈلدى. بۇ جەرياندا ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر ئىچىدە، 2017-يىلى 1-ئايدىن 5-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ گو ۋېنگۇي بىلەن 30 قېتىم ئالاقىلاشقانلىقى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ «سىياسىي مەسىلە»لىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىششقا چاقىرغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

شۇ خىل زىيارەتلەرنىڭ بىرىدە، خىتاينىڭ تۆت نەپەر ئىستىخبارات خادىمى 2017-يىلى 5 - ئايدا نيۇيورك شەھىرىگە كېلىپ، گو ۋېنگۇي بىلەن

بەشىنچى چوڭ كوچىدىكى تۇرالغۇسىدا كۆرۈشكەن. گو ۋېنگۈينىڭ ئېيتىشىچە، (بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى مۇھىم ئەمەلدار خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۈن لىجۈن (Sun Lijun) ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لىۋ يەنپاڭ (Liu Yanpang) ئىدى. ھەر ئىككى ئەمەلدار ئامېرىكاغا ترامپ ھۆكۈمىتىنى گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قايىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ۋە بۇنىڭغا گو ۋېنگۈينىڭ «چېرىكلىككە ئالاقىدار» ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەنىدى.

ديپلوماتىك «چېقىلالماسلىق» ئىمتىيازىغا ئىگە لىۋ يەنپاڭ ۋىزا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن FBI تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ چېگرادىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىشتىن ئاۋۋال، يانفونى ۋە خاتىرە كومپيۇتېرى مۇسادىرە قىلىنغان.

خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋاشىڭتون ۋە نيۇيوركتىكى ئۇچرىشىشلاردا، شۇنداقلا تېلېفوندا گو ۋېنگۈيگە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە سودا شېرىكلىرىگە تەھدىت سالغان. ئۇلار ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەگەر (خىتاي ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىماي) سۈكۈت قىلسا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىلگىرى توڭلىتىۋېتىلگەن 17 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ يەردىكى سىگنال تولىمۇ ئېنىق: گو ۋېنگۈي چوقۇم خىتاي ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى چېرىكلىكنى ئاشكارىلاشنى توختىتىشى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن قەتئىي ھەمكارلاشماسلىقى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تۇرماسلىقى ۋە خىتايدا دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇ شەرتلەرگە قوشۇلسا، خىتاي ھۆكۈمىتى گو ۋېنگۈينىڭ تۈرمىگە سولانغان بىر قانچە ئائىلە ئەزالىرىنى ۋە خىزمەتچىلىرىنى قويۇپ بېرىپ، توڭلىتىلغان مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خىتاي دائىرىلىرى گو ۋېنگۈينىڭ بېيجىڭدىكى «قۇش چاڭگىسى» ئولىمپىك تەنتەربىيە مەيدانىغا يېقىن جايدىكى پەنگۇ بىناسى (盘古大观) دەپ ئاتىلىدىغان ئەجدىھا شەكىللىك مېھمانخانىسى ۋە ئىشخانا بىناسىنى تېخى مۇسادىرە قىلمىغان بولۇپ، بۇ ئىمارەت گو ۋېنگۈينى كەڭ مۇناسىۋەت تورىغا ئىگە خىتاي سودا كاتتىباشلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن بىر قانچە تۈرنىڭ بىرى ئىدى.

گو ۋېنگۈي ئۇنى سۈكۈت قىلىشقا قىستىغان ئەمەلدارلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلار تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلىشنى رەت قىلدىم، شۇڭلاشقا مەن خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى بىر قىسىم ئىنتايىن كۈچلۈك شەخسلەرنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولۇپ قالدىم». ئۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە داۋاملىق سۆزلەشكە بەل باغلىدى.

گو ۋېنگۈي خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ (ئەسلىدە بېكىتىلىپ بولۇنغان يىغىننى) ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىگە ۋە خىتاينى رازى قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىغا غەزەپلەنگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ھاڭ – تاڭ قالدىم. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن يەنە بۇ مەسىلىنىڭ مېنىڭ خىتاي ئوغرى – قاراقچىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن زەھەرخەندىلىكى ۋە زىيانلىقلىقى ھەققىدىكى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنىڭ راستلىقىنى ئامېرىكا خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىگە ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىدىن خۇشالمەن. بۇ ۋەقەنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى مېنىڭ خۇدسوندىكى (بىكار قىلىنغان) نۇتقىمنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى».

خۇدسون ۋەقەسىدىن بىر نەچچە ئاي كېيىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 3 مىليارد دوللار پۇل سەرپ قىلىپ، ترامپ ھۆكۈمىتىنى گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرىدىغان تېخىمۇ غەلىتە سۇيىقەستتىن بىرنى باشلىدى. بۇ پىلانغا مالايسىيالىق سودىگەر لوۋ تايك جو (Low Taek Jho)، شۇنداقلا رەپ (rap) ناخشىچىسى، پىلاستىنكا ئىشلىگۈچى، ناخشا تېكىستى يازغۇچى، ئارتىس، hip-hop گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان پراكازرېل «پراس» مىشېل (Prakazrel “Pras” Michel)مۇ ئىشتىراك قىلغان.

لوۋ بىلەن مىشېل خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى تېخى ئاشكارىلانمىغان ئالاقىلاشقۇچىسى ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىپ، ترامپ ھۆكۈمىتىنى گو ۋېنگۈيدىن ۋاز كەچكۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان.

بۇ پىلان ئېللىيوت بروئىدى (Elliott Broidy)نىڭ خاككېرلىق ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەن ئېلخەتلىرىدە ئاشكارىلانغان، ئۇ ئىلگىرى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ئەمەلدارى بولغانىدى. بۇ ئىككەيلەن (لوۋ بىلەن مىشېل) بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بروئىدى ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ھەمكارلاشقانىدى.

بروئىدى لوس ئانژېلېسلىق تەۋەككۈلچى كاپىتالىست، شۇنداقلا سايلام رىقابىتىنىڭ بېشىدىلا ترامپنىڭ پرېزىدېنتلىق ئىلتىماسىنى قوللاپ، بۇنىڭ ئۈچۈن زور مىقداردا پۇل چىقارغان سىياسىي ئىئانچىلەرنىڭ بىرىدۇر. 2016-يىلى نويابىردا ترامپ پرېزىدېنتلىققا سايلانغاندىن كېيىن، بروئىدى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ دۆلەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. بۇ ماقام ئۇنى ئاقساراينىڭ باش سېكرېتارى جون كېللىي (John Kelly) ۋە باش تەپتىش جېف سېشىنس (Jeff Sessions) قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

خاككېرلانغان ئېلخەتتىن سىرت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىش پىلانى ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى جورج خىگگىنبوسام (George Higginbotham)نىڭ دېلوسىدىكى سوت ھۆججىتىدىمۇ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ لوۋ ۋە مىشېل قوزغىغان يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئۈچۈن خىتاينىڭ نەچچە ئون مىليون دوللار پۇلىنى يۆتكەشتە ياردەم بەرگەنلىك جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلدى. 2017-يىلى 11 - ئايدا، ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرى بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، مورگان ستەنلېي (Morgan Stanley)، ۋېللىس فارگو (Wells Fargo) ۋە سىتىبەنك (Citibank) قاتارلىق ئامېرىكا بانكىلىرىغا 74 مىليون دوللارغا يېقىن پۇلنى مۇسادىرە قىلىش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتتى.

گو ۋېنگۈي بۇ مەخپىي پىلاندىن ھەيران قالغانلىقىنى ۋە بۇ پىلاننىڭ ئۇنىڭ مەسخىرىلىك ھالدا «مېنىڭ 3 مىلياردقا دوللارغا يارايدىغان ھاياتىم» دېيىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بروئىدىنىڭ گېپىگە كۆرە پارس قولتۇقى دۆلىتى — قاتار ئۇچۇن ئىشلەيدىغان خاككېرلار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئېلخەتلەردە بۇ پىلان تۇنجى قېتىم ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، گو ۋېنگۈي «دۇنيادىكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا ھاياتىغا باھا قويۇلغان. ھەتتا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەبىتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ھاياتىغا مىليارد دوللار باھا قويۇلغانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. مەن ئاشۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى» دېگەنىدى.

خىتاينىڭ گو ۋېنگۈينى قايتۇرۇپ كېتىش پىلانى مالايسىيانىڭ بروئىدىغا پۇل سۇڭگۇتۇپ، ئۇنىڭ ترامپ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكانىڭ «1MDB» دېگەن نامدا تونۇلغان «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قاراتقان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشىنى توختىتىش پىلانىنىڭ تۇغۇندى مەھسۇلاتى ئىدى. مەزكۇر ئىستراتېگىيەلىك مەبلەغ سېلىش ۋە تەرەققىيات شىركىتى (مالايسىيا) مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ، يەنى مالايسىيا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر. لوۋ ۋە باشقىلار «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»نىڭ ئوغرىلانغان نەچچە يۈز مىليون دوللار مەبلىغىنى ئامېرىكادا يۇيغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈلگەن. يۇيۇلغان پۇللارنىڭ 1 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان قىسمى بېۋېرلى تېغى مېھمانخانىسى (Beverly Hills hotel) قاتارلىق ھەشەمەتلىك ئۆي - مۈلۈكلەرنى، رېئاكتىپ ئايروپىلان ۋە زىبۇ - زىننەتلەرنى سېتىۋېلىشقا، شۇنداقلا «ۋال كوچىسى بۆرىسى» قاتارلىق ھوللىۋودنىڭ فىلىملىرىغا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە پارا بېرىشكىمۇ ئىشلىتىلگەن.

2018-يىلى 10 - ئايدا ئەرز قىلىنغان ۋە «چەتئەل چېرىكلىك قىلمىشلىرى قانۇنى»دا چەكلەنگەن پارا

بېرىش جىنايىتىنى سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن قاچقۇن لوۋ دەسلەپتە 2016-يىلى مىشېلغا يېقىنلىشىپ، «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قارىتىلغان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشىنى توختىتىش ئىشىدا بۇ ناخشىكەش (مىشېل)تىن ياردەم سورىغان. خىگگىنبوسامنىڭ جىنايەت ئېتىراپنامىسىدىكى سوت ھۆججىتىگە قارىغاندا، ئاندىن (ناخشىكەش) مىشېل، برويدىنىڭ ئايالى روبىن روسېنزۋېيگ (Robin Rosenzweig) بىلەن ئالاقىلاشقان. روبىن روسېنزۋېيگ مىشېلغا بۇ ئىشنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئادۋوكاتلىق ئورنى بولغان كولفەكس (Colfax) ئادۋوكاتلىق ئورنىغا تاپشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان، ئۇ مەزكۇر ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئاساسلىق ئىجرائات ئەمەلدارى ئىدى. لوۋ بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، برويدى ۋە روسېنزۋېيگ ھەر ئىككىسى مىشېل بىلەن كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈشتە، برويدى بۇ ئىككەيلەن (لوۋ ۋە مىشېل) بىلەن ھەمكارلىششقا قوشۇلغان، ئەمما (ئۆزىگە بېرىلىدىغان) پۇلنىڭ بىۋاستە لوۋنىڭ قولىدىن چىقسا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن 15 مىليون دوللار ھەق تەلەپ قىلغان، ئەمما ئىككى تەرەپ ئاخىرى سەككىز مىليون دوللارغا كېلىشكەن. 3-ئايغا كەلگەندە، برويدى ئەر - ئايال ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قاراتقان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن سالاچىلىق قىلىش بەدىلىگە، بۇ دېلو ئالتە ئاي ئىچىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، لوۋ ئۇلارغا 75 مىليون دوللارنى، ياكى بىر يىل ئىچىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا 50 مىليون دوللارنى ئارتۇق بېرىدىغانغا پۈتۈشكەن. (كېيىن، بۇ ھەقتە سوئال سورالغاندا) برويدى ۋە ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىرى بۇ ھەقتە جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدى.

خىگگىنبوسامنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، 2017-يىلى 3 - ئايدا، مىشېل ئۇنىڭغا لوۋنىڭ «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قارىتىلغان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشى دېلوسىدىن سىرت، ترامپ ھۆكۈمىتىگە (باشقا بىر ئىش ئۈچۈن) ئىككىنچى قېتىم سالاچىلىق قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئېيتقان ۋە بۇ قېتىم مالايسىيا ھۆكۈمىتى «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قارىتىلغان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشىنى توختىتىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلدىنمۇ «كۆپرەك پۇل تېپىش مۇمكىنچىلىكى» بارلىقىنى ئېيتقان.

مىشېل چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: لوۋ ئامېرىكادا ۋاقىتلىق ۋىزا بىلەن ياشاۋاتقان ۋە خىتاي رەھبەرلىرىنى ئاشكارا تەنقىدلەيدىغان «سابىق خىتاي پۇقراسى» گو ۋېنگۈينى ئامېرىكادىن خىتايغا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولغان. ئۇ يەنە برويدى ۋە باشقىلارنىڭ سىياسىي ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا سالاچىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، مىشېل خىگگىنبوسامغا گو ۋېنگۈينى يۇرتىغا قايتۇرۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۈي تيەنكەي (Cui Tiankai) بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتقان، ئۇلار 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى خىتاي ئەلچىخانىسىدا كۆرۈشكەن.

خىگگىنبوسام سۈي تيەنكەيگە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى شەخسىي پۇقرا سۈپىتىدە كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان، لوۋدىن ئىگىلىگەن ئالاھىدە ئۈچۈر بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى گو ۋېنگۈينىڭ (يەنى ئۇنى قايتۇرۇۋېتىش) مەسىلىسىگە كۈچەۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە گو ۋېنگۈينىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار قوشۇمچە ئارقا سەپ ئۈچۈرلىرىمۇ يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، خىگگىنبوسام مىشېلغا مۇزاكىرە قىلىنغان ئىشلارنى دوكلات قىلغان، ئاندىن مىشېل لوۋغا ئۆزىنىڭ ئەلچىخانىدىكى ئۇچرىششتىن رازى بولغانلىقىنى دوكلات قىلغان.

سوت ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، 2017-يىلى 5-ئايدىن 9-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، «نەچچە ئون مىليون دوللار» چەتئەلدىكى بىر خىتاي شىركىتى تەرىپىدىن مىشېلنىڭ كونتروللۇقىدىكى بانكا

ھېساباتىغا يۆتكەلگەن. بروېدى ۋە باشقىلار بۇ پۇلنى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قاراتقان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشىنى توختىتىشى ۋە گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىشى ئۈچۈن سالاچىلىق قىلىشقا ئىشلىتىلمەكچى ئىدى.

خىگگىنبوسام ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىر-لىقىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ خىتايغا ۋە لوۋغا ۋاكالىتەن سالاچىلىق قىلىشقا ئىشلەتكەن مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا ئامېرىكا بانكىلىرىنى ئالدىغانلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلدى. لوۋ بولسا غايىب بولدى، ئۇ شاڭخەيدە تۇرىۋاتىدۇ دەپ قارالماقتا. ئۇ «مالايسىيا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»گە قارىتىلغان پۇل يۇيۇش تەكشۈرۈشىنى توختىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇللاردىن نەچچە مىليون دوللارنى ئۆز چۆنتىكىگە سالغاچقا، ئۇنىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغانىدى. مىشېل 2019-يىلى 4-ئايدا فېدېراتسىپ چوڭ زاسېداتېللار ئۆمىكى تەرىپىدىن تۆت تۈرلۈك جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن، ئۇلارنىڭ بىرى لوۋ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چەتئەللىكلەرنىڭ سايلام ئىئانىسىنى قوبۇل قىلىش (بۇ ئامېرىكا قانۇنىدا چەكلىنىدۇ، ت) ۋە ئۇنى يوشۇرۇش جىنايىتى ئىدى. تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، لوۋ چەتئەل شىركەتلىرىدىن مىشېلنىڭ بانكا ھېساباتىغا 21 مىليون 600 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق پۇل يۆتكەشنى ۋە بۇ پۇلنى 2012-يىلدىكى ئىسمى ئاشكارىلانمىغان پرېزدېنت نامزاتىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇغان. لوۋ ۋە مىشېل ئىككىلىسى بۇ ئەيىبلەشنى رەت قىلغان.

بروېدى 2017 -يىلى 5-ئاينىڭ 6-كۈنى ئايالىغا يازغان ئېلخەتتە گو ۋېنگۈيگە مۇناسىۋەتلىك پىلان بايان قىلىنغان. بروېدى ئېلخەتتە: «مالايسىيالىقلار بىزنى راۋۇرۇس پۇل تاپقىلى بولىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى: خىتاي شى جىنپىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان، ھازىر نيۇيوركتا ياشاۋاتقان گو ۋېنگۈينى ئامېرىكادىن ئەكەتمەكچى» دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «گو ۋېنگۈي ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئەبۇزەبى شەھىرىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ 3 مىليارد دوللىرىنى قويۇۋەتكەن. مەن بۇ جەھەتتە سۆھبەتلەشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ئەبۇزەبى 3 مىليارد دوللارنى ئالىدۇ ۋە گو ۋېنگۈينى ئامېرىكادىن ئەبۇزەبىگە ئەكېتىدۇ. ئاندىن، گو ۋېنگۈينى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ماڭا دېيىلىشىچە، خىتاي بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل چىقىرىدۇ. ئەگەر پاكىت راست بولسا، مەن ئەبۇزەبىنىمۇ ھەق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايمەن» (7).

ئاندى بروېدى مالايسىيانىڭ يېقىندا ئەبۇزەبىگە قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن 1 مىليارد 200 مىليون دوللار تۆلىگەنلىكىنى ۋە خىتاينىڭ ئەبۇزەبىگە راسچوت تۆلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياردەملىرىگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. مالايسىيا بروېدىنىڭ خىتايغا ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان، شۇنداقلا خىتاي ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كېلىشىم تۈزۈشمەكچى بولغان. بروېدى «مەن ئۇلارغا ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىدىغانلىقىمنى، خىتاي بىلەن دۆلەت مۇداپىئەسى ياكى ئىنتېل (Intel) ئۆزەكلىرى سودىسى قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار ماڭا ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىم بولمىغان گو ۋېنگۈينىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى ئېيتتى».

ھەر ئىككى تەرەپ خاتالاشقانىدى. گو ۋېنگۈي ئامېرىكانىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك مەنبە، شۇنداقلا ئۇنى جىمىقتۇرۇشنى ئويلايدىغان خىتاي ئىستىخباراتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم نىشان ئىدى.

گو ۋېنگۈي بۇ پىلاننى «ھەيران قالارلىق ھېكايە» ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن 3 مىليارد دوللار، بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقانلارغا 100 مىليون دوللار تۆلەش پىلانىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ پىلانىغا كۆرە، مەن بىر قانچە دۆلەت ئارقىلىق ئامېرىكادىن مېنى تۇرمە، قىيىن - قىستاق ۋە ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغان خىتايغا ئەۋەتىلەتتىم. مەن پەقەت ئامېرىكانىڭ ياردىمى ۋە قوغدىشى سەۋەبلىكلا بۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتتىن ساقلىنالىدىم».

گو ۋېنگۈي «مەن لوۋ تايك جو (Low Taek Jho)نىڭ خىتايدىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجى-

لىك رەھبەرلەر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىمەن» دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، باي ئائىلىدىن كېلىپ چىقمىغان بۇ يىگىتنىڭ يانچۇقى يىگىرمە ياشلىرىدىن باشلاپ راۋۇرۇس تولۇپ تېشىپ باشلىغان. ئۇنىڭ نيۇيورك ۋە لوس ئانژېلېستا نەچچە مىليارد دوللار قىممىتىدە ئۆي-مۈلۈكلىرى بار ۋە ئۇ ھوللىۋۇدتا زور تەسىرگە ئىگە. لوۋ ئۆزىنىڭ ھەشەمەتچى تۇرمۇش ئۇسلۇبى سەۋەبلىك «كىت» دېگەن لەقەمگە ئېرىشكەن. ئۇ بىر قېتىم **1** مىليون **800** مىڭ دوللار خەجلەپ ھوللىۋۇدنىڭ داڭدارلىرىدىن پارىس خىلتون ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بەزمە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

گو ۋېنگۈي برويدىنىڭ «ئۇ ئەبۇزەبىدىكىلەرنىڭ پۇلىنى قويۇۋەتكەن» دېگەن گېپىنى ئىنكار قىلىپ، «ئەبۇزەبى ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن مېنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەپ باقمىدى. خىتاي پەقەت مېنىڭ بەزى گەپلەرنى دەۋەتكەنلىكىم ئۈچۈنلا ماڭا نۇرغۇن بەتناملارنى چاپلىدى. ئېنىقكى، مېنى جىمىقتۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن بەك مۇھىم» دېدى.

ئېلخەتتىن خىتاينىڭ پىلانىغا ھەمدەمدە بولغانلاردىن بىرىنىڭ، لوۋنىڭ سالاچىلىق ھەرىكەتلىرىگە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاتناشقان نىكى لۇم دېيۋىس **(Nickie Lum Davis)** ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. خاككېرلانغان ئېلخەتتە كۆرسىتىلىشىچە، ھاۋايدىكى **LNS Capital**پۇل مۇئامىلە شىركىتىگە يولدىشى لاررى دېيۋىس **(Larry Davis)** بىلەن ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان نىكى لۇم دېيۋىس لوۋ بىلەن توختام ئىمزالاپ، روبىن روسېنزۋېيگ ۋە ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. دېيۋىسنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گو ۋېنگۈيگە قارىتىلغان جىنايى ئىشلار ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئىچكى تىزىملىكىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ خىتاي بىلەن راۋۇرۇس قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ تىزىملىك ترامپ ھۆكۈمىتىگە سالاچىلىق قىلىشقا ئىشلىتىلەتتى.

خاككېرلانغان ئېلخەتلەرگە قارىغاندا، دېيۋىس يەنە باش تەپتىش جېف سېشىنس بىلەن ئالاقىلاشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشقان. شۇ خەتلەرنىڭ بىرىدە، سېشىنس گو ۋېنگۈيگە تەھ-دىت سالغان جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىر-لىقىنىڭ ئەمەلدارى سۈن لىجۈن بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سۈن لىجۈننىڭ گېنېرال لېيتېنانتلىق ئۇنۋانى بار بولۇپ، خىتاينىڭ «سىياسىي مۇداپىئە» ۋە خەلقئارا جاسۇسلۇق ھەرىكىتىگە مەسئۇل ئىدى.

سېشىنس **2017**-يىلى **5**-ئاينىڭ **28**-كۈنى دېيۋىسقا يازغان جاۋاب خېتىدە، «ئەگەر سۈن لىجۈن بىلەن كۆرۈشكەن بولسام، ئۇنىڭغا خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى قانۇنسىز پائالىيەتلىرىگە بولغان ئەندىشەمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتىم» دېگەن ۋە گو ۋېنگۈي ھەققىدىكى نيۇيورك ۋەقەسىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز خىتاي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلەرنى خىتايغا كېتىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكاغا كېلىپ، ئامېرىكا قانۇنىدا بار ۋە ئامېرىكا قانۇنىغا زىت بارچە ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالدۇق» **(8)**.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لاس ۋېگاس قىمار ساھەسىنىڭ ماگناتى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ دۆلەتلىك مالىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋىن **(Wynn)** شى جىنپىڭنىڭ گو ۋېنگۈينى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان خېتىنى ترامپقا تاپشۇرغان. گەرچە ۋىننىڭ باياناتچىسى بۇنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ۋىن ئاۋمېندىكى قىمارخانىسى سەۋەبلىك بۇ خەتنى يەتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان دەپ قارالماقتا. خىتاينىڭ كونتروللۇقىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تىجارەت قىلىشقا ئىجازەت بەرمىسە، ئۇ ئاۋمېندىكى قىمارخانىسىدا ئىش باشلىيالمايتتى.

دېيۋىس سېشىنسقا يازغان ئېلخەتتىن ئۇنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى مەلۇم. ئۇ 5 – ئاينىڭ **26** - كۈندىكى ئېلخەتتە «ھۆرمەتلىك باش تەپتىش سېشىنس، بۇ ئىشلار بەكلا مۇھىم، مەن ئۇلارنى ۋاقتىدا بېيجىڭغا دوكلات قىلىپ تۇردۇم، بېيجىڭ دائىرىلىرىمۇ بۇ ئىشلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. مۇئاۋىن مىنىستىر سىز كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردە مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەردى. ئۇ سىزگە ئەھۋالنى بىۋاسىتە تونۇشتۇرۇپ، خىتاينىڭ دۆلەت مەسلىھەتچىسى ۋە

جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى گو شېڭكۇن ئەپەندىنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېگەن ۋە يەنە شۇ كۈنى ئەتىگەنگە پىلانلانغان، FBI، كۆچمەنلەر ئىدارىسى ۋە تاموژنا قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى بىلەن بولغۇسى ئۇچرىشىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنىمۇ يەتكۈزگەن.

دېيۋىس سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «خېتىڭىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت، مەن سىز بىلەن تېخىمۇ يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، پرېزدېنتلىرىمىز (ترامپ بىلەن شى جىنپىڭنى دېمەكچى)نىڭ مار لاگو (mar lago) دىكى دىئالوگىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، (كەلگۈسىدىكى) قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە تور بىخەتەرلىك سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن (9).

سېشىنس بىلەن گو شېڭكۇن شۇ يىلى ئۆكتەبىردە خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ يىغىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەپتىدە كۆرۈشكەن بولۇپ، سېشىنس بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىتاينىڭ خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ كومپيۇتېر تورىغا خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

دېيۋىس بىلەن سېشىنس ئۆزئارا خەت يېزىشىپ بىر ئايدىن كېيىن، خىتاي گو ۋېنگۈينى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تېخىمۇ زور كۈچ چىقىرىشقا باشلىدى. دېيۋىس خوڭكوڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گو ۋېنگۈينى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئايالى، ئوغلى ۋە قىزىنى خوڭكوڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھۆججىتىنى ئېلخەت ئارقىلىق برويدى ئەر – خوتۇنغا ئەۋەتكەن. بۇ ھۆججەتتە «گو ۋېنگۈي ئامېرىكانىڭ ۋىزىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ساختا ماتېرىيال ئىشلەتكەن» دەپ ئەيىبلەنگەن (ئەمما، گو ۋېنگۈي بۇنى ئىنكار قىلغان). خىتاي يەنە ئەگەر ئامېرىكا گو ۋېنگۈينى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرسە، خىتايدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىككى ئامېرىكالىق مەھبۇسنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن.

گو ۋېنگۈي مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا قانۇن سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە، خىتايلار مېنى ئەكېتەلمىدى. مېنىڭ سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسىم ھازىر سوتتا بىر تەرەپ قىلىنىۋاتىدۇ. مەن ئېرىشكەن نۇرغۇن ئۇچۇرلار، بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىنى بۇزۇشقا (چىرىتىشكە) ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئامېرىكا دائىرىلىرىگە يەتكۈزۈلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكالىقلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزۈن قولىدىن ئېھتىيات قىلىشى، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى كېرەك».

گو ۋېنگۈينىڭ ۋەقەسى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى خىتاي ئۆكتىچىلەرنى ئەكېتىش ئۈچۈن، سالاپچىلىق قىلىش، زورلاش ۋە خاككېرلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى بېيجىڭنىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكا جەمئىيىتىگە قايسى دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خىتاينىڭ تەسىر نىشانى كونكرېت ۋە ئىستراتېگىيىلىكتۇر: ئەڭ مۇھىمى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ۋە كونتروللۇقىنى ساقلاپ قېلىش. ئاندىن بۇ نىشانغا ماس ھالدا خىتاينى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە تەيۋەن ئارىلىنى ئىشغال قىلىش.

ئامېرىكانىڭ سابىق ئىستىخبارات ئەمەلدارى پېتېر ماتتىس (Peter Mattis) نىڭ قارىشىچە، خىتاينىڭ چەتئەلگە بولغان تەسىرى ۋە ئارىلىشىشى 2015-يىلىدىكى «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»دا كۆرسىتىلگەن سىياسىي ھالەتنى كونترول قىلىش ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. بۇ قانۇن خىتاينىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىكى»گە شۇ قەدەر كەڭ ئېنىقلىما بەرگەنكى، مەزكۇر قانۇنغا كۆرە (ئاتالمىش «دۆلەت بىخەتەرلىكى»نى قوغداش ئۈچۈن) تەھدىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇش ئۈچۈن (كونكرېت رېئال تەھدىت بولمىغان تەقدىردىمۇ) ئالدىنئالا تەدبىر قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ قانۇندا «بىخەتەرلىكمۇ ئىدىيىۋى ساھەنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان خىياللىرىمۇ يوشۇرۇن خەتەردۇر» دەپ قارىلىدۇ. «كوممۇنىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنى خاتىرىلەش فوندى»نىڭ خىتاي ئىشلىرى تەتقىقاتچىسى ماتتىس دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي ئىشلىرىغا كومىتېتىغا بەرگەن گۇۋاھلىقىدا «بۇ تېمىلارنىڭ بىرىكىشى - ئىدىيىۋى ساھەدە ئالدىن تەدبىر قوللىنىش - خىتاي كومپارتىيەسىگە ئۆزى ھەرىكەت قىلىۋاتقان دۇنيانى ئۆزگەرتىش، چەتئەل سەرخىللىرىنىڭ خىتاينى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى پارتىيە دۆلىتىنى چۈشىنىش شەكلىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت بىر تەخىرسىز ۋەزىپىنى يۈكلىدى» دەيدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 2013-يىلى 4-ئايدا ئېلان قىلىنغان ئاخباراتىدا، پارتىيە ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر چوقۇم قارشى تۇرىدىغان خەتەرلىك ئىدىيەلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنىدى. ئۇلار ئاساسىي قانۇنلۇق دېموكراتىيە، پۇقراۋى جەمئىيەت ۋە غەربنىڭ ئەركىن ۋە ئېچىۋېتىلگەن تاراتقۇ ئۇقۇمىنى ھەرقانداق شەكىلدە ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەھدىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەھدىت توغرىسىدىكى بۇ بايانلار قۇرۇق نەزەرىيە ئەمەس. خىتاي 2015-يىلى بۇ «ئاساسىي پىرىنسىپ»تىن پايدىلىنىپ، خوڭكوڭدىكى بەش كىتاب ساتقۇچىنى خىتايدا چەكلەنگەن كىتابلارنى ساتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئالغان. «جاسۇسلۇق قانۇنى»نىڭ دائىرىسى جاسۇسلۇقتىن باشقا پائالىيەتلەرگىچە كېڭەيتىلىپ،خىتاينىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىدىكى «پاكىت ئويدۇرۇش ياكى بۇرمىلاش، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز ياكى ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىش ياكى تارقىتىش» دېگەن ئىبارىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى.

خىتاينىڭ بارغانسېرى ئەدەۋاتقان تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە مەسئۇل ئاساسلىق ئورۇن «مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى»دۇر. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوبۇل قىلىنغان، لېنىنچە كونترول قىلىش مېخانىزمى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «پارتىيەنىڭ دوستلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيەنىڭ (گو ۋېنگۈيگە ئوخشاش) دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىش»تۇر.

ماتتىس خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە مۇداخىلە ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش شەكىللەندۈرۈش، چەتئەللەردىكى كەڭ خىتاي ئاممىسىنى كونترول قىلىش ۋە چەتئەللىك دۈشمەنلەرنىڭ «سىياسىي يادروسى»نى نىشانلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خىتاينىڭ تەسىر كۈچى شەكىللەندۈرۈش ھەرىكەتلىرى (چەتئەللەردىكى) خىتايچە گېزىت ۋە رادىئو ئىستانسىسىلىرىنى سېتىۋالغاندىن باشقا، ئالقىشقا سازاۋەر تاراتقۇلاردىن ئامېرىكا سىملىق خەۋەر مۇلازىمىتى، بىرلەشمە ئاگېنتلىق قاتارلىق ئورگانلارغىچە كېڭەيدى. 2018-يىلى 12-ئايدا، بىر قانچە پارلامېنت ئەزالىرى بىرلەشمە ئاگېنتلىق (AP) قا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى سورىدى.

شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، بىرلەشمە ئاگېنتلىقنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى گارى پرۇيىت (Gary Pruitt) بېيجىڭدا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ باشلىقى سەي مىڭجاۋ (Cai Mingzhao) بىلەن كۆرۈشۈپ، يېڭى تاراتقۇ، سۈنئىي ئەقىل دېتاللىرى ۋە ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزگەن.

خىتاينىڭ تەسىرىدىن ئەنسىرىگەن ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى پرۇيىتقا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «بىرلەشمە ئاگېنتلىقنىڭ مۇستەقىل ئاخباراتچىلىقىغا تۇپتىن زىت ھالدا، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ يادرولۇق ۋەزىپىسى جامائەت پىكرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قانۇنىيلىقى ۋە قىلمىشلىرىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىپ شەكىللەندۈرۈشتۇر». بۇ خەتكە ئاۋام پالاتا ئەزالىرىدىن مايك گاللاگېر (Mike Gallagher) ۋە براد شېرمان (Brad Sherman)، كېڭەش پالاتا ئەزالىرىدىن توم كوتتون (Tom Cotton)، مارك ر. ۋارنېر (Mark R. Warner) ۋە ماركو رۇبىئو (Marco Rubio) ئىمزا قويغان.

«بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى شۇكى، بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۈچى ۋە نوپۇزىنى خىتايدىكى پۇقرالارغا ئاشكارىلايدۇ ۋە كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق پارتىيەنىڭ <قۇدرىتى>، شۇنداقلا خەلقئارادا ئۇنىڭ قانۇنىيلىقى ۋە نوپۇزىغا خىرىس قىلغۇدەك رىقابەتنىڭ يوقلۇقى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ»دېدى ماتتىس (10).

گو ۋېنگۈينىڭ دېلوسىدا كۆرسىتىلگەندەك، خىتاي ئۆز پىلانىنى ئىجرا قىلىشتا ھوقۇق مەركىزىگە يېقىنلىشالايدىغان كىشىلەردىن پايدىلاندى. بۇلار پۇل بىلەن ياكى «خىتايغا كىرىش ئىجازىتى» بىلەن كونترول قىلغىلى بولىدىغان نۇرغۇن سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە تەھلىلچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي چەتئەللەردىكى خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى بولغان ھەر قانداق باھا ياكى يازمىلارنى ئېلان قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنى «خىتاي ۋىزىسى» بەرمەسلىك بىلەن قورقۇتىدۇ. خىتاي سالاچىلىرىنىڭ غەيرىي رەسمىي رەھبەرلىرى ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى

ھېنرى كىسسىنجېر (Henry Kissinger) ۋە سابىق مالىيە مىنىستىرى ھېنرى پاۋلسون (Henry Paulson)دۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش پىكىردىكى خىتايپەرەس سودىگەرلەر بىلەن بىللە، خىتايدىكى ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە باشقا شىركەتلەرنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ماتتىس بۇ سىستېمىنىڭ قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ (11):

بۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ سابىق ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى ئامېرىكا شىركەتلىرى تۆلەيدۇ، ئەمما بېيجىڭ بەلكىم بۇ شىركەتلەرنى پالانى ياكى پوكۇنى مەسلىھەتچىنى تەكلىپ قىلىشقا بۇيرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ (ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان) خىزمەتلىرىنى مۇكاپاتلىشى مۇمكىن. بۇ شىركەت خىتايدا تىجارەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ، مەسلىھەتچىلەر (خىتايدىن) مائاش ئالىدۇ، ئاندىن ھېلىھەم ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان سەپداشلىرىغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «سالامى»نى يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ پېنسىيەگە چىققان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى خېلىلا زور. مەسىلەن، ئاۋىستىرالىيەنىڭ سابىق سودا مىنىستىرى ئاندرېۋ روب (Andrew Robb) 2016-يىلى ھۆكۈمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خىتاي شىركىتى بىلەن يىلىغا 880 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىلىق مەسلىھەتچىلىك توختامى تۈزۈشكەن.

بەشبۇرجەكلىك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى) 2019-يىللىق خىتاي ئارمىيەسى توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈنجى قېتىم خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ خەتىرىنى تەكىتلىدى. دوكلاتتا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ پىسخىكا ئۇرۇشى، جامائەت پىكرى ئۇرۇشى ۋە قانۇن ئۇرۇشىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۇرۇش» مېتودىنى ئىشلەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئۇرۇشلار مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى، ئاخبارات تەشكىلاتلىرىنى، شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى تىجارىي، ئاكادېمىك، سىياسىي تەشكىلاتلارنى ۋە خەلقئارالىق ئورگانلارنى نىشان قىلغان تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئىشلىتىلدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسىغا پايدىلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «گەرچە خىتاي ئۆزىنىڭ چەتئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيەسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چەتئەلگە تەسىر كۆرسىتىش پائالىيىتى خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە پايدىلىق دەپ قارالغان سىياسەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇزۇش ئۈچۈن چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاكىمىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە (ئۇلارنىڭ ئورنىنى) قوغداشقا زور دەرىجىدە مەركەزلەشكەن».

خىتاينىڭ تەسىر كۈچى، مۇداخىلىسى ۋە تەشۋىقاتىنىڭ خەتىرى شۇكى، ئۇ دېموكراتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنىڭ ئۇلۇغ سايلام مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكالىقلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي پۇقرالىق ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇرغۇن ساھەلەردە ئامېرىكانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىزچىل زەئىپلەتمەكتە.

كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ تەھدىتكە سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئەگەر ئامېرىكا ئەركىن ۋە ئوچۇق جەمئىيەتلىك ھالىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، چوقۇم ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)**

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**ھېكمەتيار ئىبراھىم ، ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

**Chapter 8: Chinese Intelligence Operations**

1 Edward Schwarck, "Intelligence and Informatization: The Rise of the Ministry of Public Security in Intelligence Work in China," *China Journal*, no. 80 (July 2018): 1–23, https://doi.org/10.1086/697089.

2 Bill Gertz, "Chinese Spied on Military Electronics in Florida," *Washington Free Beacon*, February 11, 2019, https://freebeacon.com/national-security/chinese-spied-on-military-electronics-in-florida/.

3 John C. Demers, Statement before the Committee on the Judiciary United States Senate for a hearing on China's non-traditional espionage against the United States, December 12, 2018, https://www.justice.gov/file/1121061/download.

4 John C. Demers, Statement before the Committee on the Judiciary United States Senate for a hearing on China's nontraditional espionage against the United States, December 12, 2018, https://www.justice.gov/file/1121061/download.

5 Interview with the author.

6 Interview with the author.

7 Interview with the author.

**Chapter 9: Influence Power**

1 Hudson Institute, Kleptocracy Initiative's web page, https://www.hudson.org/policycenters/31-kleptocracy-initiative.

2 US-China Economic and Security Review Commission, *2017 Report to Congress*, November 2017, 472, https://www.uscc.gov/sites/default/files/annual_reports/2017_Annual_Report_to_Congress.pdf.

3 Ibid, 473.

4 Ibid.

5 US-China Economic and Security Review Commission Hearing on Information Controls, Global Media Influence, and Cyber Warfare Strategy, May 4, 2017, 60–61, https://www.uscc.gov/sites/default/files/transcripts/May%20Final%20Transcript.pdf.

6 Ibid, 61.

7 Emails obtained by the author.

8 Emails obtained by the author.

9 Email obtained by the author.

10 Testimony to a congressional China commission.

11 Peter Mattis, "An American Lens on China's Interference and Influence-Building Abroad," The ASAN Forum, April 30, 2018, http://www.theasanforum.org/an-american-lens-on-chinas-interference-and-influence-building-abroad/.



ئاساۋېن سۇبساڭ،ئەرىن بانكو،
سپەنسېر ئاكېرمان، سەم برودېي

# خىتاينىڭ مىليونلىغان مۇسۇلماننى تۇتقۇن قىلىشى ترامپىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ

## كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان پەرۋاسىزلىق

**جون بولتون (John Bolton) (ئۆزىنىڭ يېڭى كىتابىدا) شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تامامەن قوللايدىغان بىر پىرزىدېنتنى سۈپەتلەپ بەردى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان بۇ گەپنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.**

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى جون بولتون ئۆزىنىڭ «ھەممىنى ئاشكارىلىۋەتكەن» يېڭى كىتابىدا ئاشكارىلىغان ئەڭ شەرمەندە ھادىساتلاردىن بىرى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى «دونالد ترامپىنىڭ خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرگەن»لىكى بولغان. ھالبۇكى، (ترامپىقىمۇ بەش قولدەك مەلۇم بولغىنىدەك) بۇ لاگېرلارغا سولانغانلار قىيىن – قىستاققا ئېلىنغان، ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن ۋە «قايتا تەربىيەلەنگەنىدى».

بولتوننىڭ بۇ يېڭى كىتابىدا «ترامپىنىڭ بۇ خىل ئىنسانىيەت كىرىزىسلىرىگە بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىشى، ئۆزىنىڭ قايتا سايلىنىشى ئۈچۈن چەتئەللىكلەردىن كېلىدىغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىر قىسمى» دېيىلگەن. لېكىن، بىر قانچە ئەمەلدار بىزگە بۇ پەقەت ترامپىنىڭ بۇ خىل قىلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىلا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سابىق ۋە نۆۋەتتىكى توققۇز نەپەر ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ترامپ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسانىيلىققا زىت كۆلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىققا

قارىتا تولىمۇ شەپقەتسىز، بىپەرۋا مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن.

ترامپ ئۇيغۇر كرىزىسى ھەققىدە توختالغاندا نەق مەيداندا شاھىت بولغان بىر نەپەر سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار «ئۇنىڭ (بۇ ئىشلار بىلەن) پەرۋايى پەلەك. بۇ ئىش (ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇملار) ئاشكارىلانغاندا، پرېزدېنت (ترامپ) ئۇنىڭغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىدى، ھەتتا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشقىمۇ ئۇرۇنمىدى» دەيدۇ.

ترامپ بولتوننىڭ كىتابىدىكى بەزى مەزمۇنلار ئاشكارىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا «ۋال كوچىسى» ژۇرنىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە، ئۆزىنىڭ شى جىنپىڭنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى قۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندىگەنلىكىنىڭ «راست ئەمەس»لىكىنى ئېيتتى. لېكىن، بۇ مەسىلە ھەققىدە پرېزدېنت بىلەن مۇزاكىرىلەشكەن باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىزچىل (ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان) بۇ كرىزىسقا ئىنتايىن بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە (ترامپ ھۆكۈمىتىدىكى) ئۈچ نەپەر سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، ترامپ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى پرېزدېنتلىق مۇددىتىنىڭ ئوخشىمىغان پەيتلىرىدە كىشىلىك ھوقۇقنى ئالاقىدار ئەھۋاللار ئۈزىگە دوكلات قىلىنغاندا، شۇ ھامان گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكەن. بەزىدە (ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسانىيلىققا زىت زۇلۇمغا ئوخشاش) قورقۇنچلۇق ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغاندا «مۇنداق دەڭ»، «راست شۇنداقمۇ؟» دېيىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. بۇ ئۇچۇر مەنبەلىرى ترامپنىڭ ئاشۇ خىل مۇزاكىرە جەريانىدىكى بىزارلىق كەيپىياتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۇنىڭ بۇ مۇزاكىرىلەرنى دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلىغانلىقىغىمۇ جەزم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. نورمال ئەھۋالدا، ترامپ دىنىي پائالىيەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەش دېگەندەك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا، مۇئاۋىن پرېزدېنت مايك پەنس (Mike Pence)كە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى مەسئۇل قىلىپ قويىدۇ.

نۆۋەتتە ترامپ ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر ئەمەلدارنىڭ دېيىشىچە، ترامپ بەزىدە شەخسىي ئۇچرىشىشلاردا (ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئوخشاش كرىزىسلار ھەققىدە) ۋاقىتلىق ئەندىشىسىنى ياكى غەزەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدىكەن. لېكىن، بۇ گەپنى قىلغۇچى يەنە ترامپنىڭ بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ بىردەملىكلا ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسكەرتتى. بۇ ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، بولتۇرنىڭ باشلىرىدىكى بىر سىياسىي مۇزاكىرىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، پرېزدېنت ترامپ: «بۇ قانداقسىغا بىزنىڭ مەسىلىمىز بولۇپ قالدى؟» دېگەن.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك ئەمەلدارى ئۇيغۇرلار سولانغان لاگېرلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «دۆلەت بىخەتەرلىك دائىرىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىمگە كۆرە، پرېزدېنتنىڭ بۇنىڭغا ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى ئىنتايىن ئېنىق».

ئەمما، ھۆكۈمەت خادىملىرى ئارىسىدا ترامپنى ئاقلايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارى «ترامپ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ» دېگەن گەپلەرگە رەددىيە بېرىپ، «پرېزدېنت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ، ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى سولانغان لاگېرلار مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش جەھەتتە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مەيدانىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىدى» دېدى. مەزكۇر ئەمەلدار تىلغا ئالغان ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سادىر قىلغان خىتاي شىركەتلىرىگە يۈرگۈزۈلگەن، ۋىزا چەكلىمىسى دېگەنگە ئوخشاش، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئېمبارگولار ئىدى.

دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى جون ئۇلىيوت (John Ullyot) «پرېزدېنت ترامپ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا جايلاردىكى ئۆز - ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان كىشىلەرنى قوغدايدىغانلىقىنى تەكرار ئىسپاتلىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى كۈندىن باشلاپلا، خاتا ئىش قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە ئاپپاراتلارغا خىرىس ئېلان قىلىپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە بۇنىڭغا زىت يول تۇتتى دەپ ئەيىبلەش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر» دېدى.

ترامپنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرىگە كۆرە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ قاماپ قويۇلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ كرىزىسقا پەرۋاسىزلىقى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلىرىنىڭ كەمچىللىكىدىن ئەمەس. ھەتتا خىتايغا ئوخشاش ئۇچۇر ھەردائىم قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان مۇستەبىت دۆلەتتىمۇ، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋالاتلار ئۇنىڭ پرىزدېنتلىق مەزگىلىدە تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىككەيلەننىڭ ئېيتىشىچە، ئىستىخبارات دائىرىلىرى ۋە باشقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ترامپقا كۆپ قېتىم دوكلات قىلغان بولۇپ، بۇ دوكلاتلار لاگېرلار ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇ يەرگە سولىغانلارنىڭ سانىغا ئالاقىدار كونكرېت ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

2007 - يىلىدىن 2015 - يىلىغىچە شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت ئىستىخبارات ئەمەلدارى بولغان پاۋل ھېر (Paul Heer) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ترامپنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ كۆلىمى ۋە سالمىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلىمەن». ھېر ھازىر «دۆلەت مەنپەئەتى مەركىزى» (Center for the National Interest)دە كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچى بولۇپ، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى «گەرچە مەن ترامپنىڭ كونكرېت قانداق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەنگەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، شۇنىسى تەبىئىيكى، بۇ تېما (يەنى ئۇيغۇر مەسىلىسى) بەكلا مۇھىم بولغاچقا، ئاقسارايغا سۇنۇلىدىغان دائىملىق دوكلاتلاردىن ئورۇن ئالماي قالمايدۇ. ئۇ (ترامپ) بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتكە ئىگە».

بەزىلىرى بولتوننىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان، سابىق ۋە نۆۋەتتىكى بىر قىسىم دۆلەت بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى يىللاردىن بېرى ترامپنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈندەپ كەلگەن. شۇنداقلا، بىز ئېرىشكەن دۆلەت بىخەتەرلىك مەھكىمىسىنىڭ تېلېگراممىسىغا كۆرە، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا پائال كۈچىگەن. مەسىلەن، 4 – ئايدا، ئامېرىكانىڭ گوللاندىيەدىكى باش ئەلچىسى پېتىر خوكسترا (Peter Hoekstra) گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن كۆرۈشكەن.

بىر پارچە تېلېگراممىدا «9 – ئاپرېل كۈنى باش ئەلچى خوكسترا بىلەن چۈشلۈك تاماق يېيىش جەريانىدا، مۇنبەر رەئىسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، بۇ يەردە ئىككى مىليوندىن بەش مىليونغىچە ئۇيغۇرنىڭ سولانغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇ «A / B / C دەرىجىلىرى»گە ئايرىلغان بۇ لاگېرلاردا قىيناش ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئەڭ قاتتىق تىزگىنلىنىدىغان دەرىجىدىكىلەرنىڭ ھەتتا قۇياش نۇرىنىمۇ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى» دېيىلگەن.

تېلېگراممىنىڭ داۋامىغا كۆرە، خوكسترانىڭ شۇ قېتىملىق تاماقتىن كېيىنلا ئېلان قىلغان تۋىتېر يازمىسى 4 – ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە «ناھايىتى زور دىققەت قوزغاپ، ئۇنى 148 ئادەم تارقاتقان، 264 ئادەم ئالقىشلىغان. بۇ يازما يەنە شۇ جايدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى چېن رىبياۋ (Ribiao Chen)نىڭمۇ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، ئۇ تۋىتېر يازمىسى ئارقىلىق بۇنى <كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئامېرىكادا يامرىغان خىتاي ۋىرۇسىدىن بۇراش> ئۈچۈن قىلىنغان، دېگەن».

ئەمەلدارلارنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدىن قالسا، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى، جۈملىدىن مۇئاۋىن دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى مات پوتىنگېر (Matt Pottinger) پرىزدېنت ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دەككىسىنى بېرىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە ھەققىدە بېسىم ئىشلەتكەن. دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى بۆلتۈر ئامېرىكالىق بىر ئۇيغۇرنى، يەنى ئەلنىگار ئىلتەبىرنى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەندى.

«بۇ ھۆكۈمەت ئىچىدىكى خىتايغا مايىللار بەكلا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئىش. ئۇلار بۇ ئارقىلىق مۇنازىرە تېمىسىنى (ئۆزلىرىگە) پايدىلىق ئۇسۇلدا يۆتكىۋەتكەندەك ھېس قىلىشىدۇ» دېدى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك ئەمەلدارى «ئۇلار <بىز سۆھبەت تېمىسىنى بۇرۇۋەتتۇق> دەپ قارايدۇ.

بۇ مەسىلە خەلقئارادا زور دىققەت قوزغىدى. شۇنداقلا، بۇنىڭ ھەممىسى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئۇلار ئەھۋالنى ماھىيىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتتۇق دېيەلەمدۇ؟ بۇنداق دېيىش تولىمۇ قىيىن».

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە بولسا، مۇنازىرە ئەھۋالى تامامەن پەرقلىق بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ بىردەك غەزىپىنى قوزغىدى ۋە (جۇمھۇرىيەتچى – دېموكراتتىن ئىبارەت) ئىككىلا پارتىيەنىڭ تەڭ ئاۋاز قوشۇشى نەتىجىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلمىغا قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزىدىغان قانۇن لايىھەسى 27 - ماي مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن (ئالدى بىلەن كېڭەش پالاتاسىدا تولۇق ئاۋاز بىلەن، ئاندىن ئاۋام پالاتاسىدا بىرگە قارشى 413 ئاۋاز بىلەن، ت) ماقۇللاندى. بولتون ترامپنى «شى جىنپىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى لاگېرلارغا سولىشىنى قوللىدى» دەپ ئەيىبلىگەن كۈنى، ترامپ «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»غا ئىمزا قويۇپ، ئۇنى رەسمىي كۈچكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى پەيشەنبە كۈنى، كېڭەش پالاتاسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارىسىدىكى خىتايغا قارشى ناھايىتى ئاز ساندىكى قاتتىق قوللار بولتوننىڭ كىتابىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مەسىلە ئارقىلىق غۇلغۇلا قوزغىماقچى، ھەتتا ترامپنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۈندىمەكچى بولۇشتى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى دائىم تەنقىد قىلىدىغان، كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېيمس لەنكفورد (James Lankford) بىزگە «مەن پرېزدېنتنىڭ <توغرا، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلغىنى ياخشى> دېيىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن» دېدى. ترامپنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە ئوخشاش ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىستىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا، لەنكفورد:«ترامپ ھېچ ئىش قىلمىدى ئەمەس. مەسىلىنىڭ قىيىن نۇقتىسى سىزنىڭ ئۇ قىلمىشنى ئۆزگەرتىدىغان پىشاڭ نۇقتىسىنى قەيەردىن تېپىشىڭىزدۇر» دېدى.

2014 – يىلى، بېيجىڭ دائىرىلىرى ئاتالمىش «زوراۋان تېرورىزىمغا قارشى قاتتىق زەربە ھەرىكىتى»نى باشلىدى. بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسلىدىنلا پەۋقۇلئاددە ئېغىر بېسىمنىڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىلىشى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىنى ۋە كۇلتۇرىنى يوقىتىشنى نىشان قىلغان ئۇشبۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى سىياسىي جەھەتتە قايتا تەربىيەلەش ۋە زوراۋان باستۇرۇشتۇر. بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ 2017 – يىلى 3 - ئايدا ئاتالمىش «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى تۇتقۇن قىلىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلىتىلدى. مەزكۇر «بەلگىلىمە»دە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىي ئېتىقادنىڭ سىرتقى ئىپادىلىرىدىن بولغان رومال – ياغلىق، خىتايلارنىڭ تەبىرى بويىچە «بىنورمال» ساقال قويۇش، ھەتتا ئۆز تۇرمۇشىدا دىنىي ئېتىقادىنى بىلدۈرۈشمۇ چەكلەندى.

شەرقىي تۈركىستانلىق قازاق غەيرەت ساماركان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىغا ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرىغا سولانغان جەرياندىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ 2017 – يىلى 10 – ئايدىن 2018 – يىلى 2 – ئايغىچە، ئالتە ملىڭ كىشى بار «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرىغا سولانغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەن قارا مەيدان تۈرمىلىرى (black-site prison)دە CIA تېرورىزم گۇماندارلىرىغا قوللانغان ئالاھىدە قىيىن – قىستاققا ئوخشاش قىيناشلار ئەۋج ئالغان. نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ئېلان قىلغان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 400 پارچىدىن ئارتۇق ئىچكى ھۆججىتىگە كۆرە، شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى ئامېرىكانىڭ «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى «تېرورىزمغا قارشى ئۇرۇش» ئەندىزىسىنى ئۆرنەك ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 2018 – يىلى 9 – ئايدىكى دوكلاتىغا كۆرە، سامارخان قولغا ئېلىنغان كۈنى بېشىغا خالتا كىيدۈرۈلگەن، پۇت – قوللىرىغا زەنجىر – كىشەن سېلىنغان، بىر خىل ھالەتتە مىدىر – سىدىر قىلماي 12 سائەت تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان. لاگېردىكى مەھبۇسلار تاماق يېيىشتىن ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن «ياشىسۇن شى جىنپىڭ» دەپ تۈۋلاشقا مەجبۇرلانغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يەنە شۇ دوكلاتىدا، 2018 – يىلى 9 – ئايغىچە، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) لاگېرلارغا تەخمىنەن بىر مىليون ئادەمنىڭ سولانغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. خىتاينىڭ ئۇنىدىدار دېتالى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىپ تۇرۇشى، شۇنداقلا يەنە يۈز تونۇش يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىش، بىئولوگىيىلىك ئۆلچەش ئۇچۇرلىرىنى ۋە DNA نى توپلاش جەھەتتە ئالدىنقى سەۋىيەگە چىققانلىقى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى قولغا ئېلىشىنى ئاسانلاشتۇرغان. شۇنىڭغا ئوخشاش مەزگىلدىكى كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىر كىشىنىڭ «سىياسىي تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولانغان، سوئال – سوراقسىزلا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە تۈرمىگە تاشلانغان» بىر قانچىلىغان ئۇرۇق – تۇغقانلىرى بارلىقىنىڭ تولىمۇ ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لېكىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر نەپەر سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ترامپنىڭ پرىزدېنتلىق مۇددىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا، ئاقساراي بىرەر قېتىممۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىن «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈش»نى تەلەپ قىلىپ باقمىغان.

«پرىزدېنتنىڭ بۇ ھەپتە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزىدىغان قانۇننى ئىمزالىشىنى ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدىن بەكرەك، جون بولتوننىڭ كىتابىدا ئاشكارىلانغان مەزمۇنلارغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس دېيىشكە بولىدۇ» دېدى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى.

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلغان كېڭەش پالاتاسىدىكى دېموكرات ياردەمچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى 2013 – يىلىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى جىددىي ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىغان، شۇنداقلا (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش تېخنىكىلىرىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 2013 – يىلىدىن 2018 – يىلىغىچە بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى تەلەپ قىلغان. ئۇ گەرچە ترامپنىڭ قانداق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەنگەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما 2017 – يىلى 4 – ئايدا، شى جىنپىڭ مارالاگو (Mar-a-Lago) نى زىيارەت قىلىشتىن، يەنى ترامپ بىلەن شى جىنپىڭ تۇنجى قېتىم يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى، ترامپقا (خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى توغرۇلۇق دوكلات سۇنۇلماسلىقىنىڭ «ئەقىلگە سىغمايدىغان»لىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ترامپ سودا كېلىشىمىنى ئاۋۋال ئويلىشىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شى جىنپىڭغا تولىمۇ مەپتۇنلۇقى دېگەندەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئاشكارا سورۇنلاردا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇم توغرىسىدا كەمدىن كەم توختالدى.

2019 - يىلى 7 - ئايدا، ترامپ ئاقسارايدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دىنىي ئاز سانلىقلارنىڭ بىر قانچە ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشتى. شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشنىڭ بىر قىسمى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى ياكى توردا بىۋاستە تارقىتىلدى. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى (جەۋھەر ئىلھام) ئىدى.

جەۋھەر ئىلھام ترامپقا «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى» توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ 2013 – يىلىدىن بۇيان تۇتقۇندىكى دادىسى (ئىلھام توختى)نى كۆرەلمىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ترامپ «ئۇ قەيەردە؟ خىتاينىڭ قەيېرىدە؟» دەپ ئىنكاس قايتۇردى...

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم ، ئەنۋەر قاراقۇرۇم

مەنبە:

https://www.thedailybeast.com/trump-couldnt-give-a-shit-about-china-rounding-up-millions-of-uighur-muslims?ref=scroll



# خىزمەت ئالاقىسىدىكى ئون ئورتاق خاتالىق

## ئالاقە بىخەستىلىكىدىن ۋە ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش

ئالاقىدە خاتالىق سادىر قىلىش كىشىنى تەڭقىسلىقتا قويىدۇ. مەسىلەن، ئېلخەتلەرنى تەكشۈرمەيلا ئەۋەتىۋەتسىڭىز ۋە ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا خاتالىق بارلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، باشقىلارغا بىپەرۋا، نائۇستا تەسىر بېرىپ قويىسىز.

ئەمما خىزمەت ئالاقىسى جەريانىدىكى باشقا خاتالىقلار تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ئىناۋىتىڭىزگە داغ چۈشۈرۈشى، خېرىدارلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشى، ھەتتا سىزنى كىرىمدىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن.

بىز بۇ ماقالىدە خىزمەت ئالاقىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئون خاتالىق ۋە بۇلاردىن ساقلىنىش ئۇچۇن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭىز ھەققىدە توختىلىمىز.

### 1-خاتالىق: تەييارلىغان ماتېرىيالىڭىزنى تەھرىرلىۋەتمەسلىك

ئىملا، ئۇندەش بەلگىلىرى ۋە گرامماتىكا جەھەتلەردىكى خاتالىقلار سىزنى بىپەرۋا كۆرسىتىپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا بارلىق ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئەۋەتىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈۋېتىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم.

ئىملا تەكشۈرۈش دېتاللىرىغا تايىنىۋالماڭ: ئۇلار خاتا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى سىزگە كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە، يازمىڭىزنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۆزىڭىز جەزم قىلالمىغان سۆزلەرگە دۇچ كەلگەندە لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلىڭ.

توغرا قوللىنىش قىيىن بولغان سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈۋېلىش سىزگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر تىزىملىكنى يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ.

ئۆز ئىشىڭىزدىكى خاتالىقلارنى بايقاش تەسكە توختايدۇ، شۇڭا مۇھىم ھۆججەتلەرنى يوللاشتىن بۇرۇن خىزمەتدىشىڭىزدىن كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەييارلىغان ماتېرىيالىڭىزنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇڭ. بۇ ئىملا خاتالىقلىرىنى بايقىشىڭىزغا پايدىلىق. ئاندىن، ئۆزىڭىزگە ماتېرىياللار ھەققىدە يەنە بىر ئويلانغۇدەك ۋە ئاخىرقى قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزگۈدەك ۋاقىت ئېلىپ قويۇڭ.

## 2-خاتالىق: يامان خەۋەرلەرنى ئېلخەت ئارقىلىق يەتكۈزۈش

گۇرۇپپىڭىزدا خادىم قىسقارتىدىغانلىقىڭىزنى ئېلخەت ياكى قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق ئېلان قىلامسىز؟ ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، ھەممەيلەننى بىئارام قىلىسىز.

(ئېلخەت ۋە قىسقا ئۇچۇرغا ئوخشاش) يېزىقچە ئالاقە قوراللىرى ئاۋاز ۋە ئاھاڭدىن مۇستەسنا بولغاچقا، يامان خەۋەرلەرنى ئاغزاكى شەكىلدە بايان قىلغاندىكىدەك يۇمشىتىپراق بايان قىلالمايسىز، شۇنداقلا (قارشى تەرەپتىن كۆرۈلىدىغان نارازىلىق دېگەندەك) كۈچلۈك ھېسسىياتلارنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەگەر سىز يامان خەۋەرلەرنى يەتكۈزمەكچى بولسىڭىز، يۈز تۇرانە يەتكۈزۈڭ ۋە قانداق قىلغاندا ئۇزاققا داۋاملىشىشى مۇمكىن بولغان پاسسىپ كەيپىياتلارنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيدىغانلىقىڭىز ھەققىدە ياخشى ئويلىنىڭ.

يامان خەۋەرلەرنى يۈز تۇرانە يەتكۈزسىڭىز، كىشىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىڭىزنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى ياكى ئۇچۇرلارنى ئەسلىدىكىدىنمۇ بەكرەك يامان ئويلىۋالغانلىقىنى ئاسانلا بايقىۋالالايسىز – دە، مەسىلىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ بېرەلەيسىز ياكى كىشىلەرنىڭ شۇ خەۋەرلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيسىز.

## 3 – خاتالىق: مۇشكۇل سۆھبەتلەردىن قېچىش

بەزى ۋاقىتتا، سەلبىي ئىنكاسلارنى بىلدۈرۈش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئادەم بۇ خىل سۆھبەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مايىل كېلىدۇ. ئەمما بۇ تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن - مەسىلەن، سىز «ئۆتكۈزۈۋەتكەن» كىچىك مەسىلىلەر (جۇغلىنىپ) ناھايىتى تېزلا چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

تەييارلىقنى پۇختا قىلىش قىيىن سۆھبەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. باشقىلارغا نېمە قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان چۈشىنىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ۋە خىزمەتچىلىرىڭىزنى ئۆز قىلمىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.

## 4 – خاتالىق: قەتئىي بولماسلىق

قەتئىيلىك باشقىلارنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجلىرىنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئوچۇق بايان قىلىشتۇر.

قەتئىي بولسىڭىز ھەممىشە ئىشىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋەرمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن، شۇ ئىشنى قىلىش ياكى مۇرەسسە قىلىشىش پۇرسىتىڭىز تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

قەتئىيلىك يەنە زۆرۈر تېپىلغاندا «ياق» دېيەلەشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شارائىت شۇنى تەقەززا قىلغاندا، ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، تەلەپنى سىپايە، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئەسكەرتىش:

قەتئىيلىك ئۆكتەملىك دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ ھوقۇقى، تەلەپلىرى ۋە ئېھتىياجى ھەققىدە ئويلانماستىنلا، ئۆزىڭىزنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا ئۇرۇنسىڭىز، بۇ ئۆكتەملىك بولىدۇ.

## 5-خاتالىق: جاۋاب قايتۇرماي، ئىنكاس قايتۇرۇش

ئۇمىدسىزلەنگەن چاغلىرىڭىزدا خىزمەتدىشىڭىزغا ۋارقىراپ - جارقىراپ باققانمىدىڭىز؟ ياكى سىزگە كەلگەن ئېلخەتكە ئۆزىڭىزنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ ئويلاشماستىنلا، قولىڭىزنىڭ ئۇچىدا قىسقا جاۋاب بېرىپ قۇتۇلغانمىدىڭىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىز سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ھېسسىي ئىنكاس قايتۇرغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بۇ خىل ھېسسىي ئىنكاس سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزگە زىيان يەتكۈزىدۇ. سىز بۇ خىل بىھۇدە كۈچلۈك ئىنكاسىڭىز ئارقىلىق كىشىلەرنى بىئارام قىلىشىڭىز، شۇنداقلا ئۇلارغا «ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان،

ھېسسىي ئەقلى كەمچىل ئادەم ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى بېرىشىڭىز مۇمكىن.

### 6-خاتالىق: پۇختا تەييارلىق قىلماسلىق

چالا تەييارلانغان تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالى، دوكلات ياكى ئېلخەتلەر ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىناۋىتىڭىزنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلىق قىلىش ۋە پىلانلاش تولىمۇ مۇھىم.

ئالدى بىلەن، يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ ئالاقىڭىزنى ئەتراپلىق پىلانلاڭ. ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزنىڭ ھېسسىياتىغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ماس كېلىدىغان ئىشەنچلىك، ئەقىللىق ۋە قايىل قىلارلىق ئۇچۇر ھاسىل قىلىشنى ئويلاڭ.

كوررېكتورلۇقتا (ئىملا ئوڭشاشقا)، رەسىملەرنى تېپىشقا ۋاقىت ئاجرىتىڭ ۋە ئۆزىڭىز تەييارلىغان ھۆججەتلەرنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزنىڭ يۇمشاق دېتالىغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ئاندىن، ئەگەر سىز نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ياكى دوكلات بېرىۋاتقان بولسىڭىز، پۇختا، تەكرار مەشىق قىلىڭ، شۇندىلا ئىپادىڭىز راۋان ۋە جانلىق بولىدۇ.

### 7-خاتالىق: «ھەممىگە ماس كېلىدىغان، ئۆزگەرمەس» ئالاقە ئۇسۇلىنى قوللىنىش

ئەگەر سىز «ھەممىگە ماس كېلىدىغان، ئۆزگەرمەس» ئالاقە ئۇسۇلىنى قوللانسىڭىز، كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان مىجەزى، ئېھتىياجى ۋە ئۈمىدىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، سىز ئالاقە جەريانىدا (كىشىلەرنىڭ خۇي – پەيلى ۋەھاكازالاردىكى) بۇ پەرقلەرنى ئىمكانقەدەر ياخشى ھەل قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر سىز بىر تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالى تەييارلاۋاتقان بولسىڭىز، كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئۆگىنىش ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىڭ ۋە بۇنىڭ دەل ئۆزىڭىز كۆتكەن ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلەردىن تارتىپ، قول سېلىپ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلارغىچە ھەممىسى تونۇشتۇرۇشىڭىزدىن نەپ ئالالايدۇ.

### 8 - خاتالىق: يېڭى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئوچۇق - يورۇق بولماسلىق

بۈگۈنكى خىزمەت ئورنى مىللەت، دىن، ياش، ئىقتىدار ۋە كۆز قاراشنىڭ «داشقازىنى»غا ئايلاندى. بۇ پەرقلەر تۇرمۇشىمىزنى زور دەرىجىدە رەڭدارلاشتۇرىدىغان مول تەجرىبە ۋە پىكىرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ھالبۇكى، كىشىلەر ئاسانلا يېڭى خىزمەتداشلار ياكى خېرىدارلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئويلىۋالىدۇ ياكى ئۇلار توغرىسىدىكى ئازغىنە بىر قانچە ئۇچۇرغا تايىنىپلا پەرەز قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئۇلار بىلەن ياخشىراق تونۇشۇشقا كۆپ ۋاقتىڭىز بولمىسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

(بۇ خىل ئاساسسىز) پەرەز ئوچۇق - يورۇق ئالاقە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى (بۇ ئەھۋالدا) سىز قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە خاس ئارقا كۆرۈنۈشى، مىجەزى ۋە كەچمىشلىرى بارلىقىنى نەزەردە تۇتمايسىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا، يېڭى بىرسى بىلەن كۆرۈشكەندە (ئۇلارنىڭ كەچمىشى، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ۋەھاكازالارنى) ئاڭلاش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىڭ. ئۇلارغا كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىش پۇرسىتى بېرىڭ ۋە بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىڭ.

ئاندىن، مەدەنىيەت پەرقىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، شۇندىلا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۈمىدىنى نەزەردە تۇتىدىغان بولىسىز. ئەگەر سىز دائىم چەتئەلدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن بىللە ئىشلىسىڭىز، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، مۇۋاپىق ھەرىكەت قوللىنالىشىڭىز ئۈچۈن كولتۇرەل ئەقىل ئۇقۇمى ئۈستىدە ئىزدىنىڭ.

### 9-خاتالىق: باشقىلار «مەقسىتىمنى چۈشەندى» دەپ ئويلىۋېلىش

ھەممىشە ۋاقىت چىقىرىپ كىشىلەرنىڭ مەقسىتىڭىزنى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈڭ.

مەسىلەن، ئېلخەت ئەۋەتكەندە، «ئەگەر ئۇچۇرلاردا چۈشەنمىگەن جايلىرىڭىز بولسا، تارتىنماي سوراۋېرىڭ»

دىگەندەك شەكىللەردە قارشى تەرەپنى ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.

ياكى، ئەگەر سىز مەلۇم تېمىدا دوكلات بەرگەن بولسىڭىز، ئاخىرىدا كىشىلەرگە مۇھىم نۇقتىلارنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ياكى سوئال سورايدىغان ۋاقىت ئاجرىتىڭ.

تەكلىپ:

مەقسىتىڭىزنىڭ توغرا چۈشىنىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، «قانداق»، «نېمىشقا» ياكى «نېمە» دېگەن شەكىلدە سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىنىشىغا ئىلھام بېرىدۇ، ھەمدە ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزنىڭ شەخس سۈپىتىدە سىزنىڭ نۇتۇق ياكى دوكلاتىڭىزدىن نېمە ھوسۇللارغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## 10-خاتالىق: ئېھتىياتسىزلىقتىن باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش

سەزگۈر مەزمۇندىكى ئېلخەتلەرنى خاتا ئادەمگە ئەۋەتىۋېتىپ باققانمىدىڭىز؟ ياكى ئېلخەتكە خاتا قوشۇم-چە ھۆججەتنى قوشۇپ ئەۋەتىۋېتىپ قالغانمىدىڭىز؟ بۇ خىل خاتالىقلار ئېغىر سودا مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىپ، تەڭقىسلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېلخەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنى تاللاشتىن بۇرۇن ئاۋۋال سەزگۈر ئۇچۇرلارنى يېزىۋېلىڭ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېلخەت ئادرېسىنى ئىككى قېتىم تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئېلخەت پروگراممىڭىز ئېلخەت ئادرېسىنى ئاپتوماتىك يېزىپ بېرىدىغان بولسا، بۇ ئىقتىدارنى ئېتىۋەتسىڭىز بولىدۇ، شۇنداق بولغاندا سەزگۈر ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالغۇچىغا خاتاسىز ئەۋەتەلەيسىز.

سىز بۇ ئېلخەتلەرنى ۋورد (**Word**) ھۆججىتىدە ياكى قۇرۇق ئېلخەتتە تەييارلىۋېلىپ، ئاندىن شۇ تېكىستنى يېڭى ئېلخەت كۆزنىكىگە چاپلىسىڭىز تېخىمۇ ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق ئۇچۇرنى بىللە ئەۋەتىۋېتىپ قالمايسىز.

ئەگەر سىز سەزگۈر ياكى مەخپىي قوشۇمچە ھۆججەت ئەۋەتسىڭىز، (ۋوردقا ئوخشاش) يۇمشاق دېتاللار تەرىپىدىن ئاپتوماتىك ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ياكى ئىزاھات قوشۇلۇپ قالغان ئەھۋاللارنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، توغرا نۇسخىسىنى ئەۋەتكەنلىكىڭىزنى جەزملەشتۈرۈڭ.

### مۇھىم نۇقتىلار:

ھەممە ئادەم ئازدۇر - كۆپتۇر ئالاقە خاتالىقى سادىر قىلىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، تەييارلىغان ماتېرىيالىڭىزنى تەھرىرلىمەسلىك، ئېلخەت يوللىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىگە دەخلى – تەرۇز قىلىپ قويۇش ۋە قەتئىي بولالماسلىق قاتارلىق كۆپ ئۇچرايدىغان خاتالىقلاردىن ساقلانسىڭىز، ئىناۋىتىڭىزنى قوغدىيالايسىز.

ياخشى ئالاقىنىڭ ئاچقۇچى ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلىششتۇر. ھەر بىر ئېلخەت، ھۆججەت ۋە تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلاڭ ھەمدە ئۆزىڭىزگە قايتا تەكشۈرىدىغان ۋاقىت ئايرىپ قويۇڭ.

ھەممىدىن مۇھىمى، ئالاقىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك جەريان ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. سوئاللارغا تەييارلىق قىلىڭ، ئاڭلىغۇچىلىرىڭىزنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سېلىڭ.

بۇ ئورتاق ئالاقە خاتالىقلىرىدىن ساقلانسىڭىز، ۋاقتىنىڭ ئۈنۈمىگە ئەگىشىپ، ئۇچۇرلىرىڭىزنىڭ سۈپىتى، ئىناۋىتىڭىز، خىزمەت مۇناسىۋىتىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ خىزمىتىڭىزدىن مەمنۇن بولۇش دەرىجىسى قاتارلىقلارنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىنى بايقايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

**https://www.mindtools.com/pages/article/common-communication-mistakes.htm**




# غۇلامىددىن پاختا

غۇلامىددىن پاختا يەتمىش يىلدىن بىرى ۋەتەن سىرتىدا ياشىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىمىزدۇر. ئۇ 1930-يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىككى ياش ۋاقتىدا ئانىسىدىن يېتىم قالغان. غۇلامىددىن پاختىنىڭ بالىلىق چاغلىرى جاللات شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بىرەسمىي ھالدا ئىدارە قىلىپ تۇرغان دەۋرىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا قەشقەر دوتىيى ئەخمەت پاختىنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلغان (1). شۇنداق قىلىپ، غۇلامىددىن چوڭ ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ دادىسى قەشقەردە قاتا پەيدا بولۇپ، قەشقەردە مەكتەپ ئاچىدۇ.

بۇ مەكتەپ قەشقەر شەھىرىنىڭ نوبېشى مەھەللىسىدە ئېچىلغان بولۇپ، مەكتەپكە «نەمۇنە» دەپ ئىسىم قويۇلغان. مەكتەپنىڭ ئېچىلىشى ۋە يۈرۈشۈشى گېنىرال مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، غۇلامىددىن پاختا مانا مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيە ئالغان.

غۇلامىددىن پاختا ئەپەندى ئۆز جەمەتىنىڭ «پاختا» لەقەبى بىلەن ئاتىلىشى توغرۇلۇق مۇنداق چۈشەنچە بەرگەن: «دادام ئەخمەتئاخۇن پاختا، ئۇنىڭ دادىسى مۆمىن چوڭ پاختا ۋە ئۇنىڭمۇ ئالدىدىكى ئەجدادلىرىمىز قەشقەردە پاختا يىغىپ، رۇسىيە ۋە باشقا ئەللەرگە پاختا سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر ئىكەن. چوڭ دادام مۆمىنئاخۇن چوڭ ۋە دادام ئەخمەتئاخۇننىڭ زامانىغا كەلگەندە دادام رۇسىيەدىن پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى ئېلىپ كىرىپ، توققۇزاق ھىلاكودىكى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدا پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان ئىكەن. بۇ زاۋۇتتا يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشلىگەن ئىكەن. شۇڭا قەشقەر خەلقى جەمەتىمىزدىن تارتىپ بىزنى ‹پاختا› دېگەن كەسپىي لەقەم بىلەن ئاتاپ كۆنگەن ئىكەن.»(2)

غۇلامىدىن پاختىنىڭ دادىسى ئەخمەت پاختا كاللىسى ئوچۇق، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى بولۇپ، تىجارەتتىن سىرت مىللەتنى ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان شەخسلەردىن بىرىدۇر. بۇ سەۋەبلىك ئەينى دەۋردىكى قەشقەر دوتىيى ئەخمەت پاختىنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئەخمەت پاختا بىر مەزگىلدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ، ئاقسۇەتتە ئاقسۇدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، بۇنىڭدىن سىرت تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەيدۇ. بۇ ھالدىن دەرغەزەپ بولغان ئاقسۇ دوتىيى ئەخمەت پاختىنىڭ قەشقەرگە قوغلىۋېتىدۇ. قەشقەردە قەشقەر دوتىيى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى بىر مۇھىم ۋەقەلىك «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇرچە بۆلۈمى تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بىز شۇ قۇرلارنى ئەينەن بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

غۇلامىدىن ئەپەندىنىڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر دوتىيى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئەخمەت پاختا كېچىدە مەخپىي ھالدا يەكەنگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆلۈم خېتى كېسىلگەن 6 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇس يەكەندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسىدا مەخپىي ھالدا ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ. قىلىچنى يالىڭاچلىغان جاللات ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ مۇدھىش دەقىقىدە ئەخمەت پاختا تاسادىپىي ھالدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئەخمەت پاختانىڭ كېيىنچە ئوغلى غۇلامىدىن ئەپەندىگە ئەسلەپ بېرىشچە، يەكەندىكى خىتاي ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق ھەربىي گازارمىنىڭ قوماندانى ئەينى زاماندا ئاقسۇدا ئەسكەر باشلىقى بولۇپ تۇرغان بىر خىتاي ئوفىتسېر ئىكەن. شۇ يىللىرى ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەسكەرلىرىگە بېرىلىدىغان مائاش ئۈزۈلۈپ قالغاندا، ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي بانكىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئەخمەت پاختادىن قەرز سورىغان ئىكەن. ئەسكەر باشلىقىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان بانكا باشلىقى ئەخمەت پاختا ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان ئەخمەت پاختا يەكەنگە ئېلىپ بېرىلىپ، جازانى ئىجرا قىلىدىغان مەيداندا ھېلىقى خىتاي ئوفىتسېر ئۇنى تونۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، ئەخمەت پاختانى چېپىش بۇيرۇقىنى توختىتىپ ئالىدۇ. خىتاي ئوفىتسېر ئەخمەت پاختانى ئايرىم بىر خانىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەخمەت پاختانىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. خىتاي ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇناسىۋەت تورىغا تايىنىپ ئاخىرى ئەخمەت پاختاغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنىڭ نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياكى ئۈرۈمچىدىكى مىلىتارىست ھاكىمىيىتىدىن ئەمەس، بەلكى قىزىل موسكۋادىن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئۇ ئەخمەت پاختانى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەرھال، يەنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ھىندىستانغا يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىشىنى، چەتئەلدىن ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسلىكىنى شەرت قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان ئەخمەت پاختا ئەسكى چاپانغا ئۇرۇنۇپ، قاغىلىق كۆكيار يولى بىلەن ھىندىستانغا قاچىدۇ. نەچچە ئون كۈن كېچىسى يول مېڭىپ، كۈندۈزى مۆكۈنۈپ، ئاخىرى ھىندىستان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھىندىستاندا ئىككى ئايچە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئەخمەت پاختا ئاخىرى بىر تونۇشىنىڭ ياردىمى ۋە قەرز بېرىپ تۇرۇشى بىلەن ئۇ يەردىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېتىدۇ.

ئەخمەت پاختانى يەكەنگە ئېلىپ بارغان مەپىكەش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەشقەرگە قايتىپ، توققۇزاق ھىلاكودىكى پاختا ئائىلىسىگە بارىدۇ ۋە ئەخمەت پاختانىڭ يەكەندە قەتلە قىلىنغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت پاختانىڭ قەشقەردىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇنى يەكەندە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، دەپ بىلىدۇ. ھەتتا ئوغلى غۇلامىدىن پاختامۇ تاكى 1940-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

ئارىدىن ئون يىللارچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. 1947-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جەنۇبقا ئەۋەتىدۇ. مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ

تەركىبىدە قەشقەرگە كەلگەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ خانىمى ئامىنە بۇغرا تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە ياش غۇلامىدىن پاختاغا دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بېرىدۇ.

ئەتىسى ئامىنە بۇغرا ئەخمەت پاختانىڭ ئىستانبۇلدىن ئەۋەتكەن سۈرىتى بىلەن مەكتۇپىنى ئېلىپ غۇلامىدىن پاختا سودا قىلىۋاتقان دۇكانغا كېلىدۇ. دادىسىنىڭ ئىستانبۇلدا چۈشكەن سۈرىتى بىلەن ئەۋەتكەن خېتىنى كۆرگەن غۇلامىدىن پاختا دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە رەسمىي ئىشىنىدۇ.

1946-يىلى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» گە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئىستانبۇلدىكى ئەخمەت پاختاغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ، يېڭى قۇرۇلغان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئېلىشىنى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەخمەت پاختامۇ مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ مەكتۇپىغا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ، يېڭى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قۇتلايدۇ.

ياش غۇلامىدىن بۇ خەۋەردىن كېيىن دەرھال تۈركىيەدىكى دادىسىغا خەت يازىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى ئەخمەت پاختادىن جاۋاب خەت كېلىدۇ ۋە ئوغلى غۇلامىدىننىڭ ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە كېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.(3)

بىراق، غۇلامىدىن پاختا ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇلاڭچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە شۇنچە ئىلتىماس قىلىپمۇ پاسپورت ئالالمايدۇ. 1949-يىلى كۈز ئېيىدا خىتاي ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە بىر نەچچە ھەپتىدە قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇشىنى ھېيتگاھ مەيدانىغا چاپلانغان ئېلان ئارقىلىق خەۋەر تاپقان قەشقەر خەلقى قاتتىق ئېغىر ساراسىمىگە چۈشىدۇ ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نامدار شەخسلەردىن ئىيسا يۈسۈپ ۋە مەمتىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ كارۋىنىدىن توققۇز كۈن بۇرۇن قەشقەردىن چەتئەلگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ بۇ سەپەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز 29 كۈن تاغ ئاتلاپ، قار كېچىپ ئاخىرى ھىندىستاننىڭ كەشمىر دېگەن رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جەرياندا 400 دىن ئارتۇق سەپەرداشلىرىمىز، سوغۇق، ئاچلىق ۋە تاغدىكى تۇتەكتىن زەھەرلىنىش بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى تاغ-داۋانلاردا قەپ قالدى. كېيىنچە تۇرلۇك يوللار بىلەن كەشمىرگە يېتىپ بارغان، تىبەت يولى ئارقىلىق خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن سوقۇشۇپ ئاخىرى چېگرا ئاتلىغان قازاق قېرىنداشلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا كەشمىردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 11 مىڭ بەش يۈز كىشىگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.»(4)

ياش غۇلامىدىن پاختا چەتئەلگە ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاتلانغان بولۇپ، چېگرادا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلانغان بۇ كارۋان 29 كۈن يول يۈرۈش ئارقىلىق ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا ئاچ-يالىڭاچ ۋە قۇرۇق قول ھالەتتە يېتىپ كېلىدۇ. سەپەر جەريانىدا بىر تۇركۇم كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، غۇلامىدىن پاختىنى كىچىكلىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان چوڭ ئانىسىمۇ مۇشۇ قېتىملىق سەپەر جەريانىدا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.

غۇلامىدىن پاختا كەشمىردە باشقا سەرگەردان ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قاتاردا ئالتە ئايدەك تۇرۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا تۈركىيەدىكى دادىسى ئەخمەت پاختىنىڭ تەلىماتى بويىچە تۈركىيەگە كېتىش ئۈچۈن تۈركىيە ۋىزىسى قويدۇرۇشقا بومبايغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ. غۇلامىدىن پاختىنىڭ قولىدىكى گومىنداڭ پاسپورتى، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قۇرغان ھىندىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئۇ بومبايدا بىرەر يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ ۋە تۈركىيەگە كېتەلمەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بومبايدىكى تۈرك كونسۇلخانىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇلاردىن تۈركىيەگە كېتىش ئۈچۈن ۋىزا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئامىتى كېلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا گەرچە ھېچقانداق قانۇنى كىملىكى بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بومبايدىكى تۈرك كونسۇلى ياش غۇلامىدىن پاختانىڭ

قىيىن ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تۈركىيەگە بارىدىغان ئالاھىدە يول خېتى بېرىدۇ. (5)

غۇلامىدىن پاختا 1951-يىلى ئاخىرى تۈركىيەگە بېرىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇ 21 ياشتا ئىدى. نەچچە ھەپتىلەپ سوزۇلغان دېڭىز سەپىرى ئارقىلىق ئىراقتا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، باغداتتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تۈركىيەگە قاراپ يولغا چىقىپ، تۈركىيەنىڭ ئادانا شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاخىرىدا ئىستانبۇل ھەيدەر پاشادا ئون تۆت يىلدىن بېرى كۆرۈشۈپ باقمىغان دادىسى ۋە بىر تۈركۈم ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ.

غۇلامىدىن پاختا كۈچلۈك ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن، ئاخىرى ئەنقەدەردىكى كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتىدا ئېلېكتېر ئېنېرگىيىسى كەسپى بويىچە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئىستانبۇلدىكى توپقاپى مۇزېيخانىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق كونترول بۆلۈمىگە تېخنىك خادىم سۈپىتىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىدۇ. يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچەيگەن غۇلامىدىن پاختا توپقاپى مۇزېيىدا بىر نەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1955-يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ گېرمانىيەگە ئوقۇشقا ئاتلىنىدۇ. 1956-يىلى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىگە قەدەم باسقان غۇلامىدىن پاختا، گېرمانىيەگە ئاياق باسقان تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يىللاردا ئامېرىكانىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى تەشۋىقات تۈرلىرىدىن بىرى بولغان «ئازادلىق رادىئوسى» ۋە «ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى» خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ. «ئازادلىق رادىئوسى» تۈركىستانچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋەلى زۇنۇن ئەپەندى ياش غۇلامىدىننىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى مەزكۇر رادىئونىڭ ئامېرىكالىق باش دىرېكتورىغا تونۇشتۇرىدۇ. ئەنە ئاشۇ ئويلاپ باقمىغان كۆرۈشۈشتە تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئامەت غۇلامىدىن پاختاغا ئۆز قۇچىقىنى ئاچىدۇ.

«ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ دىرېكتورى غۇلامىدىن پاختا بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇش تارىخى، خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئېلېكتر تېخنىكىسى بويىچە داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىنى بىر-بىرلەپ ئاڭلايدۇ. ئاخىرىدا ئۇ غۇلامىدىن پاختاغا كەلگۈسىدە مەزكۇر رادىئودا خىزمەت قىلىش شەرتىنى قويۇپ، ئۇنى نۇرېنبۇرگدىكى رادىيو-تېلېۋىزىيە تېخنىك ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى پۈتۈن ئوقۇش ۋە تۇرمۇش راسخوتىنى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.(6)

گېرمانىيەدىكى گۆتە ئىنىستىتۇتىدا يېرىم يىللىق جاپالىق تىل ئۆگىنىش كېيىن، غۇلامىدىن پاختا 1956-يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا غۇلامىدىن پاختا گېرمانىيەنىڭ نۇرېنبۇرگ شەھىرىگە جايلاشقان رادىئو-تېلېۋىزىيە تارقىتىش تېخنىك ئىنىستىتۇتىغا تولۇق ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن 4 يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. غۇلامىدىن پاختا نۇرېنبۇرگدىكى 4 يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى 3 يىلدا تاماملاپ، رادىيو-تېلېۋىزىيە تارقىتىش كەسپى بويىچە دىپلومغا ئېرىشىدۇ. 1959-يىلى «ئازادلىق رادىئوسى»غا خىزمەتكە چۈشىدۇ.

تۈركىي تىللاردىن ياخشى خەۋەردار تىرىشچان ياش غۇلامىدىن پاختانىڭ ئارقا-ئارقىدىن تەلەپ قىلىشى بىلەن ئاخىرى «ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۆزبېكچە پروگراممىلىرىنىڭ ئارىسىدا سىناق تەرىقىسىدە ھەپتىدە بىر پارچە ئۇيغۇرچە ماقالە ئاڭلىتىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، غۇلامىدىن پاختانىڭ قەلىمى ۋە ئاۋازىدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە پروگراممىا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ياڭرايدۇ.(7)

1960-يىلى غۇلامىدىن پاختا تۈركىيەگە كېلىپ، دادىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن كەشمىردە ئۆچرىشىپ قالغان ۋە ئاتا-ئانىسى غۇلامىدىن پاختىنىڭ دادىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلاردىن بىرىنىڭ گۈلنار قىز ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ گېرمانىيەگە كېتىدۇ. تۈركىيە پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1961-يىلى ئەلچىخانىدىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان غۇلامىدىن پاختا تەلەپكە بىنائەن خىزمىتىدىن رۇخسەت سوراپ، بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى تىزىملىتىدۇ.

ھەربىي مەكتەپ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئوقۇش ۋە دۆلەتكە خىزمەت قىلىش تارىخىنى

كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ «يېدەك سۇباي»، يەنى بىر يۈلتۇزلۇق زاپاس ئوفىتسېر ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. ئۇ، «يېدەك سۇباي» ئۇنۋانىنى ئالغان ھەربىي ئوفىتسېرنىڭ ئەگەر ئۇرۇش پارتلىسا، تۈركىيە ئارمىيەسىدە تەخمىنەن 100 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ.(8)

غۇلامىدىن پاختا يېرىم يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ ئەرزۇرۇم ۋىلايىتىدىكى قاراشلىق ئولۇر ناھىيىسىنىڭ تاشلىكۆي يېزىسىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە بۇ يەردە مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن بىر يېرىم يىل قالىدۇ. 1963-يىلى گېرمانىيەدىكى خىزمىتى ئۈچۈن گېرمانىيەگە قايتىدۇ.

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ سوغۇق ئۇرۇش باشلانغان يىللاردا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە تەسىس قىلغان «ئازادلىق رادىيوسى» ئەينى ۋاقىتتا غەرب دۇنياسىدىن تۈركىي تىللىرىدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان بىردىن-بىر رادىيو ئىدى.(9) خىزمەت داۋامىدا غۇلامىدىن پاختا غەرب دۇنياسىدىن ياڭرىغان تۇنجى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى روياپقا چىقىرىدۇ.

«ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى رەسمىي تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، 1960-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1970-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئادەم كۈچى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ ۋە رادىيو پروگراممىلىرىمۇ خىللىشىدۇ.

«ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى رەسمىي تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، 1960-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1970-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئادەم كۈچى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ ۋە رادىيو پروگراممىلىرىمۇ خىللىشىدۇ. 1966-يىلى غۇلامىدىن پاختا «ئازادلىق رادئوسى» تۈركىستان بۆلۈمىنىڭ نيو-يوركتا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئايالى ۋە تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا بىرقانچە يىل بولغان ئوغلىنى ئېلىپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىدۇ.(10)

كېيىنكى يىللاردا غۇلامىدىن پاختا باش شتابى نيۇ-يوركتىكى «ئامېرىكا تۈركىستانلىقلار بىرلىكى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سەۋەبلىك نۇرغۇن نەرسىلەر قۇربان قىلىنىپ كەلگىنى ھەقىقەت. شۇنىڭدىن بىرى، 1970-يىللاردا نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېتى ئىتتىپاقىنى يىقىتىش ئىستراتېگىيىسى سەۋەبلىك، خىتاي رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكاغا زىيارەتكە كېلىشتىن ئون بەش كۈن ئىلگىرى «ئازادلىق رادئوسى» ئاڭلىتىلىشى توختىتىپ قويىلىدۇ. ئون سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 1989-يىلى ۋاشىڭتوندا «ئەركىن ئاسىيا رادئوسى»دا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش قايتا باشلىنىدۇ.

غۇلامىدىن پاختا 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا مەرھۇم دوستى ھاجى ئاخۇن، يەنى ھاجى ئەھمەد بىلەن بىرلىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت جەمئىيىتى» ناملىق تەشكىلات قۇرىدۇ.

شۇ يىللاردا غۇلامىدىن پاختا ئەسلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت جەمئىيىتى» ئاساسىدا يېڭى بىر ئىلمىي ئورگان - «شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. ئۇ، پروفېسسور ئېدۋارد ئالۋورتنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدە 3 يېرىم يىل ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىدۇ.(11)

1991-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، بىر قىسىم غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار، جۈملىدىن ئۆزبېك مۇھاجىرلار: «بىزنىڭ دەۋايىمىز پۈتتى، رۇسلاردىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسى خىتاي بىلەن بولىدۇ. بىزنىڭ خىتاي بىلەن ئىشىمىز يوق، دۈشمەنلىمىزنى ئىككى قىلىۋېلىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.» دەيدۇ. بۇ ھال غۇلامىدىن پاختانى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» نى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.(12)

غۇلامىدىن ئەپەندى 1967-يىلىدىن باشلاپلا ئامېرىكىدا «تۈركىستان مىللىي كۇتۇپخانىسى» قۇرۇش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى شەرت-شارائىت بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. ئۇ شۇنىڭغا قارىماستىن داۋاملىق كىتاب-ماتېرىيال توپلايدۇ. 1990- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە

**غۇلامىدىن ئەپەندى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور ئېدۋارد ئالۋورتىنىڭ قوللىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى» ناملىق ئىلمىي جەمئىيەت قۇردى. كېيىنچە ئۆزىنىڭ ھاياتى بويى توپلىغان كىتاب-ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ بىر تور كۇتۇپخانىسى قۇرۇش پىلانىنى تۈزدى.**

**1980-يىللاردا خىتايدا خەلقئارا كىتاب سېتىش مۇلازىمىتى سىرتقا ئېچىلدى. بۇ ھال غۇلامىدىن پاختانى ئايرىلغىلى 30 يىلدىن ئاشقان ۋەتىنىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ بېيجىڭدىكى خەلقئارا كىتاب مۇلازىمەت شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىدا نەشر قىلىنغان يۈزلەرچە كىتابلارنى، «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «بۇلاق»، «مىراس»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ژۇرناللارنىڭ پۈتۈن سانلىرىنى سېتىۋالدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جەرياندا توپلانغان مىڭلارچە كىتاب-ماتېرىياللار ئۇنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىنى مۇھاجىرەتتىكى بىر خەزىنىگە ئايلاندۇردى. 2015-يىلىغا كەلگەندە 80 ياشتىن ئاشقان بۇ بوۋاي ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۆمۈر بويى توپلىغان كىتاب-ماتېرىياللىرىنى ئېلېكترونلۇق نۇسخىلاپ، «ئالتۇن ئوق» تور كۇتۇپخانىسى دېگەن نام بىلەن ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلدى. (13)**

**«مەن ئۆمۈر بويى يىغقان قىممەتلىك كىتاب-ماتېرىياللىرىمنى، ۋەتەن تارىخىغا دائىر ئەسەر-ۋەسىقىلەرنى، ھۆججەت خاراكتېرلىك بەلگە-ئەستىلىكلەرنى ۋە ئۆزۈم شاھىت بولغان ئىشلارنىڭ يازما خاتىرىلىرىنى توپلاپ چىقتىم. مەندىن خەلقىمگە بىر ئەستىلىك قالسۇن دەپ ›ئالتۇن ئوق‹ ناملىق تور بەتنى ئاچتىم ۋە ئۆمۈرلۈك يىغمىلىرىمنى بۇ تور بەتكە قويدۇم، » - دەيدۇ غۇلامىدىن پاختا ئەپەندىم.**

**ئۇ نيۇ-يوركنىڭ لوڭ ئايلاند رايونىدىكى شەخسىي تۇرالغۇسىدا زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغىنىدا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئالتۇن ئوق» ناملىق بۇ تور بەتنى ئاچقانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.**

**غۇلامىدىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك خەزىنىسى جۇغلانغان بۇ تور بەتكە ئىسىم تاللاشتا ئۇزاق ئىزدەنگەنلىكىنى، ئەڭ ئاخىرىدا «ئالتۇن ئوق» دېگەن بۇ نامنى بېكىتكەنلىكىنى، «ئالتۇن ئوق» نىڭ تارىختىن بۇيان ئەجدادلار قالدۇرغان بىلىم، تەجرىبە ۋە ئەستىلىكلەرگە سىمۋول قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشنى نىشان قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.(14)**

**غۇلامىدىن پاختا 1992-يىلىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى»نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ئاكتىپ ماسلاشتۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.**

**نۆۋەتتە ئامېرىكادا ياشاۋاتقان تەۋەررۇك ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىمىز غۇلامىدىن پاختا ئەپەندىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.**

**ئەسكەرتىش: بۇ تەرجىمىھال ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى مۇخبىرى قۇتلان ئەپەندىنىڭ غۇلامىدىن پاختا ئاكا ھەققىدە ئىشلىگەن 38 قىسىملىق چاتما سۆھبىتىگە ئاساسەن تەييارلاندى. ماقالىدىكى بارلىق مەزمۇن ۋە نەقىل مەنبەسى سۆھبەتتە كۆرسىتىلگەن بارچە سۆز-جۈملىلەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرى قۇتلاننىڭ ئەمگىكىدۇر.**

تەييارلىغۇچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم

**نەقىل مەنبەلىرى:**

https://www.rfa.org/uyghur/yoruq-sahillar/mehbusluq-meshqi-05162017130824.html/ghulamidin-paxta-05162017154444.html

# Uyghurs for sale

## ‘Re-education’, forced labour and surveillance beyond Xinjiang

# ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا

Vicky Xiuzhong Xu

with Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro, Nathan Ruser

ۋىكىي شۈ شيۇجوڭ، دانىيېل كېيىۋ، دوكتور جېيمىس لېيبولد ، كېلسېي مۇنرو ، ناسان رۇسېر



# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى يۆتكەش ئەھۋالى

(«ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا» ناملىق دوكلاتنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى)

قوشۇمچە:

1 : شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى يۆتكەش ئەھۋالى

| ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكەش | چېتىشلىق خىتاي زاۋۇتى | مۇشۇ زاۋۇتلار مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدىغان خەلقئارالىق شىركەت - ماركىلار |
|---|---|---|
| 2014- يىلىدىن 2018 – يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىدىن 390 ئادەم خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىشلەش ئۈچۈن يۆتكەلگەن (151). 2019 – يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بۇ ناھىيەدىن 551 ئادەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن (152).<br>بۇ بىر قېتىمدا جياڭسۇنىڭ چاڭجوۋ دېگەن يېرىگە يۆتكەلگەن ئىشچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (153). 2019 – يىلى 7 – ئايدا 41 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى چاڭجوۋدىكى KTK گۇرۇھىغا يۆتكەلگەن (154) | KTK گۇرۇھى [(今创控股集团) جىنچۇاڭ پاي كونترول گۇرۇھىمۇ دېيىلىدۇ] ئاساسلىقى تۆمۈر يول ترانسپورتى ئۈسكۈنىلىرىنى ياسايدۇ. بۇ ئىشىك سىستېمىسى، ئىچكى قىسىم ۋە باشقا زاپچاسلارنى ئىشلەپچىقىرىش، لايىھەلەش، تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (155). | KTK گۇرۇھىنىڭ تور بېتىگە كۆرە، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى Alstom، Bombardier، CRRC (جوڭچې (中车) پاي چەكلىك شىركىتى) ۋە Siemens قاتارلىق شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، مەزكۇر گۇرۇھ يەنە Alstom، Bombardier، CRRC ۋە Hitachi قاتارلىق شىركەتلەر بىلەن ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتقان (156).<br>خىتاينىڭ تارماق تۆمۈر يول ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى بولغان CRRC باشقا ئىككى شىركەت بىلەن بىرلىكتە ئىككى مىليارد ئاۋستىرالىيە دوللىرى (1.5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى)لىق توختامىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، هازىر مېلبۇرنىنىڭ يېڭى يۈقىرى سىغىمچان پويىزلىرىنى ياساۋاتىدۇ (157). |
| 2017 – يىلى 5 – ئاينىڭ 1 – كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىن 1200 ئادەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 700 ئادەم جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىدىكى ئوۋفېيگۇاڭ پەن – تېخنىكا پاي – چەكلىك شىركىتىگە ئاپىرىلدى (159).<br>بەش ئايدىن كېيىن، خوتەن ھۆكۈمىتى ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى يەنە 1300 ئىشچى بىلەن تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان (160).<br>2017 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆزىنىڭ ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بىر ئۇيغۇر، بۇ شىركەتتە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتتى (161). | ئوۋفېيگۇاڭ پەن – تېخنىكا پاي – چەكلىك شىركىتى (欧菲光科技股份有限公司) ئەقىللىق تېلېفون، خاتىرە كومپيۇتېر ۋە ماشىنىلار ئۈچۈن ئىنچام كامېرا مودېلى ۋە سېزىمچان ئېكران ئىشلەپچىقىرىدۇ (162). | ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىنىڭ تور بېتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:<br>Acer, ASUS, Amazon, BAIC Motor, Changan Automobile, Dell, GAC Group (automobiles), Geely Auto, General Motors, HP, HTC, Huawei, Lenovo, LG, Meizu, Microsoft, Oppo, SAIC Motor, Samsung, SGMW, Sony, Vivo, Xiaomi and ZTE (163).<br>ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتى يەنە 2017 – يىلى ئالما شىركىتى ئۈچۈن، ئايفون 8 ۋە ئايفون X تېلېفونلىرىنىڭ كامېرالىرىنىڭ ھالقىلىق زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقارغان (164). بۇ شىركەت ھېلىھەم ئالمىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەر تىزىملىكىدە بار (165). 2017 – يىلى، ئالما شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى تىم كۇك بۇ شىركەتنى زىيارەت قىلغان .(166) |
| 2019 – يىلىنىڭ بېشىدا خەۋەر قىلىنغىنىدەك، 46 نەپەر ئىشچى (بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلارمۇ بار) (167) شەرقىي تۈركىستاننىڭ تېكەس ناھىيەسىدىن جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭ شەھىرىدىكى نەنجىڭشىن پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتىگە يۆتكەلگەن (168). | نەنجىڭشىن پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتى (南京新一棉纺织有限公司 / 南京新一棉纺织印染有限公司) گۇەنخۇا خەلقئارالىق پاي كونترول شىركىتى (冠华国际控股有限公司)نىڭ شۆبىسى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پاختا، توقۇمىچىلىق يىپى ۋە CVC يۇڭ يىپى ئىشلەپچىقىرىدۇ (169). | خىتايدىكى ۋاسىتىچى ۋە مەبلەغ بانكىسى بولغان خىتاي سامانيولى بىخەتەرلىكى (China Galaxy Securities)نىڭ دوكلاتىغا كۆرە، گۇەنخۇا خەلقئارالىق پاي كونترول شىركىتىنىڭ خېرىدارلىرى Calvin Klein، Carter’s، لىنىڭ، The North Face قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .(170) |

| | | |
|---|---|---|
| 2018 – يىلى، ئاۋات ناھىيەسىدىن 1554 كىشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن. بۇ زاۋۇتلار ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خېفېي مېيلىڭ پاي چەكلىك شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (171). | خېفېي مېيلىڭ پاي چەكلىك شىركىتى (合肥美菱股份有限公司) خىتاينىڭ ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىسى بولۇپ (172)، ئۇ توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئاشخانا ئەسلىھەلىرى ۋە باشقا كىچىك ئۆي ئەسلىھەلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (173). | 2017 – يىلى، مېيلىڭ شىركىتى ئىتالىيەدىكى كەندىي (Candy) شىركىتىنىڭ مەخسۇس تەمىنلىگۈچىسگە ئايلانغان (174). خىتايدىكى مەلۇم بىر تاراتقۇنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، مېيلىڭ شىركىتى شىۋېتسىيەدىكى Electrolux شىركىتى ئۈچۈن توڭلاتقۇ ئىشلەپچىقارغان (175). |
| 2017 – يىلىدىن 2019 – يىلى 11 – ئايغىچە، 491 ئىشچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇمشۇق شەھىرىدىن خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى دوڭگۇەن لۇجوۇ ئاياغچىلىق شىركىتىگە يۆتكەلگەن (176). | دوڭگۇەن لۇجوۇ ئاياغچىلىق شىركىتى (东莞绿洲鞋业有限公司) تەيۋەننىڭ دالىبۇ گۇرۇھىنىڭ (大力卜集团) تارمىقىدىكى ئاياغچىلىق شىركىتىدۇر (177). | مەزكۇر شىركەتتە پراكتىكا قىلىۋاتقان تەيۋەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېيىشىچە، دوڭگۇەن لۇجوۇ ئاياغچىلىق شىركىتى ئامېرىكادىكى «Skechers» شىركىتى ئۈچۈن ئاياغ تىكىدىغان ئاساسلىق زاۋۇت ئىكەن (178). |
| 2017-يىلى 4 - ئايدىن 2018 - يىلى 6 - ئايغىچە، 2048 ئۇيغۇر ئىشچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى 15 زاۋۇتقا يۆتكەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياگېئېر رەڭلىك توقۇمىچىلىق پاي كونترول چەكلىك شىركىتىمۇ بار (179). ياگېئېر رەڭلىك توقۇمىچىلىق پاي كونترول چەكلىك شىركىتى 2019 – يىلىدىكى «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» يىغىنىدا ئەنخۇي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەمگەك كۈچى يۆتكەشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى قوبۇل قىلىشنى ئازۇلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن (180). | ياگېئېر رەڭلىك توقۇمىچىلىق پاي كونترول چەكلىك شىركىتى (雅戈尔色纺科技公司) توقۇلما بۇيۇملار ۋە توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (181). ئۇنىڭ يەنە شەرقىي تۈركىستاندا بىر قانچە تارماق شىركەت ۋە زاۋۇتلىرى بار (182). | ياگېئېر گۇرۇھىنىڭ ئورگان تور بېكىتىدە دېيىلىشىچە، ئۇ Cerruti 1881 ۋە Zegna نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە خەلقئارالىق ماركا بىلەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت بۇ گۇرۇھنىڭ يەنە Hart Schaffner Marx ۋە Mayor دېگەندەك ئۆزىگە تەۋە ماركىلىرىمۇ بار ئىكەن (183). ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى شىركىتى تۆۋەندىكى ماركىلار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان: Calvin Klein, Gap, Jack & Jones, Lacoste, L.L.Bean, Marks & Spencer, Polo Ralph Lauren, Tommy Hilfiger, Uniqlo (184). |
| 2017 - يىلى 4 - ئايدىن 2018 - يىلى 6 - ئايغىچە، 2048 ئۇيغۇر ئىشچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى 15 زاۋۇتقا ئېلىپ كېلىنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق - مودا چەكلىك شىركىتىمۇ بار (185). | خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق - مودا چەكلىك شىركىتى (安徽淮北华孚色纺 / 华孚时尚有限公司) پاختا، رەڭلىك تالا ۋە ئارىلاش رەڭلىك يىپ ئىشلەپچىقىرىدۇ (186). | خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق - مودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك خېرىدارلىرى Adidas، Abercrombie & Fitch، Lacoste، Puma، Zara ۋە H&M قاتارلىق ماركىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (187). Adidas بىلەن A&F شىركەتلىرى مەركىزىمىزگە يېقىندا ئۆزىنىڭ خۇافۇ شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىشنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇافۇ شىركىتى يەنە ۋىكتورىيەنىڭ مەخپىيىتى (Victoria's Secret) ماركىلىق مەھسۇلاتلارنىمۇ يىپ بىلەن تەمىنلەيدۇ (188). ھالبۇكى، مەزكۇر ماركىنىڭ ئانا شىركىتى بولغان «L Brands» ئۆز تەمىنلىگۈچىلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. |

| | | |
|---|---|---|
| 2019 – يىلى 3 – ئاي ۋە 4 – ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاراقاش ناھىيەسىدىكى 131 نەپەر يەرلىك مىللەت ئاياللىرى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈەنشى بازىرىدىكى خەيشىن تازىلىق بۇيۇملىرى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە يۆتكەلگەن. بۇ يەردىكى زاۋۇتتا، ئۇلار ھەر ھەپتىدە ئۈچ كۈن مەجبۇرىي خىتايچە دەرسكە قاتناشتۇرۇلغان (189). | خەيشىن تازىلىق بۇيۇملىرى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى (海兴卫生用品集团有限公司) ماسكا ، خالات ۋە ئاياغلىق قاتارلىق بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان داۋالاش ۋە قوغداش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (190). | خەيشىن تازىلىق بۇيۇملىرى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ تور بېتىگە كۆرە، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاتمىش پىرسەنتى ياۋروپاغا، يىگىرمە پىرسەنتى ئامېرىكاغا، ئون بەش پىرسەنتى ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ (191). |
| 2017 – يىلى 11 – ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ گۇما ناھىيەسىدىكى 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئىشچى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدىكى خەنبو ئىلغار – يېڭى تېخنىكىلىق ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتىگە يۆتكەلگەن (192). 2018 – يىلى، 544 نەپەر ياش ئۇيغۇر گۇما ناھىيەسىدىن خەنبو شىركىتىنىڭ خېفېي شەھىرىدىكى يەنە بىر تارماق شىركىتى بولغان خېفېي فۇيىڭ فوتوئېلېكتىر چەكلىك شىركىتىگە يۆتكەلگەن (193). | خەنبو ئىلغار – يېڭى تېخنىكىلىق ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتى (翰博高新材料（合肥）股份有限公司) يانفون، خاتىرە كومپيۇتېر ۋە ماشىنىلار قاتارلىق ئەقلىي ئۈسكۈنىلەر ئۈچۈن ئارقا چىراغ ئىشلەپچىقىرىدۇ (194).<br>خېفېي فۇيىڭ فوتوئېلېكتىر چەكلىك شىركىتى (合肥福映光电有限公司) خەنبو ئىلغار – يېڭى تېخنىكىلىق ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتىدۇر (195).<br>خەنبو شىركىتىنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىنچىسى خىتايدىكى جىڭدوڭفاڭ پەن – تېخنىكا گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى (京东方科技集团股份有限公司)گە مەھسۇلات سېتىشتىن كېلىدۇ (196)، جىڭدوڭفاڭ شىركىتى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئېكران ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەردىن بىرىدۇر (197). | خەنبو شىركىتىنىڭ تور بېتىگە كۆرە (198)، ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرى LG Display ۋە Japan Display Inc نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەنبو شىركىتىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى (199) ۋە خىتاينىڭ سۇيۇق كرىستاللىق ئېكران ساھەسىنىڭ ئادرېس توپلىمى (200)غا كۆرە، خەنبو شىركىتىنىڭ ئاداققى خېرىدارلىرى Dell، Lenovo، Samsung ۋە Sony قاتارلىق ئەقلىي ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرنى، شۇنداقلا BMW، Jaguar، Land Rover، Mercedes – Benz ۋە Volkswagen قاتارلىق ئاپتوموبىل شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (201).<br>خەنبو شىركىتىنىڭ تىجارەت كىرىمىنىڭ 79.19 پىرسەنتى بېيجىڭدىكى دۆلەت ھالقىغان، جىڭدوڭفاڭ پەن – تېخنىكا گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىگە مەھسۇلات سېتىشتىن كېلىدۇ. جىڭدوڭفاڭ شىركىتى نۆۋەتتە خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ئېكران تەمىنلىگۈچىسى، شۇنداقلا 2021 – يىلىغا بارغاندا ئالما شىركىتىنىڭ ئىككىنچى چوڭ نۇرلىنىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىلىق (OLED) ئېكران تەمىنلىگۈچىسىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا (202). جىڭدوڭفاڭ شىركىتى ھېلىھەم ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەر تىزىملىكىدە بار (203). |
| 2018 – يىلى 5 – ئاينىڭ 17 – كۈنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېرىيە ناھىيەسىدىن 105 ئۇيغۇر خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەننىڭ شەھىرىدىكى خۇبېي يىخوڭ سىپتا ياسىمچىلىق چەكلىك شىركىتىگە يۆتكەلگەن (204). | خۇبېي يىخوڭ سىپتا ياسىمچىلىق چەكلىك شىركىتى (湖北奕宏精密制造有限公司) دوڭگۇەن يىدوڭ ئېلېكترونلۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتى بولۇپ، ئۇ ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنىڭ ئارقا چىراغ ۋە باتارىيە قېپى دېگەندەك نازۇك زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (205). | ئۇلارنىڭ تور بېتىگە قارىغاندا، دوڭگۇەن يىدوڭ ئېلېكترونلۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۆۋەندىكى شىركەتلەرنى بىۋاسىتە مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدۇ:<br>BYD, Goertek, Mitsumi, TDK, Toshiba ، BOE ۋە Kyocera.<br>ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئاداققى خېرىدارلىرى يەنە تۆۋەندىكى شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:<br>Amazon, Apple, Cisco, General Electric, Google, Haier, HP, Huawei, Microsoft, Mitsubishi, Nintendo, Oculus, Oppo, Panasonic, Samsung, Siemens, Sony, ZTE (206).<br>General Electric شىركىتىنىڭ باياناتچىسى دوڭگۇەن يىدوڭ ئېلېكترونلۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ياكى ئۇنىڭ تارماق شىركىتى بولغان خۇبېي يىخوڭ سىپتا ياسىمچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى.<br>بۇ دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، خۇبېي يىدوڭ شىركىتى ئۆزىنىڭ تور بېتىنى ئېتىۋەتتى. Haier شىركىتىمۇ بۇ شىركەت ئۇنىڭ تەمىنلىگۈچىسى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. |

| | | |
|---|---|---|
| 2018 – يىلى 2 – ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھرىگە يېقىن جايدىكى پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى «كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم»دىن 63 ئادەم خىتاينىڭ ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى «خاۋيۇەنپېڭ كىيىمچىلىك گۇرۇھى شىركىتى»گە يۆتكەلدى (207).<br>مەركىزىمىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھ رەسىملىرى تەھلىلى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە كۆرە، بۇ مەكتەپ 2017 – يىلىدىن باشلاپ، «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرىغا ئايلاندۇرۇلغان (208). | «خاۋيۇەنپېڭ كىيىمچىلىك گۇرۇھى شىركىتى» (安徽浩缘朋制衣集团公司) ماموۇق چاپان، ئازادە ئىشتان ۋە بالىلار كىيىم-كېچەكلىرى قاتارلىق كىيىم-كېچەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇنىڭ خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر قانچە شىركىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى «قەشقەر خاۋيۇەنپېڭ كىيىمچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى»(喀什 浩 缘 朋 服装有限公司) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شىركەتمۇ بار (209). | خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ تور بېتىدە، مەزكۇر شىركەتنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ، Adidas، Fila، Nike ۋە Puma قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن (210). ئادىداس شىركىتى ئۆزىنىڭ خاۋيۇەنپېڭ شىركىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ Adidas نىڭ ماركىسى ۋە لوگوسىنى ئىشلىتىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. |
| 2019 – يىلىدىكى خەۋەرگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان 192 نەپەر ئىشچى خىتاينىڭ جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «نىڭبو ئاۋبوئېر ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات چەكلىك شىركىتى»دە ئىشلەۋاتىدۇ (211). | «نىڭبو ئاۋبوئېر ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات چەكلىك شىركىتى» (宁波奥博尔电器有限公司) توك چاتقۇچ (روزېتكا) ۋە ماسلاشتۇرغۇچ (ئاداپتېر) ئىشلەپچىقىرىدۇ (212). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| 2018 – يىلىنىڭ دېسلەپكى سەككىز ئېيىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋات ناھىيەسىدىن 1554 ئادەم خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى «خېفېي باۋلوڭدا ئۇچۇر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن (213). | «خېفېي باۋلوڭدا ئۇچۇر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى» (安徽合肥宝龙达信息技术有限公司) كومپيۇتېر ۋە ئەقلىيفون دېگەندەك ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (214). | خېفېي باۋلوڭدا شىركىتىنىڭ تور بېتىگە كۆرە، ئۇلار ھەمكارلىق شېرىكلىرى Founder Group، Google، Haier، Hisense، HTC، HP، IFlyTek، lenovo ۋە چىڭخۇا تۇڭفاڭ (清华同方) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (215).<br>خەيئېر شىركىتى ئۆزىنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى ئارىسىدا بۇ زاۋۇتنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. |
| 2018 – يىلىنىڭ دېسلەپكى سەككىز ئېيىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋات ناھىيەسىدىن 1554 ئادەم خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى «سىچۈەن مىيەنياڭ جىڭۋېيدا پەن – تېخنىكا چەكلىك شىركىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن (216). | «سىچۈەن مىيەنياڭ جىڭۋېيدا پەن – تېخنىكا چەكلىك شىركىتى» (四川绵阳经纬达科技有限公司) خاتىرە كومپيۇتېر ۋە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان توك ۋە LAN مودۇلى قاتارلىق ماگنىتوئېلېكترىك زاپچاسلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. | يەرلىك تاراتقۇلارغا كۆرە (218)، جىڭۋېيدا شىركىتى Dell، Foxconn، Hisense، HP، Huawei، Sharp، Toshiba ۋە ZTE قاتارلىق شىركەتلەرنى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ چياڭ يەنە ئۆز شىركىتىنىڭ Bosch شىركىتى بىلەنمۇ ھەمكارلىقىنى بارلىقىنى ئېيتقان. |
| 2019 – يىلى 3 – ئايدا سانى ئېنىق بولمىغان ئىشچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرىدىن خىتاينىڭ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ جىنجياڭ شەھىرىدىكى «مېيكې خەلقئارالىق پاي كونترول چەكلىك شىركىتى»گە يۆتكەلگەن (220). | «مېيكې خەلقئارالىق پاي كونترول چەكلىك شىركىتى» (美克国际控股有限公司) ئاياغ ئىشلەپچىقىرىدۇ (221). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |

| | | |
|---|---|---|
| 2018 – يىلى 4 – ئايدا، پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى «كەسپىي مەكتەپ» (جازا لاگېرى)نى «پۈتتۈرگەن» 46 كىشى خىتاينىڭ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجوۇ شەھىرىدىكى «جاۋشىڭ دالا مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى»گە يۆتكەلگەن (222). 2019 – يىلى 4 – ئايدا، بۇ شىركەتتە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 99 ئىدى (223). | فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجوۇ شەھىرىدىكى «جاۋشىڭ دالا مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى» (兆兴户外用品有限公司) كىيىم – كېچەك ۋە پىلاستىك تالا ئىشلەپچىقىرىدۇ (224). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| 2019 – يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرى، لوپ ناھىيەسى، مەكىت ناھىيەسى ۋە باشقا رايونلىرىدىن 437 ئۇيغۇر فۇجيەن ئۆلكىسىگە يۆتكەلگەن (225). بۇ ئىشچىلار فۇجيەندىكى «چۈەنجوۇ يىلوڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان زاۋۇتلارغا ئاپىرىلغان. | «چۈەنجوۇ يىلوڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» (泉州益龙纺织有限责任公司) بالىلار كىيىملىرى، تەنتەربىيە كىيىملىرى ۋە ئۆي ئىچى كىيىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (226). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| 2019 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، يەرلىك مىللەتتىن بولغان ئوتتۇز ئىشچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قومۇل شەھىرىدىن خىتاينىڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجوۇ شەھىرىدىكى «خاۋشياڭنى ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى پاي چەكلىك شىركىتى»گە تەربىيەلىنىشكە ۋە ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا ئاپىرىلغان (227)<br>2018 – يىلى، «خاۋشياڭنى ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى پاي چەكلىك شىركىتى» شەرقىي تۈركىستاندا 200 يەرلىك خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلەيدىغان پروجېكتنى باشلىغانىدى (228). | «خاۋشياڭنى ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى پاي چەكلىك شىركىتى» (好想你健康食品股份有限公司) چىلان، قۇرۇق مېۋە ۋە باشقا ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (229) | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| 2019 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستانلىق 560 ئىشچى خىتاينىڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجوۇ شەھىرىدىكى «فوكسكون تېخنىكىسى» شىركىتىگە يۆتكەلگەن (230). | «فوكسكون تېخنىكىسى» (富士康) تەيۋەننىڭ شىركىتى بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توختامliq ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتتۇر (231). | فوكسكون Amazon (232)، Apple، Dell (233)، Google (234)، HP (235)، Huawei (236)، Microsoft (237)، Nintendo (238)، Sony (239) ۋە Xiaomi (240) قاتارلىق شىركەتلەرنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدۇ.<br>فوكسكون شىركىتىنىڭ جېڭجوۇ شەھىرىدىكى زاۋۇتلىرى دۇنيادىكى ئايفونلارنىڭ يېرىمىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولغاچقا، جېڭجوۇ شەھىرى «ئالما شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (241).<br>فوكسكوننىڭ تور بېتىدە ئۇلارنىڭ ماركىلىرى ۋە «سېتىش قاناللىرى»نىڭ Nokia ۋە Sharp نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېيتىلغان (242). |
| 2018 – يىلى 10 – ئايدا، 59 نەپەر يەرلىك مىللەت ئىشچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا ناھىيەسىدىن خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خۇەيئەن شەھىرىدىكى «جيەنخۇا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى»گە يۆتكەلگەن (243). | «جيەنخۇا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى» (建华建材（淮安）有限公司)نىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بېتون مەھسۇلاتلىرى مۇلازىمىتى تەمىنلىگۈچىسىدۇر (244). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |

| | | |
|---|---|---|
| 2017 – يىلى 5 – ئايدا، 47 نەپەر يەرلىك مىللەت ئىشچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىن خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يەنچېڭ شەھىرىدىكى «روڭۋېي گۇرۇھى»دا ئىشلەشكە يۆتكەلگەن (245). | «روڭۋېي گۇرۇھى» (荣威集团) «شاڭخەي ئاپتوموبىلچىلىقى گۇرۇھى» (上汽集团)نىڭ تارمىقىدىكى خىتاينىڭ يەرلىك ھەشەمەتلىك ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىدۇر (246). | «روڭۋېي گۇرۇھى»نىڭ ئاپتوموبىللىرى چەتئەلدە ئەنگلىيە شىركىتى MG نىڭ ماركىسىدا سېتىلىدۇ (248). |
| 2019 – يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا، 130 ئادەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىدىن خىتاينىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى «كاڭشۇ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى»دە ئىشلەشكە يۆتكەلگەن (249). | «كاڭشۇ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى» (康舒电子有限公司) ئۇچۇر تېخنىكىسى، خەۋەرلىشىش، كۈندىلىك ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ (250). ئۇنىڭ تەيۋەن، فىلىپپىن ۋە خىتاينىڭ گۇاڭدوڭ ۋە خۇبېي ئۆلكىلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى بار (251). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا كۆرە، 2019 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى ئەمگەك كۈچى يۆتكەش ئۈچۈن «خىزمەت يەرمەنكىسى» ئۇيۇشتۇرغان. يەرمەنكىگە قاتناشقان شىركەتلەرنىڭ ئىچىدە «خۇەيئەن پېڭدىڭ پاي كونترول چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»مۇ بار (252).<br>2019 – يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا، 111 ئادەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىدىن خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خۇەيئەن شەھىرىدىكى «پېڭدىڭ پاي كونترول چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»دە ئىشلەشكە يۆتكەلگەن (253). | «پېڭدىڭ پاي كونترول چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» (鹏鼎控股(股份有限公司) كۈندىلىك ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ۋە ماشىنا ئېلېكترونلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان باسما توك يولى تاختىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ (254). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| 2019 – يىلى 3 – ئايدا، 236 ئادەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىدىن خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇجىن شەھىرىدىكى «تەنيۈەن يەم – تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى»دە ئىشلەشكە يۆتكەلگەن (255). | «تەنيۈەن يەم – تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى» (碳元科技股份有限公司) ئۇ كۈندىلىك ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىقلىق تارقىتىش ۋە ئارقا تاختا لايىھىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ (256). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |

| | | |
|---|---|---|
| 2019 – يىلدىكى يەرلىك تاراتقۇلارغا كۆرە، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەكىت ناھىيەسىدىن خىتاينىڭ شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدىكى «گۇدې ئېلېكترون پاي چەكلىك شىركىتى»دە ئىشلەشكە يۆتكەلگەن (257).<br>2017 – يىلىنىڭ بېشىدا، گۇدې شىركىتى باشقا تۆت زاۋۇت بىلەن بىللە، مەكىت ناھىيەسى بىلەن جەمئىي 500 ئۇيغۇرنى يۆتكەش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىم ئۈچ ئايلىق تۈتۈپ تۇرۇش ۋە سىياسىي تەربىيەلىنىشتىن ئىلگىرى ئىمزالانغان بولۇپ، «تەربىيەلەنگەن» ئۇيغۇرلارنىڭ 100 پىرسەنت ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى» گە كاپالەتلىك قىلىنغان (258). | «گۇدې ئېلېكترون پاي چەكلىك شىركىتى» (固锝电子股份有限公司) ئىككى قۇتۇپلۇق لامپا، تەڭشىگۈچ ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىدۇ (259). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| 2017 – يىلىنىڭ بېشىدا، «چىڭداۋ گاۋگۇاڭ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى» باشقا تۆت زاۋۇت بىلەن بىللە، مەكىت ناھىيەسى بىلەن جەمئىي 500 ئۇيغۇرنى يۆتكەش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىم ئۈچ ئايلىق تۈتۈپ تۇرۇش ۋە سىياسىي تەربىيەلىنىشتىن ئىلگىرى ئىمزالانغان بولۇپ، «تەربىيەلەنگەن» ئۇيغۇرلارنىڭ 100 پىرسەنت ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى» گە كاپالەتلىك قىلىنغان (260). | «چىڭداۋ گاۋگۇاڭ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى» (青岛高广电子有限公司) گاز ئوچاققا ئوخشاش ئائىلە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (261). | بۇ زاۋۇتقا ئالاقىدار تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرى تېپىلمىدى. |
| «شەندوڭ رۇيى يۇڭ توقۇما كىيىمچىلىك گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى» 2010 - يىلىلا شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ بولغان (262).<br>2019 – يىلى 11 – ئايغا كەلگەندە، خەۋەرلەرگە كۆرە، رۇيى شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچ ناھىيەدە 2000 ئۇيغۇر ئىشچىنى ئىشلەتكەن (263). | «شەندوڭ رۇيى يۇڭ توقۇما كىيىمچىلىك گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى» (山东如意毛纺服装集团股份有限公司) خىتاينىڭ پوزۇر كىيىم ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركىتىدۇر (264). بۇ شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «شىخەنزە رۇيى توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى» ۋە «يېڭشەھەر رۇيى پەن – تېخنىكا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى» قاتارلىق زاۋۇتلىرى بار (265). | رۇيى شىركىتىنىڭ تارماق شىركەتلىرى Acquascutum، Bally، Renown ۋە Sandro)، Maje ۋە Claude pierlot قاتارلىق ماركىلارغا ساھىب بولغان) SMCP قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (266).<br>LYRCA شىركىتىمۇ رۇيى شىركىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا (267). |
| 2019 – يىلى 11 – ئايدا، «شەندوڭ زوۋچېڭ گوشېڭ» كىيىمچىلىك شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر ھەمراھ زاۋۇتى شەرقىي تۈركىستاندا 3500 خىزمەت ئورنى تەمىنلىگەنلىكىنى ئېيتتى (268). بىر پارچە ھۆكۈمەت دوكلاتىدا، بۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ «شىنجاڭغا ياردەم قىلىش» پروجېكتى دېيىلگەندى. | «شەندوڭ زوۋچېڭ گوشېڭ» كىيىمچىلىك شىركىتى (山东邹城国盛) كىيىم – كېچەك ۋە توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان «جياڭسۇ گوتەي گوشېڭ ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى» (江苏国泰国盛实业有限公司) نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر (269). بۇ شىركەت «جياڭسۇ گوتەي خەلقئارا گۇرۇھى»نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر. | ئامېرىكادىكى خەلقئارالىق توقۇمىچىلىق تىجارىتى مۇنبىرىگە كۆرە، «جياڭسۇ گوتەي گوشېڭ ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى» تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار شىركەتلەرنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدۇ:<br>Abercrombie & Fitch, American Eagle, Anthropologie, Calvin Klein, Costco, Diesel, DKNY, Dress Barn, Free People, Guess, Hollister, JCPenney, Kohl’s, Levi’s, Macy’s, Polo Ralph Lauren, Target, Tommy Hilfiger, Urban Outfitters, Walmart, ZARA (270).<br>Abercrombie & Fitch شىركىتى ئۆزىنىڭ بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. |

| | | |
|---|---|---|
| دۆلەت تاراتقۇسىنىڭ 2019 – يىلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، «شەندوڭ جيەنخۇا جوڭشىڭ پەلەيچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 20 ھەمراھ زاۋۇتى بار بولۇپ، ئۇ يەردە تەخمىنەن 2000 يەرلىك ئىشچى «تەربىيەلەنگەن» (271). | «شەندوڭ جيەنخۇا جوڭشىڭ پەلەيچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى» (山东建华中兴手套股份有限公司) تورلۇك قىشلىق پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان پەلەيلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (272). | «جوڭشىڭ پەلەيچىلىكى»نىڭ تور بېتىدە دېيىلىشىچە، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئامېرىكا، كانادا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ياپونىيە ۋە رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنياغا ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. بۇ شىركەت ئاساسلىقى «KINEED» ماركىسىدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ (273). |
| شاڭخەي شەھىرىنىڭ 2019 – يىلدىكى «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» ھەرىكىتى «قاغىلىق ناھىيەلىك شياۋشياڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى»دە تەخمىنەن 100 ئايالنى 45 كۈن «كەسپىي تەربىيەلەش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (274). مەزكۇر «تەربىيەلەش»نىڭ ئاياللارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتكەنلىكى مەلۇم (275). يەنە خەۋەرلەرگە كۆرە، بۇ شىركەت يەنە 2000 يېزا ئەمگەك كۈچىنى «تەربىيەلەش»نى پىلانلىغان (276). | «قاغىلىق ناھىيەلىك شياۋشياڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى» (叶城县潇湘纺织有限公司) شاڭخەي شەھىرىنىڭ «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» ھەرىكىتىدە قۇرۇلغان بولۇپ، پاختا كىيىم، ئۇخلاش كىيىملىرى، مەكتەپ، خىزمەت فورمىسى ۋە سېستىرا خالاتلىرىنى، شۇنداقلا ساھىل كىيىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (277). | «شياۋشياڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى» «ئەلى بابا» سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئالىي دەرىجىلىك كىيىمچىلىك شىركەتلىرىدىن زاكاس ئالىدۇ (278). 2019 – يىلى، ئۇ گۇاڭدوڭ، لاڭفاڭ ۋە چەتئەللەردىن بىر مىليوندەك كۆپرەك كىيىمگە زاكاس ئالغان (279).بۇنىڭ ئىچىدە 572 مىڭ زاكاس ئامېرىكادىن كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى سېستىرا، ئوپېراتسىيە خالاتلىرى ۋە دوختۇرخانىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا كىيىملەر ئىدى. |
| 2017 – يىلى 3 – ئايدا، «چىڭداۋ جىفا خۇاجىن كىيىمچىلىك چەكلىك شىركىتى» شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە ئۆزىنىڭ سانائەت باغچىسىنى ئاچتى (280). 2018 – يىلى 5 – ئايدا، بۇ شىركەت مەزكۇر سانائەت باغچىسىدا خىزمەتچىلەرنى «تەربىيەلەپ»، شەرقىي تۈركىستانلىق 1000 ئىشچىنى قوبۇل قىلىشنى پىلانلىغان (281). | «چىڭداۋ جىفا خۇاجىن كىيىمچىلىك چەكلىك شىركىتى» (青岛即发华锦服装有限公司) «چىڭداۋ جىفا گۇرۇھى» (青岛即发集团)نىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ، خىزمەت كۆينىكى ۋە باشقا كىيىم – كېچەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. | بۇ شىركەتنىڭ تور بېتىگە كۆرە (282)، «چىڭداۋ جىفا شىركىتى» Abercrombie & Fitch، Adidas، Decathlon، Nike ۋە Uniqlo قاتارلىق شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. «چىڭداۋ جىفا شىركىتى»نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىنىڭ يەرلىك تاراتقۇلاردىكى تونۇشتۇرۇشىدا، بۇ شىركەت يەنە Carrefour، Gap ۋە Walmart قاتارلىق شىركەتلەر بىلەنمۇ ھەمكارلاشماقتا، دېيىلگەن (283). Abercrombie & Fitch شىركىتى ئۆزىنىڭ بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. |
| ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا كۆرە، 2019 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇلكۆرە ناھىيەسى ئەمگەك كۈچى يۆتكەش ئۈچۈن «خىزمەت يەرمەنكىسى» ئۇيۇشتۇرغان. يەرمەنكىگە قاتناشقان شىركەتلەرنىڭ ئىچىدە «يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى»مۇ بار (284). مەزكۇر شىركەت شەرقىي تۈركىستاندىكى پاختا ئېتىزلىرىغا يېقىن جايلارغا ئۈچ دانە يىپ ئېگىرىش زاۋۇتى قۇرغان. 2019 – يىلى 5 – ئايدا، بۇ شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى «ۋال كوچىسى گېزىتى»غا، ئەمەلدارلارنىڭ 2017 – يىلدىن باشلاپ، مەزكۇر شىركەتنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىككى يىلدا جەمئىي 34 نەپەر يەرلىك ئىشچى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتقان (285). | «يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى» (溢达纺织有限公司) توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە كىيىم – كېچەك ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بىر قانچە زاۋۇتى ۋە تارماق شىركىتى بار (286). | «يىدا شىركىتى»نىڭ تور بېتىدە كۆرسىتىلگەن خېرىدارلىرى تۆۋەندىكىلەر: Amazon, Apple, Banana Republic, Brooks Brothers, Calvin Klein, Charles Tyrwhitt, Fila, Giordano, Hazzys, Hugo Boss, J. Crew, Jack & Jones, Jos. A. Bank, Lacoste, Land’s End, Li-Ning, Muji, Nautica, Nike, Patagonia, Ralph Lauren, Shimamura , TommyHilfiger (287). مەزكۇر شىركەت ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلمىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خىزمەتچىلىرىنىڭ «باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاشلا قىلغان ئىشى ئۈچۈن مائاش ئالىدىغانلىقى ۋە ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى»نى ئېيتتى. |

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# سىياسىي كۆز قاراشلار قانداق ئۆزگىرىدۇ؟

فىلىپ پارنامېتىس

جاي ۋان باۋېل

**ئاپتورلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:**

فىلىپ پارنامېتىس (Philip Pärnamets): نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كارولىنسكا ئىنستىتۇتىنىڭ پسىخولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتۇر ئاشتى تەتقىقاتچىسى. ئۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى مايىللىقىمىزنىڭ دۇنيا بىلەن ئۆزئارا تەسىرلىشىش ئارقىلىق قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ.

جاي ۋان باۋېل (Jay Van Bavel): نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە ۋە نېرۋا ئىلمى دوتسېنتى. ئۇ بىزنىڭ كوللېكتىپ ئەندىشىمىز - گۇرۇپپا كىملىكىمىز، ئەخلاق قىممەت قارىشىمىز ۋە سىياسىي ئېتىقادىمىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى دۇنياغا بولغان تونۇشىمىزنى ۋە باھايىمىزنى قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**بىر ئاقىلانە تەجرىبە باشقىلارنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاسان ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ (سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتە) نەقەدەر «ئۆزگىرىشچان» ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى.**

**سىياسىي كۆز قارىشىمىز ۋە تۇتامىمىز بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىز ۋە كىملىكىمىزنى قانداق بەرپا قىلىدىغانلىقىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر مەن سىزدىن ساقلىقنى ساقلاش –**

داۋالىنىش سىستېمىسىغا بولغان كۆز قارىشىڭىزنى سورىسام، سىز ئۇنى مەن بىلەن ئورتاقلىشىپلا قالماي، يەنە سىزنى باشقا بىر خىل كۆز قاراشقا قايىل قىلىش ئۇرۇنۇشىمغا قارشى تۇرۇشىڭىز مۇمكىن. ئوخشاشلا، «ئېيتقان سۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز كۆز قارىشىڭىز ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالامسىز؟» دەپ سورىسام تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىر نەرسە بىزگە ئېنىق تۇيۇلسا، ئۇ بىزنىڭ تۇتام (پوزىتسىيە)مىزدۇر. لېكىن، ئەمەلىيەت راست شۇنداقمىدۇ؟بىر تەجرىبىدە، بىز كىشىلەرگە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدۇق. ئەمەلىيەتتە، بىز بەزى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى كۆز قارىشىغا بىۋاسىتە زىت بولغان كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلغۇزالايمىز. بۇ بايقىشىمىز بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تۇتامى ھەققىدىكى بەزى تەپەككۇر ئۇسۇللىرىمىز، شۇنداقلا بۇنىڭ نۆۋەتتىكى قۇتۇپلاشقان سىياسىي كىلىمات بىلەن قانداق مۇناسىۋەتى بارلىقى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەمەلىيەتتە، بىز ھەقىقىي سىياسىي تۇتام جەھەتتە، ئۆزىمىز ئويلىغاندىكىدىن خېلىلا ئۆزگىرىشچان.

بىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي دۇنيارىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان كۈچلۈك ئامىللاردىن بىرى بۆلارنىڭ «گۇرۇپ (تۇركۇم) تەۋەلىكى» ۋە «كىملىك» تەرىپىدىن قانداق بەرپا قىلىنىدىغانلىقىدۇر. مەسىلەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، قورال كونترول قىلىش ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق تالاش – تارتىشتا قالغان سىياسىي تېمىلارغا ئالاقىدار ئەخلاق ۋە ھېسسىيات ئۇچۇرلىرى ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئوخشىمىغان تورلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تورلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تېخىمۇ تېز تارقىلىدىكەن. بۇ خىل «ئەكس سادا ھاسىل قىلىش» مەسىلىسى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي مايىللىقىغا ماس كېلىدىغان ئۇچۇرلارنى بارغانسېرى كۆپلەپ يوللاۋاتقان ئىجتىمائىي تاراتقۇلار سەۋەبلىك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

شۇنداقلا، بىز يەنە ئۆزىمىزنىڭ ياكى ئۆزىمىز تەۋە توپنىڭ كۆز قارىشىنى ياقلاش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە بەس – مۇنازىرە قىلىشقا تېخىمۇ بەك مايىل. دەرۋەقە، بەزى تەتقىقاتچىلار بىزنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر ئىقتىدارىمىزنىڭ مۇشۇ خىل فۇنكسىيەنى جارى قىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. مەلۇم بىر تەجرىبىدە بۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن: تەجرىبىنى پىلانلىغانلار تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلارغا يېڭى سىياسىي كۆز قاراشنى قوبۇل قىلغۇزۇش مەقسىتىدە، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت سىياسىي كۆز قارىشىغا تۈپتىن زىت سىياسىي كۆز قاراشلارنى تارقىتىدىغان تۋىتېر ھېسابلىرىغا ئەگەشكۈزگەن. لېكىن، نەتىجە ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان، يەنى تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىكى سىياسىي قۇتۇپلىشىش تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. جۇمھۇرىيەتچىلەرگە (ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەۋقەسىگە زىت مەيداندىكى) ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆرگۈزۈش ياكى دېموكراتچىلارغا (ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەۋقەسىگە زىت مەيداندىكى) فوكس خەۋەرلىرىنى كۆرگۈزۈش زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىشتىن باشقا ئىشقا يارىماسلىقى مۇمكىن. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلغاندا كىشىلەرنىڭ «ئىدىيە قورغىنى»غا بۆسۈپ كىرەلەيمىز؟

بۇنىڭ چارىسى ــ گەرچە بۇ چارە كىشىگە غەلىتە تۇيۇلسىمۇ ــ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت كۆز قاراشلىرىغا زىت كۆز قاراشلارنىڭ ئۇلارنىڭ «ئۆزىنىڭ» ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشتۇر.

مەزكۇر تەجرىبە «تاللاش قارىغۇلۇقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھادىسىگە تايانغان. «تاللاش قارىغۇلۇقى» 2005 – يىلى شىۋېتسىيە تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن بايقالغان. ئۇلار تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلارغا ئىككى پارچە چىراي سۈرىتىنى كۆرسەتكەن ھەمدە قاتناشقۇچىلاردىن ئۆزلىرى بەكرەك جەلپكار دەپ قارىغان سۈرەتنى تاللاشنى تەلەپ قىلغان، ئاندىن قاتناشقۇچىلارغا شۇ سۈرەتنى بەرگەن. تەجرىبە قىلغۇچىلار سەھنە سېھىرگەرلىكىدىن ئىلھام

ئالغان «ھۈنەر»نى ئىشلەتكەچكە، قاتناشقۇچىلار رەسىمنى تاپشۇرۇۋالغاندا ئۇ ئۆزى تاللىمىغان، «ئانچە جەلپكار ئەمەس» ئادەمنىڭ سۈرىتىگە ئالمىشىپ قالغان. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى (ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن) ئاشۇ سۈرەتنى «ئۆزۈمنىڭ تاللىغىنى شۇ» دەپ قوبۇل قىلغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇ چىراينى تاللىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغان. بۇ بىزنىڭ تاللىشىمىز بىلەن نەتىجىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئىقتىدارىمىز ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك ماسلاشماسلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ بايقاش شۇنىڭدىن كېيىن، «قىيام تېتىش سىنىقى»، «پۇل مۇئامىلە قارارى» ۋە «شاھىت گۇۋاھلىقى» قاتارلىق ساھەلەردىمۇ قوللىنىلدى.

كىشىلەرنى جەلپ قىلارلىق سۈرەت ياكى تاتلىق مۇراببا تاللاشتا ئالدىغىلى بولىدىغانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق. ئەمما بىز بۇ خىل خاتا ئىنكاسنى ئىشلىتىپ سىياسىيئېتىقادنى ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ - يوق، دېگەن مەسىلىگە قىزىقتۇق.

بىز ئۆز تەجرىبىمىزدە، ئۇلارنىڭ تاللىشىغا ئالاقىدار خاتا ئىنكاس بىلەن تەمىنلىدۇق، لېكىن بۇ قېتىمقىسى (ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن كىلىمات بېجى ئېلىش دېگەندەك) ئەمەلي سياسي مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئىدى. تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى شۇ كۈنى يەنە بىر (ئىككىنچى) قېتىم، بىر ھەپتىن كېيىن يەنە بىر (ئۈچىنچى) قېتىم تەكرار بايان قىلىش تەلەپ قىلىندى ۋە بۇنىڭدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجە چىقتى. يەنى تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىنكاسى بىز يېتەكلىگەن يۆنىلىشكە قاراپ كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى. مەسىلەن، دەسلەپتە كۆپ باج ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغانلار، (ئىككىنچى قېتىم بۇ جەھەتتىكى كۆز قارىشىنى بايان قىلغاندا) بۇ جەھەتتە ئىككىلىنىشكە، ھەتتا دەسلەپكى كۆز قارىشىغا قارشى چىقىشقا باشلىدى.

بۇ تەسىر بىر ھەپتىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ يېڭى كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈش ياكى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر تېخىمۇ چوڭ بولدى. قارىغاندا كىشىلەرگە (ئۆزلىرى تاللىمىغان بىر نەرسىنى ئۆزلىرى تاللىغاندەك ھېس قىلدۇرغاندىن كېيىن) تەپەككۇر قىلىش پۇرستى بېرىش خاتا ئىنكاسنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنى دەسلەپكى تۇتامىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

بىزنىڭ تەجرىبىمىزدە كىشىلەرنىڭ تۇتامى نېمىشقا ئۆزگىرىدۇ؟ بۇ يەردىكى پەرق شۇكى، كىشىلەر خاتا ئىنكاسلارغا دۇچ كەلگەندە، ئادەتتە ئۆزىنى ياكى ئىدىيەسىنى تاشقى تەنقىدتىن قوغداشقا يېتەكلەيدىغان تۈرتكىدىن خالىي بولىدۇ. ئەكسىچە ئۇلار باشقا ھالەتنىڭ پايدىسىنى ئويلىشالايدۇ.

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مەلۇم بىر كېچىلىك يىغىلىشتا كىيىش ئۈچۈن بىر جۈپ ئىشتاننى تاللىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ چاغدا ھەمراھىڭىز كىرىپ تاللىشىڭىزنى تەنقىدلەپ، «قىزىلنىڭ ئورنىغا، كۆكنى تاللىساڭچۇ؟» دېسە، سىز ئۆز تاللىشىڭىزدا چىڭ تۇرۇشىڭىز، ئۇنى ياقلىشىڭىز، ھەتتا قىزىل ئىشتاننى تاللاش ئىرادىڭىز تېخىمۇ قەتئىيلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەمدى بۇنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: ھەمراھىڭىز سىز بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ئورنىغا، سىز دىققەت قىلمىغاندا ئىشتاننى ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. سىز ئارقىڭىزغا بۇرۇلۇپ كۆك ئىشتاننى تاللىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز ئۆز مايىللىقىڭىزنىڭ فىزىكىلىق ئىسپاتى (كاربۇتىڭىزدىكى كۆك ئىشتان) بىلەن مېڭىڭىزنىڭ ئىچىدىكى سىزنىڭ قىزىل ئىشتاننى

**تاللىشىڭىزغا سەۋەب ھەر قانداق نەرسىنى ماسلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ. بەلكىم سىز خاتالاشقان ياكى كۆز قارىشىڭىزدا ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھازىر (كۆك) ئىشتان ئالدىڭىزغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى كىيىپلا، يىغىلىشقا بېرىش تەييارلىقىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز ئاسانغا توختايدۇ. ئەينەككە قارىسىڭىزمۇ، بۇ (كۆك) ئىشتاننى ئۆزىڭىزگە ئوبدانلا ياراشقاندەك ھېس قىلىسىز.**

**بىزنىڭ تەجرىبىمىزدىمۇ ئوخشاش ئىش يۈز بەردى. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئادەتتە ئۇلارنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتسىڭىزلا، كىشىلەرنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى راۋۇرۇس «ئۆزگىرىشچان» كېلىدۇ. بۇ نەتىجىلەر بىزنىڭ «تۇتامغا ئىگە بولۇش»نىڭ مەنىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بىز سىياسىي تۇتامىمىزنىڭ ئۇ قەدەر مۇستەھكەم، ئۆزگەرمەس ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتسەك، ئۇلارنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئۇچۇرلارنى ئىزدىشىمىز ئاسانلىششى مۇمكىن.**

**نۆۋەتتە بۇ دۆلەت (ئامېرىكا)نى ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى پارچە – پارچە قىلىۋېتىۋاتقان قۇتۇپلىشىش ۋە پارتىيەلەر ئارا توقۇنۇشنى تېزلا تۈگىتىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما كۆز قاراش - چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ «ئېلاستىكىلىقلىق» ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش بىزنىڭ ئۆز سىياسىي كۆز قاراشلىرىمىزنى ھەممىدىن توغرا، ئۈستۈن دەپ ئويلىۋېلىشىمىزنى ئازايتىشى ۋە شۇنىڭ ئورنىغا كەمتەرلىك يەنە سىياسىي تۇرمۇشىمىزدىن ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن.**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**https://getpocket.com/explore/item/how-political-opinions-change?utm_source=pocket-newtab**



# مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى: مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقىنى باھالاش

## جون ئالتېرمان

ئامېرىكا ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى (CSIS)نىڭ دوكلاتى

**مۇھاكىمە تېمىسى**

ھېچكىم مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەيدۇ. مۇستەقىللىق ئۆزى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مۇستەقىللىقنىڭ سۈپىتىمۇ — كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — زور دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ. تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش، خەلقئارالىق چوڭ كۈچلەرنىڭ خاھىشى ياكى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ۋەقەلەر دېگەندەك مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان ئامىللار ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر.

- مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان نۇرغۇن مۇھىم شارائىتلارنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ مۇۋاپىق پۇرسەتلەرنى تۇتۇۋالالايدۇ.
- بىر قانچە مۇھىم ئامىل مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ، ئەمما ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا بۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ.

- تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر دۆلەت ئىچىدىكى، رايوندىكى ۋە خەلقئارالىق بىر قاتار ئامىللارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكىتى ئارقىلىق قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى مۆلچەرلىيەلەيدۇ.

## تونۇشتۇرۇش

ئامېرىكالىقلار ــ بولۇپمۇ 21-ئەسىردە ــ ھۆكۈمەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەتەرنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇۋاتىدۇ. (18 – ئەسىردىكى) ئامېرىكا ئىنقىلابى كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان غەلىبە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇن، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئون يىلدىن ئازراق تەييارلىق كۆرۈلگەنىدى، ئۇرۇشمۇ ئون يىلدىن ئاز داۋاملاشتى. بۇ ئۇرۇش ئىلگىرى ئۆرنەكلىرى كۆپ بولمىغان ئۆزگىچە جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن نەتىجىلەندى، شۇنداقلا بۇ خىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى كېيىنكى ئەسىرلەردە دۇنياۋى ئۆرنەككە ئايلاندى. ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى قانلىق، كەسكىن توقۇنۇش، ئەمما بىرلا قېتىملىق ھادىسە. بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە يېتەرلىك دەرىجىدە يەرلىك مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە)كە ئىگە ئىتتىپاق ھاسىل قىلىندى، گەرچە بەزى چەتكە قېقىشلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىملىك (ئېلاستىكلىقلىق)ىنى ئىسپاتلىدى. ئىچكى ئۇرۇشتىن كۆتۈرۈلگەن بۇ دۆلەت دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچلۈك دۆلىتىگە ئايلاندى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەت (ئامېرىكادا) سىياسىي ھوقۇق زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋېلىنىپ باقمىدى.

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يۈزلىگەن مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇتتۇق قازىنالمىدى. توقۇنۇشلار نەچچە ئون يىلغا سوزۇلدى، بەزىدە ھەتتا قىرغىنچىلىق ۋە مەجبۇرىي كۆچۈشكە سەۋەب بولدى. ئەگەر ئۇلار (مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قوزغىغانلار) ھۆكۈمەتكە بويسۇنسا، بۇ ھۆكۈمەتلەر دائىم تۇراقسىز بولۇپ، ئىچى - سىرتىدىن توختىماي تەھدىتكە ئۇچرىدى. ئىقتىسادىي كرىزىسقا پېتىپ قالدى، ساقچى ۋە سوت تارماقلىرى جەمئىيەتتىكى كېسەمچى سۈپىتىدە ئەمەس، قارشىلاشقۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، (مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قوزغىغانلار بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇرەسسەسى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان) بىخەتەرلىك يەنىلا ۋاقىتلىق بولدى. بۇ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى مۇقىملىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار مۇقىمسىزلىقنى ئەدىتىپ، خەلقنى مۇشكۈلاتقا دۇچار قىلدى. ئەڭ ناچارلىرى مەغلۇب بولغان دۆلەتلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ قان كېچىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇختارىيىتى (ئاپتونومىيەسى) تېررىتورىيە ۋە چەتئەل ۋاكالەتچىلىرىنىڭ بىرلەشمە تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. بۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئارزۇلايدىغان نەتىجە ئەمەس، ئەمما بۇ خىل نەتىجە بەك كۆپ ئۇچرايدۇ.

## مۇستەقىللىقنى ئويلىشىش

مۇستەقىللىقنى ئويلاشقان خەلق ۋە رەھبەرلەر ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىككى ئىشنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى كېرەك. بىرىنچىسى، قانداق خاراكتېردىكى مۇستەقىللىققە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى ئادىل باھالاش. ئىنقىلابچىلار ۋە «بۆلگۈنچىلەر» ئۆزلىرىنىڭ خەلققە ھازىر بەھرىمەن بولۇۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نامرات ۋە خەتەرلىك جايلاردا، يېڭى ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەۋجۇت بايلىق ۋە بىخەتەرلىك سەۋىيەسىنى ساقلاپ قالالىشىمۇ تەسكە توختايدۇ. مۇستەقىللىقتىن ئىلگىرى مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ (مۇستەقىللىقتىن كېيىن) ئۆز ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا

ئەگىشىپ، ئاۋامنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش خىرىسى تېزلىكتە يېڭى ھاكىمىيەت ئۈچۈن سىياسىي كرىزىسقا ئايلىنىشى، شۇنداقلا سىياسىي ئۆكتىچىلەرنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىشى، ئىشلار ئەنە شۇ يەردە شىددەت بىلەن ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

يېڭى دۆلەتنىڭ ئۆزگەرمەس تەرەپلىرىنى، يەنى نوپۇسىنىڭ كۆلىمىنى ۋە تەركىبىنى، يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە گېئولوگىيەسىنى، سۇ تەمىنلەش ئەھۋالىنى، بايلىق ۋە شۇنىڭدەك باشقا بىر قاتار ئامىللارنى ئېنىق مۆلچەرلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئالاھىدىلىكلەر يېڭى ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پۇرسىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ. ھەر قانداق قەۋمدىكى مەلۇم بىر پائالىيەتچى مۇستەقىللىققە ئىنتىلىسىمۇ، ئەمما غايىلىك سىياسىي گەۋدىنىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاقىلانىلىك دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز باھالاپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ھەر خىل مۇختارىيەت ۋە (ئەسلىدىكى دۆلەتتىن) ئىگىلىك ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەيدىغان (نىسپىي) مۇستەقىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ.

ئۇلار (يەنى، مۇستەقىللىق ئىزدەۋاتقان سىياسىي گەۋدىنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈك، كەلگۈسىدىكى) بۇ مۇستەقىللىق ئىنتىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ يەكۈن چىقارغان تەقدىردىمۇ، ئىككىنچى ۋەزىپە، يەنى مۇستەقىللىقتىن ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئەھۋاللارنى چۈشىنىش يەنىلا زۆرۈر. ھەرىكەتلەر كۆپىنچە ھاللاردا مۇستەقىللىقنىڭ قولغا كېلىدىغان پەيتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، ئەمما ئۇلار مۇستەقىللىق مەيدانغا كېلىدىغان ئارقا كۆرۈنۈش (مۇھىت)كە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئىتتىپاقداشلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە گۇمانىسىرىغۇچىلارنى خاتىرجەم قىلالايدۇ. (بۇ ئارقىلىق) ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، دۆلەت ئىچىدىكى ئورگانلارنى قۇرغىلى ۋە ئىچكى نىزالارنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر مۇستەقىللىق بەك تېز بولۇپ كەتسە، مۇھىم ئېلېمېنتلار جاي - جايىغا كېلىپ بولالماي، ئىشتىن چاتاق چىقىشى مۇمكىن. پىلانلاش ئارقىلىقلا مۇۋەپپەقىيەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## مۇھىت (ئارقا كۆرۈنۈش)نى باھالاش

ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ بىر قانچە ئامىللىرى مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغاندەك قىلىدۇ. بىرىنچىسى، خەلقئارالىق مۇھىت. گەرچە كىچىك كۆلەملىك مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى خەلقئارا مۇھىتنى بەلگىيەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئومۇمىي رامكىسىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. (خەلقئارادا) ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە قىزىقىش دولقۇنى بارمۇ؟ ياكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قوبۇل قىلىنامدۇ؟ ياكى بولمىسا (ئەسلىدە دۆلەتنىڭ) ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەۋرىتىش (تەلتۆكۈس مۇستەقىللىق)كە تېخىمۇ كەڭ كۆڭۈل بۆلۈنىۋاتامدۇ؟ مەسىلەن، بالقان رايونىدا يۇگوسلاۋىيەنىڭ پارچىلىنىشى يېڭى دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈمىدىنى يېلىنجاتقانىدى، سوئاللار پەقەت «قانچە دۆلەت، قاچان قۇرۇلىدۇ؟» توغرىسىدىلا ئىدى. مەۋجۇت دۆلەتلەرنىڭ يېڭى دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە بولغان نورمال قارشىلىقى كارغا كەلمىگەنىدى.

گرۇزىيەدىن ئايرىلىش ئىستىكى ئىنتايىن زور بولغان، جەنۇبىي ئوسېتىيە **(South Ossetia)** ۋە ئابخازىيە **(Abkhazia)** تارىخىي دولقۇنغا قوشۇلالمىدى. ئۇندىن باشقا، ئۇلار بىرلا خەلقئارالىق ھىمايە قىلغۇچىغا، يەنى رۇسىيەگە بېقىنىۋېلىپ، بارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيادىكى باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇلار ئۇچرىغان توسالغۇ ئۆزلىرى ئايرىلماقچى بولغاندۆلەت گرۇزىيە

بىلەن يەرشارىنىڭ ئىتتىپاقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىغۇچى ــ رۇسىيەگە بولغان ئېھتىيات (ھەزەر ۋە پەخەس) ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار كەڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق قوللاشقا ئېرىشەلمىدى.

مەيلى ئومۇمەن ياكى كونكرېت ئەھۋاللاردا، خەلقئارانىڭ دۆلەت قۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئامېرىكا بىلەن ئاۋىستىرالىيە ئۆزۈن يىل شەرقىي تىمورنىڭ مۇستەقىللىقىگە قارشى تۇرۇشتا ئىتتىپاقلاشتى، شۇنداقلا بۇ شەرقىي تىمورنىڭ مۇستەقىل بولۇش پۇرسىتىنى زور دەرىجىدە چەكلىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن، ئامېرىكانىڭ قارشىلىقى پەسەيدى، شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا ئاۋىستىرالىيەنىمۇ (شەرقىي تىمورنىڭ) مۇستەقىللىقىنى قوللاشقا كۆندۈردى. بۇ تىمورلىقلار پەيدا قىلمىغان، ئەمما ئۇلار پايدىلىنالايدىغان ئىنتايىن كەڭ خەلقئارالىق مۇھىتتىكى ئۆزگىرىش ئىدى. بېنگالنىڭ مۇستەقىللىقى تېخىمۇ مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشتە روياپقا چىقتى - پاكىستاننىڭ پرېزىدېنت نىكسون (Nixon)نىڭ «خىتايغا ئېچىۋېتىلىش»ىگە قىلغان ياردىمى ئامېرىكا بىلەن پاكىستاننى يېقىنلاشتۇردى. بۇ ئەھۋال ھىندىستان باش مىنىستىر ئىندىرا گەندى (Indira Gandhi)نى ئەندىشىگە سالدى، ئۇ پاكىستاننىڭ ھىندىستاننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، مەزكۇر سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىندىرا گەندى پاكىستاننىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى ۋە بېنگالدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوللاشنى كۈچەيتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا، (بېنگالدىكى) مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئامېرىكانىڭ قوللىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قوشنىسى (ھىندىستان)نىڭ ئامېرىكانىڭ (پاكىستان بىلەن يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت) دىپلوماتىيەسىدىن چۆچۈگەنلىكى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

بۇ ئىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغىنى نوقۇل دۆلەتلەرلا ئەمەس. كەڭ خەلقئارالىق قوللاش ۋە كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتلار دۆلەت قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، بۇ جەريانغا زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن، كوسوۋو ۋە شەرقىي تىموردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سىجىل قوللاپ بەرگەنلىكى يېڭى دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم بولدى. مەبلەغ، مەشىقلەندۈرۈش ۋە بىخەتەرلىك ياردىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا مۇھىم رول ئوينىدى. نۆۋەتتىكى خەلقئارا مۇھىتتا، يېڭى دۆلەتلەرنىڭ ئاشۇ كۆلەمدە، ئاشۇ سەۋىيەدە ۋە سىجىللىقتا قوللاشقا ئېرىشىشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشى ياردەمگە ئېرىشكەن يېڭى دۆلەتلەرنىڭ دەردىگە راۋۇرۇس دەرمان بولالايدۇ. جەنۇبىي سۇداندا، ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىك نىشان - تەلەپلىرى يېڭى ھۆكۈمەتنى زور خىرسقا دۇچار قىلدى.

ئاخىرىدا، دۆلەت سىرتىدا، سۈرگۈندە (مۇھاجىرەتتە) ياشاۋاتقانلار مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ~ 80 - يىللىرىدىكى شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكىگە ئوخشاش بەزى ئەھۋاللاردا، مۇھاجىرەتتىكىلەرنىڭ (ئانا ۋەتىنىدىكى) جەڭچىلەرنى قوللىشى توقۇنۇشنى ئۇزارتالايدۇ ۋە ئۆكتىچى ھەرىكەتلەر جەريانىدىكى تېخىمۇ زوراۋان ئېلېمېنتلارغا تۈرتكە بولالايدۇ. بەزىلەر بۇ ئەھۋالدا مۇھاجىرەتتىكىلەر مۇستەقىللىقنى تېزلىتىدۇ دەپ قارىسىمۇ، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توقۇنۇشتىن كېيىنكى تىنچ مۇھىتنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان قورallıق گۇرۇپپىلارنىڭ كۈچىنىمۇ زورايتىدۇ. مۇستەقىللىقتىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكىلەر يېڭى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى بولالايدۇ. دىئاسپورادىكى يەھۇدىيلار بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دەسلەپتە پەلەستىنگە (پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارغا)، ئاندىن ئىسرائىلىيەگە بىھېساب پۇل بەردى. (ئىسرائىلىيەگە) ھازىرمۇ ھەر يىلى مىليارد دوللارلاپ ئىئانىلەر بېرىلمەكتە (1). ئېرىتېرىيە (Eritrea) دىئاسپوراسى ئېرىتېرىيە دۆلەت كىرىمىنىڭ ھالقىلىق مەنبەسى بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىگە كۆرۈنەرلىك

تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەھۋال ھەمىشە ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. «ئوسلو كېلىشىمى»دىن كېيىن، پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇشقا يول ئېچىلغان بولسىمۇ، پەلەستىنلىك مۇھاجىرلار يەنىلا پەلەستىنگە مەبلەغ سېلىشنى ئانچە خالاپ كەتمىدى (2).

ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئىككىنچى مۇھىم قىسمى رايون مۇھىتىدۇر. بەزى يېڭى دۆلەتلەرنىڭ چېگراسىدا قوللايدىغان دۆلەتلەر بار (گەرچە ئۇلار پارچىلىماقچى بولغان دۆلەت مۇستەقىللىققە قارشى تۇرغان تەقدىردىمۇ). مەسىلەن، ھىندىستان بېنگالنىڭ مۇستەقىللىقىنى كۈچلۈك قوللىدى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. باش مىنىستىر ئىندىرا گەندى بېنگالدىكى «ئاۋامى ئىتتىپاقى» (Awami League)دىكىلەرگە پاناھلىق بەردى، بېنگال مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى ۋە «بۆلگۈنچى»لەر بىلەن بىرلەشمە ھەربىي قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئېرتىرىيەدە، «ئېرتېرىيە خەلق ئازادلىق فرونتى» (EPLF) ئېفئوپىيەنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ئاددىس ئابابا (Addis Ababa,)دا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بىلەن تەڭلا دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزدى. ئەمەلىيەتتە، يېڭى ئېفىيوپىيە ھۆكۈمىتى ئېرتىرىيەنىڭ ئېفىيوپىيەدىن مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىدى. ئېرتېرىيەنىڭ مۇستەقىللىق رېفېراندۇمى (ئومۇمىي خەلق ئاۋازغا قويۇش، ت)دىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان دۆلەت ئېفئوپىيە بولدى.

قوشنىسى بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىش مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنىڭ بىخەتەر رايونغا كىرىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىنتايىن مۇھىم. (قوشنىلار بىلەن بولغان) دوستانە مۇناسىۋەت يەنە يېڭى ئىگىلىكنى گۈللەندۈرىدىغان سودا ۋە مەبلەغ سېلىش ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا (يەنى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ناچار بولغاندا)، نەتىجىمۇ ئەكسىچە بولىدۇ. گەرچە جەنۇبىي سۇدانىنىڭ مۇشكۈلاتتا قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار نۇرغۇن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ زىيادە ئاجىزلىقى (مەيلى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىشى بولسۇن، ياكى نېفىت كىرىمىگە بېقىنىپ قالغانلىقى بولسۇن، بۇ ھەممىسى نەتىجىدە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىلا بېيىتىشقا يارايتتى) ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئوخشاشلا، سۇدان بىلەن نېفىت كىرىمى توغرىسىدىكى تالاش – تارتىش بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ تۇنجى ئىقتىسادىي كىرىزىسىنى پەيدا قىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، تەھدىتكە ئۇچرىغان دۆلەتلەر بۆزغۇنچىلىق رولىنى ئويناشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، شەرقىي تىمور ئۈچۈن، ھىندونېزىيەدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى ئىزچىل داۋاملاشقان خىرىس ئىدى. سېربىيە ئارمىيىسى كوسوۋونىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى توسماقچى بولدى، ئەمما شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىقى ئەمەلگە ئاشتى. ئېرتېرىيەدە، ئېفئوپىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دەسلەپتە قىزغىن بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاكتىپ مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بۇ مۇناسىۋەتلەر مۇستەقىللىقتىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ناچارلىشىپ، ئېرتېرىيەنى مۇستەبىتلىك يولىغا باشلىغان توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۈچىنچى ئامىل ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشتۇر. يېڭى دۆلەتلەرنىڭ خەلقى دائىم يېڭى ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان مۇلازىمەتلەردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ (بەلكىم بۇ خىل ئۈمىد جەنۇبى سۇداندىكىدەك كۈچلۈك بولماسلىقى مۇمكىن، بۇ يەردە زىيادە پېقىرلىقتا قالغان خەلق فانتازىيەلىك ھالدا، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ دەرھال شىددەتلىك گۈللىنىشىنى ئۈمىد قىلىشقانىدى). بۇ ئۈمىدلەرنى كونترول قىلىش ۋە ئىقتىسادىي پاراۋانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى ھۆكۈمەتلەردىن ئۈستۈن ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماھارەتلەر ئىقتىسادىي بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇ قەدەر سىياسىيدۇر.

ئەگەر تەبىئىي بايلىقلار ياخشى باشقۇرۇلسا، يېڭى ھۆكۈمەتنى ئاچقۇچلۇق بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەسىلەن، شەرقىي تىمور رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ۋارىسلىق قىلغان نېفىت بايلىقىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇلار ھايالشمايلا نورۋېگىيەلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلدى، بۇ مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنى قىممەتلىك تەكلىپ – پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئەمما تەبىئىي بايلىقمۇ بەزىدە قارغىشتەك نەرسە بولۇپ، دائىم چىرىكلىك پەيدا قىلىپ، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەيدىغان ئىقتىسادىي بۇرمىلىنىشقا سەۋەب بولىدۇ.

چىرىكلىك ھەر قانداق جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاجىز، يېڭى دۆلەتلەردە پەۋقۇلئاددە ئەۋجىگە چىقالايدۇ. ئۇرۇش ئىقتىسادى (War Economy) (بەزىلەرگە) نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇرۇشنى يېڭى تۈگەتكەن دۆلەتلەرنىڭ چىرىكلىكنى تۈگىتىشى بەسىي مۇشكۈل. كوسوۋو ۋە شەرقىي تىمورنىڭ خەلقئارادىكى تونۇلۇشى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى، ئەمما ئۇنىڭ دائىرىسىنى چەكلەشكە تۆرتكە بولدى. جەنۇبىي سۇدان ناھايىتى تېزلا چىرىكلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى ۋە بۇ چىرىكلىكنىڭ يىلتىز تارتىشى بۇگۈنگە قەدەر زىددىيەتنى ئۇلغايتىپ كەلدى.

ئاخىرىدا، ئادەتتە مۇستەقىللىق ئارقىلىق سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ شارائىتقا زور ئېجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن، بېنگال دەسلەپكى ئىقتىسادىي بوھراندىن كېيىن مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان كىيىم - كېچەك سانائىتى نىسبەتەن يېڭى ھۆكۈمەت ناھايىتى پۇختىلىق بىلەن تاللىغان سىياسەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

تۆتىنچى ئامىل سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتۇر. دائىم، ئەمما ھەمىشە ئەمەس، بىر سىياسىي پارتىيە مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئارقىدىنلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، بېنگالدىكى «ئاۋامى ئىتتىپاقى» ۋە «ئېرىتېرىيە خەلق ئازادلىق فرونتى» (EPLF) قاتارلىقلار. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، كۆپ ئېلېمېنتلىق باشقۇرۇشقا ماسلىشىش تەسكە توختايدۇ. جەنۇبىي سۇداندا، مۇستەقىللىق يېتىپ كەلگەندە، سىياسەت ئالىلقاچان ئېغىر قۇتۇپلاشقانىدى. داۋاملىق توقۇنۇش بۇ قۇتۇپلىشىشنى كۈچەيتىۋەتتى. (بېنگالدىكىگە ئوخشاش) ھەربىي كۈچلەر مۇھىم رول ئوينىغان جايلاردا، ھەقىقىي پۇقراۋى ھاكىمىيەت ئورنىتىش تەسكە توختايدۇ. دەرۋەقە، بېنگالدا، قىسقا مەزگىللىك پۇقراۋى ھاكىمىيەت بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاخىرىدا ئارمىيە ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تىزگىنلەشكە توغرا كەلدى.

(ئۇشبۇ يېڭى دۆلەتلەردە) بارلىققا كەلگەن سىياسەت قىسمەن جەھەتتىن يېڭى ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە باغلىق، مانا بۇ (رەھبەرلىك قابىلىيىتى) بەشىنچى ئامىلدۇر. جەزبىدار رەھبەرلەر ھەم كىشىلەرنى يېڭى دۆلەتكە توپلىيالايدۇ، ھەم ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ. دىپلوماتىك ماھارەتكە ئىگە رەھبەرلەر قوشنا دۆلەتلەر، ئىئانە قىلغۇچى دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېڭى دۆلەتنى ھەل قىلغۇچ قوللاشقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، جوسې راموس خورتا (José Ramos-Horta) 25 ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا شەرقىي تىمورنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتى ئىدى. كېيىن ئۇ (ئۆزىنىڭ شەرقىي تىموردىكى) خىزمەتلىرى ئارقىلىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋە شەرقىي تىمورنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، باش مىنىستىرى ۋە پرېزىدېنتى بولغان، ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم قوللاشلارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئېرىتېرىيە پرېزىدېنتى ئىسائاس ئافۋېركى (Isaias Afwerki) نىڭ باستۇرمىچىلىشىشى ۋە جەنۇبىي سۇدان پرېزىدېنتى سالۋا كىئىر (Salva Kiir)نىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ چىرىكلىكى ھەر ئىككى دۆلەتنى زەربىگە ئۇچراتتى. بېنگالنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىدا ياخشى – يامان نەتىجىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن. مۇستەقىللىق (بېنگالدا) جەزبىدار رەھبەر شەيخ مۇجىب (Sheikh Mujib)نى مەيدانغا چىقارغانىدى، ئەمما دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئاجىزلاشقاندا، ئۇ تېخىمۇ مۇستەبىتلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ 1975-يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن، ھەربىي ھاكىمىيەت ئون يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى ۋە ئاخىرىدا خەلق ھەرىكىتى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

ئالتىنچى ئامىل يېڭى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك. رەھبەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتلەر ھاكىمىيەت بېشىغا ئوخشاش ئىقتىدارنى ھازىرلىغان ھالدا چىقمايدۇ. بەزىلىرى ئورگانلارغا، پىشىپ يېتىلگەن بيۇروكرات تۈزۈلمىگە ۋە ماھىر ئەمگەك كۈچلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. شەرقىي تىموردا، ئېغىر زوراۋانلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى، شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم شەرقىي تىمور بيۇروكراتلىرى يېڭى دۆلەتنى باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بېنگال مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى غەربىي پاكىستانغا كەتتى. نەتىجىدە نىسبەتەن يارامسىز ئەمەلدارلارغا مۈشكۈل مەسئۇلىيەتلەر يۈكلىنىپ، بېنگال مۇستەقىللىقتىن كېيىن بىر قاتار ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. ئەمما بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كېيىنكى يىللاردىكى مۇقىملىققا ئاساس سالدى.

يەتتىنچى ئامىل بىخەتەرلىك مۇھىتىدۇر. يېڭى دۆلەتلەر قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، جەمئىيەتنى قورالسىزلاندۇرۇش تەسكە توختىشى مۇمكىن. مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتناشقان قوراللىق گۇرۇپپىلار، مۇستەقىللىق قولغا كەلگەندىن كېيىن ھوقۇقتىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنى ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. دەسلەپتە مۇستەقىللىققە قارشى تۇرغان كۈچلەرمۇ ئەسلىدىكى دۆلەتنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن جىم يۇرمەسلىكى مۇمكىن. بالقانلىقلار بۇ جەھەتتە زور خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئەمما خىرىسقا دۇچ كەلگەنلەر يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس. بېنگالنىڭ مۇستەقىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھەربىي ئوفىتسېرلار ھوقۇق تەلەپ قىلىپ، نەچچە ئون يىلدىن كېيىن دۆلەتنى كونترول قىلدى. ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن توپىلاڭدىن مۇستەقىل پۇقراۋى دۆلەتكە ئۆتۈشتە ئېرىترىيە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەمما مۇستەقىللىقتىن بەش يىل كېيىن ئېفىئوپىيە بىلەن بولغان چېگرا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ئېرىتېرىيە سىياسىتىنى تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن مۇستەبىتلىك پاتقىقىغا پاتۇردى. سىنگاپور مالايسىيا تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان، ئەمما مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى ئالتە يىلدا ئەنگلىيەنىڭ (سىنگاپوردىكى) ھەربىي مەۋجۇتلۇقىدىن نەپ ئالغان. گەرچە كىشىلەر ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى سەۋەبلىك مەيدانغا كەلگەن داۋالغۇشتىن خېلىلا ئەنسىرەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيەنىڭ سىنگاپوردىكى تەرتىپنى قوللاشقا بولغان قىزىققىشى مۇھىم بىخەتەرلىك كاپالىتى ئىدى. نوقۇل دۆلەت ئىچى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىخەتەرلىكنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولماسلىقى جەنۇبىي سۇداندىكىگە ئوخشاش سىياسىي قۇتۇپلىشىشنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئاخىرقى ئامىلى بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەردۇر. نۇرغۇن يېڭى دۆلەتلەردە، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئورتاق مىراس ۋە تارىخقا ۋارىسلىق قىلغان دەپ قارايدۇ. ئورتاق باستۇرۇلۇش تارىخى ۋە ئورتاق نارازىلىقلار بېنگال، ئېرىتېرىيە، كوسوۋو، جەنۇبىي سۇدان ۋە شەرقىي تىمور جەمئىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە سەپەرۋەر قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ۋەھالەنكى، ئورتاق باستۇرۇلۇش تارىخىنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك ئەمەس. يېڭى دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىق ناھايىتى مۇھىم، شۇنداقلا بۇ كۆپىنچە يېڭى دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق. بولۇپمۇ غەربىي بالقان رايونى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن تولغان. بالقاننىڭ مىسالى مىللىي كىملىكنىڭ قانداق بەرپا قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم مەنبەدۇر. بوسنىيە، ماكېدونىيە ۋە كوسوۋودىكى ئوخشىمىغان سىياسىي نەتىجىلەر، ھەر بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇلار بەك كەڭ قورساق ياكى بەك قاتتىق قول بولماسلىق كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئىبرەتلىك مىساللاردۇر.

گەرچە يېڭى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئېلىپ كەلگەن كۈلتۈر مىراسلىرىنى مىقدارلاشتۇ-

رۇش تەس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ (بۇ جەھەتتە) رولى بارلىقى شەكسىز. بەزى خەلقلەر ئۆزىنىڭ جەڭچىلىك ئۇبرازىنى، يەنە بەزىلىرى سودىگەرلىك ئوبرازىنى، يەنە بەزىلىرى كارخانىچى ئوبرازىنى قەدىرلەيدۇ. بۇ پىكىرلەر چوقۇم يېڭى ھالەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ يەرلىك سەۋىيەدە، كەنت دەرىجىلىك تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئادىتى شەرقىي تىمورنىڭ يارىشىش ئۇرۇنۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، يېڭى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم بايلىق بىلەن تەمىنلىدى.

## «يوشۇرغۇچى قول»

ئالبېرت خىرشمان (**Albert O. Hirschman**) تەرەققىيات تۈرلىرىدىكى «يوشۇرغۇچى قول»نىڭ رولىنى كۆزىتىش بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇ باشلىنىشىدا ئالاھىدە داۋالغۇش بولغان ئۈچ لايىھەنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:
ئەگەر تۈر پىلانلىغۇچىلار بۇ تۈردە ساقلىنىۋاتقان بارلىق قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىقلارنى ئالدىن بىلگەن بولسا، بەلكىم ئۇلار مەڭگۈ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمىگەن بولاتتى... (شۇنداقلا) بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە بولمىسىمۇ، بەزىلىرىدە، (كەلگۈسى) قىيىنچىلىقلارنى ئالدىن بىلىش تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولاتتى. چۈنكى، قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان بىر قاتار ھادىساتلار مەزكۇر تۈرنى قۇتقۇلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ زور قىممەتكە ئىگە قىلغان **(3)**.

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكەتلىرى نوقۇل ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۈرلىرىگە قارىغاندا بەكلا مۇرەككەپ. ئۇلاردا سىياسىيدىن ئىقتىسادقىچە، جەمئىيەتتىن بىخەتەرلىككىچە بولغان نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋاسىتىلىرى بار. شۇنداقلا، ئۇلار ئاساسەن دېگۈدەك مۇشكۇلاتقا تولغان مۇھىتتا يۈز بېرىدۇ.

(بۇ جەھەتتە) «يوشۇرغۇچى قول»نىڭ بىر خىل رولى بار، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، (كەلگۈسى ئاقىۋىتى نائېنىق بولغان ئەھۋالدا) مۇۋەپپەقىيەتكە كاپالەتلىك قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر مۇستەقىللىقنى قوغلىشىشنى خالايدۇ. بۇ مەيلى كۈچلۈك تەلپۈنۈشكە ئىگە مۇستەقىللىق گەۋدىسىنىڭ ئۆزىدە ياكى دۇنيا مىقياسىدا بولسۇن، شارائىتنى نەزەرگە ئالماي مۇستەقىللىقنى قوغلىشىش بىلەن ئوخشمايدۇ. بىزنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ھەققىدىكى ئۈمىدىمىز ئاساسسىز بولسا بولمايدۇ. مەزكۇر مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پۇرسەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلالايدىغان بەزى ئىشلار بار، پۇرسەت ئەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ.

ئىككى داڭلىق پروفېسسور خىرشماننىڭ تەتقىقاتىنى **50** يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، **2000** دىن ئارتۇق تۈرنى تەھلىل قىلغان. ئۇلار «يوشۇرغۇچى قول»نىڭ دائىم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما پىلانلىغۇچىلارنىڭ تەنەرخنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەندىنمۇ بەكرەك، تۈرنىڭ پايدىسىنى يۇقىرى مۆلچەرلىۋالىدىغانلىقىنى بايقىغان **(4)**. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، ئۇلار (تۈر ساھىبلىرى) «تەنەرخنىڭ (مۆلچەردىكىدىن) ئېشىپ كېتىشى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەمما <پايدىنىڭ (مۆلچەردىكىدىن) ئېشىپ كېتىشى> ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ» دەپ قارىغان. نەتىجىنى ھەددىدىن زىيادە مۆلچەرلىۋېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار نۇرغۇن بولسىمۇ، بۇنى ھەل قىلىدىغان ئىشەنچلىك ئۇسۇللار تولىمۇ ئاز.

ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىر قانچە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى دۇنيانى ئىلھاملاندۇرغان بولسا، تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان بىر قانچە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۇنى ئازابلىدى. ھېچكىم مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەيدۇ.

ھەر بىر ھەرىكەت خۇددى ئامېرىكانىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى بىر كىتابتىكى كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغان ماۋزۇدىكىدەك «زۇلمەت ئىچىدىكى ھالقىش»تۇر (5). ئەمما ئىككى ئىش تولىمۇ ئېنىق: بىرىنچىسى، ھەر قانداق مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىل ھەمىشە بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. ئۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، (بۇ ھەرىكەتكە قولغا تىققان خەلقئارالىق) چوڭ كۈچلەر ياكى نەق مەيداندا يۈز بەرگەن، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بۇ پەيتلەردىن پايدىلىنالايدۇ - يۇ، ئەمما بۇنى ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئىككىنچىسى، نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئامىللار (يەنىلا) بۇ خىل مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا، ئەمما مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ھەمىشە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە كۆرە ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. پائالىيەتچىلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ توغرىلىقىغا شۇنچىلىك ئىشىنىدۇكى، شۇ سەۋەبتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي قالىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەۋەككۇلچىلىك، ئەمما زېرەك تەۋەككۇلچىلەر ئۆزىنىڭ يېڭىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغانلىكى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.csis.org/analysis/independence-movements-and-their-aftermath-evaluating-likelihood-success



# ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيېننىڭ خىتاي تەھدىتى ھەققىدىكى نۇتقى

مەن بۈگۈن بۇ يەردە، ئارىزونا شتاتىدا، شتات باشلىقى داۋگ دىيۇسېي (Doug Ducey) ۋە ھەرقايسى كەسىپداشلار بىلەن، ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان بىر مەسىلىنى، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەھدىتىنى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئامېرىكا ۋە بىزنىڭ ئىقتىساداشلىرىمىزغا ئېلىپ كەلگەن تەھدىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىنغانلىقىمدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن. نۆۋەتتە بۇ مەسىلە بىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم. مېنىڭ بۈگۈنكى نۇتقۇم كەلگۈسى بىر قانچە ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بۇ جەھەتتە سۆزلىمەكچى بولغان نۇتۇقلارنىڭ تۇنجىسىدۇر. ئالدىمىزدا يەنە دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو (Mike Pompeo)، ئامېرىكانىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پەنس (Mike pence)، باش تەپتىش بار (Barr) ۋە فېدېراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كرىستوفېر رەي (Christopher A. Wray) بۇ تېمىدا نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

پرېزىدېنت دونالد ترامپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامېرىكا ئاخىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ خەتىرىنى، شۇنداقلا ئۇلار بىزنىڭ كۈز ئالدىمىزدىكى ھاياتىمىزغا شەكىللەندۈرگەن تەھدىتىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئامېرىكادىكى سىياسىي پارتىيەلەردىكى، سودا، ئىلىم ۋە تاراتقۇ ساھەسىدىكى (خىتاي تۇغرىسىدىكى) ئومۇمىيۈزلۈك ئەنئەنىۋى كۆز قاراش «خىتاينىڭ دەسلەپتە ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ئارقىدىن سىياسىي جەھەتتىن ئېخىمۇ لىبېراللىششى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى. بىز ئۆز بازىرىمىزنى خىتايغا قانچە بەك ئېچىۋەتسەك، خىتايغا قانچە كۆپ مەبلەغ سالساق، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانچە كۆپ ئەمەلدارىنى، ئالىم – ئىنژېنېرلىرىنى، ھەتتا ھەربىي ئوفىتسېرلىرىنى تەربىيەلەپ بەرسەك، خىتاي بىزگە (ئامېرىكاغا) شۇنچە ئوخشاشقا باشلايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بىز دەل مۇشۇ خىل پەرەزنىڭ

تۈرتكىسىدە، **2001** - يىلى خىتاينى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەكىردۇق ۋە (بۇ تەشكىلاتقا ئەكىرىلگەندىن كېيىن) ئۇلارغا ناھايىتى زور دەرىجىدە يول قويۇلدى، سودا ئىمتىيازلىرى بېرىلدى. بىز خىتاينىڭ تىيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قەتلىئامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە پەرۋا قىلمىدۇق، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكا ئىقتىسادىي ساھەسىنىڭ جەۋھىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلغان كەڭ كۆلەملىك تېخنىكا ئوغرىلىقىنى كۆرمەسكە سالدۇق. خىتاي بولسا ئوغرىلىغان بۇ تېخنىكىلارغا تايىنىپ، بارغانسېرى بېيىدى، كۈچەيدى.

بىز يەنە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ لىبېراللىشىدىغانلىقىغا ۋە ئۆز خەلقىنىڭ دېموكراتىيەگە بولغان بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەلپىنى نەزەردە تۇتىدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. ئەمما، نەتىجىدە بۇ پەقەت ئاساسسىز، شۇنداقلا تىپىك ئامېرىكاچە خىيال بولۇپ چىقتى. بۇ بىزنىڭ قان – قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئۈمىدۋارلىقىمىزدىن، شۇنداقلا سوۋېت كوممۇنىستلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىمىزدىن مەنبەلەنگەنىدى.

ئەمما، نۆۋەتتىكى ئاقىۋەت بىزنىڭ تولىمۇ نادانلىق قىلغانلىقىمىزنى، ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە خاتالاشقانلىقىمىزنى ئىسپاتلىدى. بۇ خاتالىق **1930** – يىللاردىن بۇيانقى ئامېرىكانىڭ چەتئەل سىياستى جەھەتتىكى ئەڭ ئېغىر مەغلۇبىيەت ئىدى.

بىز قانداقسىغا بۇ قەدەر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۇق؟ بىز قانداقسىغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ (رەزىل) ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە بۇ قەدەر يېڭىلىشتۇق؟ بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي. چۈنكى، بىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىدۇق. بىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق سېلىشنىڭ، ئۇلارنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىدە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىغا كۆز يۈگۈرتۈشنىڭ ئورنىغا، قۇلىقىمىزنى يوپۇرۇپ، كۆزىمىزنى يۇمۇپ، ئۆزىمىز ئىشىنىشنى خالايدىغان پەرەزگە، يەنى «بۇ پارتىيەنىڭ (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ) ئەزەلىرى پەقەت نامدىلا كوممۇنىست (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس)» دېگەن قاراشقا ئىشىنىپ يۈرۈۋەردۇق.

بىزگە شۇ نەرسە چوقۇم ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى، خىتاي كومپارتىيەسى ماركىسىزمچى – لېنىنىزمچى تەشكىلاتتۇر. بۇ پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ ( 习近平 ) ئۆزىنى (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەبىت رەھبىرى) جوسېف ستالىن (**Joseph Stalin**) نىڭ ئىزباسارى دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ژۇرنالىست ۋە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق ئەمەلدارى جون گارنوۋ (**John Garneau**)نىڭ ئېيتقىنىدەك، خىتاي كومپارتىيەسى شىمالىي كورىيە (چاۋشيەن)دىن سىرت، ستالىنىزمنى تەرك ئەتمىگەن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاخىرقى پارتىيەدۇر. ھالبۇكى، ستالىن شۇنداق بىر ئادەمكى، ئۇنىڭ ۋەھشىي مۇستەبىتلىكى ۋە ئاپەت خاراكتېرلىك سىياسەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئاچارچىلىق، مەجبۇرىي كوللېكتىپلاشتۇرۇش، ئۆلتۈرۈش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا سولاش قاتارلىق قىلمىشلىرى **20** مىليونداك ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولغان.

لېنىن، ستالىن ۋە ماۋ زېدوڭ قاتارلىقلارنىڭ چۈشەندۈرگىنىدەك، كوممۇنىزم ھاكىممۇتلەقلىق ئىدىئولوگىيەسىدۇر. كوممۇنىزمدا، شەخسلەر پەقەت كوللېكتىپ دۆلەتنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى

ئەمما، بۇ ئىدىيەلەر خىتاي ئۈچۈن ھېلىھەم نېگىزلىك مۇھىم پىرىنسىپلار ھېسابلىنىدۇ. بىز ئامېرىكالىقلار ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن ۋە «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» قانچىلىك مۇھىم بولسا، بۇ ئىدىيەلەر خىتاي ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى تەلتۆكۈس كونترول قىلىشنى ئويلايدۇ، بۇ ئىقتىسادىي كونتروللۇق، سىياسىي كونتروللۇق، فىزىكىلىق كونتروللۇق، ھەتتا ئەڭ مۇھىمى ئىدىيە كونتروللۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەشۋىقات خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم رولغا ئىگە. بېيجىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيەنى كونترول قىلىش ئۇرۇنۇشىنى ئاشكارا جاكارلاپ، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان – جەھلى بىلەن كۈچەپ كېلىۋاتىدۇ. **1989** – يىلى (تيەنئەنمېندىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن كېيىن) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆزىنىڭ «ئىدىئولوگىيەلىك بىخەتەرلىك»نى قاتتىق تەكىتلەشكە باشلىدى ۋە بۇ ئۇقۇم خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن تەكرار تىلغا ئېلىندى. تېخىمۇ يېقىندا، **2013** – يىلى **4** – ئايدا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىر سىياسەت ئېلان قىلدى، بۇ سىياسەتتە «نۆۋەتتىكى ئىدىئولوگىيەلىك ھالەت» دېگەن ئۇقۇم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سىياسەتتە خىتايدا «ناتوغرا ئىدىيە ياكى كۆز قاراشلار»نىڭ تارقىلىشىغا زىنھار پۇرسەت ۋە شارائىت بەرمەسلىك تەكىتلەنگەن. شۇڭا، بۇ خىل ئۇسۇل خىتايدىكى كوممۇنىزم ئىدىئولوگىيەسىنى مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغان سىياسىي ئۆگىنىش يىغىنلىرىدىن ۋە ئاتالمىش «شى جىنپىڭ ئىدىيەسى»نى ئۆگىتىدىغان يانفون يۇمشاق دېتاللىرىنى مەجبۇرىي قاچىلاپ ئىشلىتىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بارلىق دۆلەت تاراتقۇلىرىنى تامامەن كونترول قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. خىتايدا چەتئەل گېزىتلىرىدىن تارتىپ، تىۋىتېر، فېيسبۇك، ۋاتسئەپكىچە بولغان سىرتقى ئۈچۈر مەنبەلىرى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن. خىتايدىكى ھەرقانداق ئۈچۈر تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇ پۇقرالار ئارىسىدىكى بىلوگچىلاردىن مۇخبىرلارغىچە، ئادۋوكاتلاردىن پائالىيەتچىلەر ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ «لۇشيەن»ىگە زىت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنى تۈرمىگە سولاشتىن دېرەك بېرىدۇ. ھەتتا، بۇ يىل **1** – ئايدىن **4** – ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا **500** گە يېقىن كىشى ۋۇخەن ۋىرۇسى ھەققىدە، بۇ ۋىرۇسنىڭ پارتىيەگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بۇ ۋىرۇسنىڭ يامراش ئەھۋالىنى يوشۇرغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلغانلىقى سەۋەبلىك جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەپ ئەيىبلەندى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي كىتابلارنى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى قوللايدىغان تەرزدە قايتىدىن شەرھلەپ چىقتى. ئۇلار (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»غا سولىدى. بۇ ئۇيغۇرلار بۇ يەردە سىياسىي جەھەتتىن مېڭە يۇيۇشقا ئۇچرىدى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «يېتىمخانا»لاردا بېقىلىۋاتىدۇ. بۇ قىلمىش (شەرقىي تۈركىستاندىكى) لاگېرلارغا سولانغان كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىرىنى، دىنىنى، مەدەنىيىتىنى، تىلىنى ۋە مىراسلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، ئۈچۈرلار قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ گەپ – سۆزلىرى يوقىتىلىش ياكى ئۆزگەرتىلىش مەقسىتىدە ئىزچىل نازارەت قىلىنىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە پەقەت خىتاي خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك، چۈنكى شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيەنى كونترول قىلىش ئارزۇسى ئۆز خەلقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاكارلانغان نىشانى «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىر گەۋدىسى»نى بەرپا قىلىش، يەنى پۈتكۈل دۇنيانى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قائىدە – پىرىنسىپ، ئىدىئولوگىيەسىگە كۆرە قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشتۇر. خىتاينىڭ ئۆز چېگراسىدىن ھالقىغان پىكىر كونترول قىلىش ئۇرۇنۇشى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا. ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى چەتئەلدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ سېلىپ، راۋۇرۇس ئۈنۈمگە ئېرىشتى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆزىگە دوستانە بولمىغان (يالاقچىلىق قىلمىغان) خىتايچە ئاخبارات ۋاستىلىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى ھەمدە بۇ جەھەتتە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاز قالدى. ھازىر ئامېرىكادىكى بارلىق خىتايچە

تاراتقۇلار بىر بولسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى ياكى ئۇلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى يەنە ئېنگلىز تىلىدىكى تاراتقۇلارغىمۇ قولىنى سوزدى. ئامېرىكالىقلار ھازىر ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئون نەچچە رادىيو ئىستانسىسىدىن نازۇك خىتايپەرەس تەشۋىقاتلارنى ئاڭلاۋاتىدۇ. يېقىندا خىتاينىڭ تەشۋىقاتى نۇرغۇن ئامېرىكالىقلارنى «ئامېرىكا ئەسكىرى تاجىسمان ۋىرۇسنى خىتايغا ئېلىپ بارغان» دېگەن ئىغۋاغا ئىشەندۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋىرۇس ۋۇخەندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا يامرىغاندى. خىتايلارنىڭ بۇ قىپقىزىل يالغانچىلىقى نەتىجىسىدە، (ۋىرۇسنى ۋۇخەنگە ئېلىپ بارغان دېيىلگەن) مارىيلاند (Maryland)تىكى بۇ ئەسكەرنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلۈم تەھدىتىدىن قوغداش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللىنىشقا توغرا كەلدى.

خىتاينىڭ ئىلكىدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسى «تىك – توك» (tik-tok)نى ئامېرىكادا قىرىق مىليوندىن كۆپرەك كىشى ئىشلىتىدۇ. ئەمما، بۇ سۇپىدا خىتاي كومپارتىيەسىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى تەنقىدلىگەنلەرنىڭ ھېسابى شۇئان تاقىۋېتىلىدۇ ياكى ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ.

ئالدىنقى ھەپتە، تىۋىتىر خىتاي كومپارتىيەسىگە باغلىنىشلىق 23 مىڭ ھېساباتنى، خوڭكوڭ ۋە تاجىسمان ۋىرۇس توغرىسىدا ئىغۋارگەرچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن توختىتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇلتۇر 8 – ئايدىمۇ، تىۋىتېر ئامېرىكاغا قارشى خاتا ئۇچۇر تارقىتىدىغان ۋە ئامېرىكادا ھەممە ئادەم خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنى ئالقىشلايدىغاندەك ساختا مەنزىرە شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 150 مىڭ ھېساباتىنى توختىتىۋەتكەنىدى. ئەمما، بۇ پەقەت تىۋىتېرنىڭ بايقىيالىغانلىرى، خالاس. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بايقالمىغان ھېساباتلىرى قانچىلىك؟

بۇ يىل ئۈچىنچى ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋال كوچىسى گېزىتى» ۋە «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ ئامېرىكالىق ژۇرنالىستلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ۋۇخەن ۋىرۇسى جەھەتتە مۇستەقىل خەۋەر بېرىش ئىمكانىيىتىنى تامامەن يوققا چىقاردى.

خىتاي كومپارتىيەسى ئامېرىكالىقلارنىڭ خىتاي توغرىسىدا قانداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن سىرت، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكالىقلارنىڭ گەپ – سۆزلىرىنىمۇ تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. «كالىفورنىيە سان دىياگو ئۇنىۋېرسىتېتى» (2017 (UCSD – يىلى دالاي لامانى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆز قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلغاندا، بېيجىڭ خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ «كالىفورنىيە سان دىياگو ئۇنىۋېرسىتېتى»دا خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ياردىمى بىلەن ئوقۇشىنى چەكلىدى. NBA دىكى خيۇستون راكېتا كوماندىسىنىڭ باش دىرېكتورى خوڭكوڭدىكى تىنچ نامايىش قىلغانلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، خىتاي كومپارتىيەسى بۇ كوماندىنىڭ مۇسابىقىلىرىنىڭ خىتايدا قويۇلۇشىنى چەكلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ۋاسكېتبول ساھەسىدىكىلەرگە، جۈملىدىن مەشھۇر چولپانلارغا خيۇستون راكېتا كوماندىسىنىڭ باش دىرېكتورىنىڭ خوڭكوڭدىكى نامايىش ھەققىدىكى تىۋىتېر يازمىسىنى خىتايغا ۋاكالىتەن ئەيىبلەش ھەققىدە بېسىم ئىشلەتتى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، مەررىيوت (Marriot)، دېلتا ئاۋىياتسىيەسى (Delta AirLines) ۋە بىرلەشمە ئاۋىياتسىيە شىركىتى (United AirLines) قاتارلىقلار بىردەك ئۆزىنىڭ تور بېتىدىكى تەيۋەنگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋەتتى. مېرسېدېس – بېنىز (mercedes-benz) شىركىتى ھەتتا ئىجتىمائىي تاراتقۇدا دالاي لامانىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلغانلىقى ئۈچۈن خىتايدىن كەچۈرۈم سورىدى. خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ

مالىيە كۇچى ۋە بازار پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، هوللىۋۇدقا بېسىم ئىشلىتىپ، فىلىملەرنىڭ خىتايدىكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەي قالماسلىقى ئۈچۈن، رېژىسسور، ئارتىس ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنى ئۆزى ئىشلىگەن فىلىملەردە بۇ خىل تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەي قېلىشى مۇمكىن بولغان تېمىلاردىن ساقلىنىشقا مەجبۇرلىماقتا.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، مەرريوت (Marriot)، دېلتا ئاۋىياتسىيەسى (Delta AirLines) ۋە بىرلەشمە ئاۋىياتسىيە شىركىتى (United AirLines) قاتارلىقلار بىردەك ئۆزىنىڭ تور بېتىدىكى تەيۋەنگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋەتتى. مېرسېدېس – بېنىز (mercedes-benz) شىركىتى ھەتتا ئىجتىمائىي تاراتقۇدا دالاي لامانىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلغانلىقى ئۈچۈن خىتايدىن كەچۈرۈم سورىدى. خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ مالىيە كۇچى ۋە بازار پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، هوللىۋۇدقا بېسىم ئىشلىتىپ، فىلىملەرنىڭ خىتايدىكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەي قالماسلىقى ئۈچۈن، رېژىسسور، ئارتىس ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنى ئۆزى ئىشلىگەن فىلىملەردە بۇ خىل تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەي قېلىشى مۇمكىن بولغان تېمىلاردىن ساقلىنىشقا مەجبۇرلىماقتا. خىتاي كومپارتىيەسى يەنە ئۆز غەربىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا پۇقرالىرىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ ئەڭ مەخپىي سانلىق مەلۇماتلىرىڭلارنى، سۆزلىرىڭلارنى، ھەرىكىتىڭلارنى، نېمىلەرنى سېتىۋالغانلىقىڭلارنى، ماڭغان - تۇرغىنىڭلارنى، ساغلاملىق ئەھۋالىڭلارنى، ئىجتىمائىي ئالاقە يازمىلىرىڭلارنى، قىسقا ئۇچۇرلىرىڭلارنى توپلاۋاتىدۇ ۋە سىلەرنىڭ ئۇرۇق – تۇغقان، دوست - بۇرادەر ۋە تونۇشلىرىڭلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈۋاتىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ بۇ نىشانىنى قاتتىق دېتال، يۇمشاق دېتال، تېلېگراف، ھەتتا گېن تەتقىقاتى شىركەتلىرىگە تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇردى. نەتىجىدە، خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ قاتارلىق شىركەتلەر باهانى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، رىقابەتچىلىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ئۇسكۇنىلىرىنى ئورناتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تېلېگراف قاتتىق دېتالى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئامېرىكا شىركەتلىرى، جۈملىدىن نوكىيا (Nokia) ۋە ئېرىكسون (Ericsson) قاتارلىق شىركەتلەر ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.

خىتاي نېمە ئۈچۈن (زىيان تارتىش بەدىلىگە) بۇنداق قىلىدۇ؟ چۈنكى، خىتاي كومپارتىيەسىگە لازىمى تېلېگراف قاتتىق دېتالى ياكى يۇمشاق دېتالدىن كېلىدىغان پايدا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىكى «ئارقا ئىشىك»لەردىن پايدىلىنىپ، سىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىڭلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى ئۇچۇرلىرىڭلارنى سېتىۋالالمىغاندا، ئوغرىلاشقا باشلايدۇ.

2014 – يىلى خىتاي كومپارتىيەسى خاككېرلىق ئارقىلىق «ئەنسېم سۇغۇرتا شىركىتى»نىڭ سىستېمىسىدىن 80 مىليون ئامېرىكالىقنىڭ سەزگۈر ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلىغان. 2015 – يىلى، خىتايلار يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيدىغان 20 مىليون ئادەمنىڭ بىخەتەرلىك ئىجازەتنامىسىنى ساقلايدىغان «خادىملارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى»نىڭ تورىغا خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلدى. 2017 – يىلى ئۇلار ئېكۇيفەكس (Equifax) شىركىتىگە خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلىپ، 145 مىليون ئامېرىكالىقنىڭ ئىسىم – فامىلىسى، تۇغۇلغان كۈنى، ئىجتىمائىي كاپالەت نومۇرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشەنچ نەتىجىسىنى قولغا چۈشۈردى. 2019 – يىلى، خىتاي كومپارتىيەسى مەريوت (Marriott) شىركىتىنىڭ تور بېتىگە خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلىپ، 383 مىليون خېرىدارنىڭ پاسپورت نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلىدى.

يۇقىرىقىلار پەقەت بىز بىلگەن ئەھۋاللارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى، خالاس. ئۇنداقتا، خىتاي كومپارتىيەسى ئوغرىلانغان بۇ ئۇچۇرلاردىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟ ئۇلار خۇددى ئۆز دۆلىتىدە قىلغاندەك، بۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ، ئالداپ، تەسىر كۆرسىتىپ، مەجبۇرلاپ، ھەتتا قاقتى – سوقتى قىلىپ، ئۇلارغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان گەپ – سۆز، ئىش – ھەرىكەتلەرنى قىلغۇزى-

دۇ. (بۇنچە زور مىقداردىكى كونكرېت شەخسلەرگە قارىتىلغان) مىكرولۇق نىشانلاشنىڭ كۆچى ھەرقانداق شىركەت ئارزۇ قىلىدىغان ئىلان - تەشۋىقاتنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، خىتاي باشقا ھەرقانداق ئېلان بەرگۈچى شىركەتلەرگە ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى سەۋەبلىك (ئۆز تەشۋىقاتىدىن) توختاپ قالمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاي كومپارتىيەسى خۇددى ھازىر خىتايدا ياشاۋاتقان بارلىق ئىنساننىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلگىنىدەك، سىلەرگە ئالاقىدار ھەممە نەرسىنى، ھەممە ئۇچۇرنى بىلىشنى ئويلايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ يەنە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىمۇ ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش پىلانى بار. ھازىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى 15 مەخسۇس ئورگاننىڭ تۆتىگە خىتاي مەسئۇل. بۇ سان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيە، يەنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى باشقا تۆت دۆلەت رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورگانلارنىڭ ساندىنمۇ كۆپ. خىتاي كومپارتىيەسى بۇ ئورگانلارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئادەملىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى بېيجىڭنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلغۇزۇشقا، شۇنداقلا بۇ ئورگانلارغا خىتايدا ياسالغان ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

لېكىن، مەن بىر ئامېرىكالىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خۇددى ئۆتمۈشتىكى زور كىرىزىسلەرنى يەڭگىنىمىزدەك، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ تەھدىتلىرىنىمۇ ئوڭۇشلۇق يېڭەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. پرېزدېنت ترامپ ھازىر بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، مەنمۇ پرېزدېنت ترامپقا ئوخشاش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنلىرىمىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بۇگۈن بۇ يەرگە كەلگىنىڭلار ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

**https://www.youtube.com/watch?v=_J-Fqe9Xdi4&feature=share**



# ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيېننىڭ پرېزىدېنت دونالد ترامپ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ توغرىسىدىكى سۆزلىرى

تۆۋەندىكىسى Hugh Hewitt تورىنىڭ 2020 – يىلى 6 – ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيېن (Robert C. O’Brien.) بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

**رىياسەتچى: بۈگۈنكى پروگراممىمىزنىڭ مېھمىنى روبېرت C. ئوبرىيېن. باش ئەلچى ئوبرىيېن ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى، شۇنداقلا مېنىڭ كونا دوستۇم ۋە ئادۋوكاتلىق ساھەسىدىكى كەسىپدىشىم. قايتا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز. Hugh Hewitt پروگراممىسىغا قاتناشقىنىڭىزدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن.**

**ئوبرىيېن: رەھمەت سىزگە.**

**رىياسەتچى: سىز تۈنۈگۈن (6 – ئاينىڭ 24 - كۈنى) ئارىزونا شتاتىدا نۇتۇق سۆزلىدىڭىز. مەن «ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتىدىكى جوش روگىن (Josh Rogin) بىلەن سىزنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭنى ستالىنغا سېلىشتۇرغانلىقىڭىز توغرىسىدا سۆھبەتلەشتىم. سىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق خىتايدىن قانداق ئىنكاس چىقىشىنى كۈتتىڭىز؟**

**ئوبرىيېن: بۇ گەپكە كەلسەك، مەن خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن سابىق سوۋېت كومپارتىيىسىنى سېلىشتۇردۇم. مەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نۇقتىنى ئىلگىرى ئاكادېمىكلار ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. يەنى خىتاي**

كومپارتىيەسى ستالىنىزىم بىلەن «ئادا – جۇدا» بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىمىغان بىردىنبىر ھاكىمىيەت بېشىدىكى كوممۇنىست پارتىيە. شۇڭا (بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا) ئۇ ماركسىزمچى - لېنىنىزمچى پارتىيە. ئۇلار ئەزەلدىن ستالىنىزمدىن ۋاز كېچىپ باقمىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مۇزېيىدا ستالىنىنىڭ ھەيكىلى بار. شۇڭا مەن دەيمەنكى، بىز خىتاي دۆلىتىنىڭ ماركسىزمچى - لېنىنىزمچى ۋە ستالىنىزمچى كومپارتىيە تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ مەن ئۇلارغا چاپلىغان بەلگە ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى جاكارلىغان گەپ. بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ۋە ئۆزىنىڭ نەزەرىيەسىنى تەكرار بايان قىلىپ بەرگەنلىك خالاس.

رىياسەتچى: ھىم، روبېرت، ستالىنىزمچىلارنىڭ گېپى چىقسىلا، يادىمغا كۆپكۆندۈزدىكى قاراڭغۇلۇق، گۇلاگ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار كېلىدۇ. باش سېكرېتار شى جىنپىڭ رەھىمسىز بىر ئادەم. پرېزىدېنت ترامپ ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلالامدۇ؟

ئوبرىيېن: بۇنىڭغا كەلسەك، پرېزىدېنت ترامپ جەسۇر ئادەم. بىز 1-باسقۇچلۇق كېلىشىمدە خىتاي بىلەن كېلىشىم تۈزەلەيدىغانلىقىمىزنى ئېنىق ئىسپاتلىدۇق. ئەمما شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ كېلىشىم پەقەت پرېزىدېنت ترامپنىڭ ئۆتكەن قىرىق يىل مابەينىدە باشقا ھېچقانداق پرېزىدېنت قىلمىغان ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا كەلدى. ئۇ خىتايغا ئېغىر تاموژنا بېجى قويدى. يەنى ئۇ خىتاينىڭ نۇرغۇن يىللار جەريانىدىكى ناتوغرا سودا قىلمىشلىرى، ئىقتىسادىمىزدىن يىلىغا 500 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق پۇل ئېلىۋالغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىمىزنى ۋەيران قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا «جەرىمانە» قويدى. يەنى پرېزىدېنت ترامپ تاموژنا بېجى قويدى ۋە بىز شۇنىڭ سايىسىدە (خىتاي بىلەن) كېلىشىم ھاسىل قىلالىدۇق. لېكىن، سىزگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ پەقەت تىجارەتتىكىلا مەسىلىسى ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ بىزنىڭ كاپىتال بازىرىمىزغا كىرىشى بىلەن، (خىتاينىڭ) بىلىم مۈلۈك ھوقۇق ئوغرىلىشى بىلەن، خىتاينىڭ ئۆز چېگراسىدىن ھالقىپ، خوڭكوڭ ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان (NBA دىكى) خيۇستون راكېتا كوماندىسىنىڭ باش دىرېكتورىغا ئوخشاش ئامېرىكالىقلارنى جىمىقتۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. ھازىر خىتايلار ھەممە ساھەدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىزمۇ ئامېرىكالىقلارنى قوغداش ئۈچۈن، خىتايغا قارشى ئىنتايىن پۇختا تەدبىرلەرنى قوللىنىۋاتىمىز.

رىياسەتچى: ئوبرىيېن، ئالتە ئاي ئىلگىرى، ئامېرىكا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي پەللىگە يۈكسەلگەنىدى. ئەمما بىز ھازىر چېكىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، گەرچە بىز بۇ چېكىنىشتىن قۇتۇلۇۋاتقان بولساقمۇ. پرېزىدېنت ترامپ ئىقتىسادىمىزدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار سەۋەبلىك باش سېكرېتار شى جىنپىڭنى ئەيىبلەمدۇ؟

ئوبرىيېن: مېنىڭچە ئۇ شى جىنپىڭ دېگەن بۇ ئادەمنى شەخسىي نۇقتىدىن ئەيىبلىمەيدۇ. ئەمما مېنىڭچە ئۇنىڭ دېگىنى شۇكى، بۇ ۋابا، COVID ۋىرۇسى، ۋۇخەن ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسى ـــ خىتايلارنىڭ بۇ ۋىرۇس توغرىسىدىكى گېپىنى ئۆزگەرتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئېيتقىنىدەك ـــ خىتايدىن چىققان. خىتاي دەسلەپكى باسقۇچتا بۇ ۋىرۇس توغرىسىدا ھەمكارلاشقىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئامېرىكا « كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش مەركەزلىرى» (CDC) نىڭ دوختۇرلىرىنىڭ (خىتايغا) كىرىشىگە يول قويمىدى. ئۇلار تېخىچە بىزگە ۋىرۇسنىڭ ئەۋرىشكىسىنى بەرمىدى. ئۇلار ۋىرۇسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلدى. نەتىجىدە بۇ ۋىرۇس ئامېرىكادىمۇ يامراپ، بۇ يەردە 120 مىڭدىن ئارتۇق (7 – ئاينىڭ 14 – كۈنىگە كەلگەندە، ئامېرىكادا بۇ ۋىرۇستىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 138 مىڭ 247 گە چىققان، ت) ئامېرىكالىقنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇ بىزگە نەچچە تىرىليون دوللار زىيان سالدى. شۇڭا ھازىر خىتاي بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقىقىي مەسىلە بار، مېنىڭچە پرېزىدېنت ترامپلا ئەمەس، ھەر بىر

ئامېرىكالىق بۇنى تونۇپ يېتىۋاتىدۇ.

رىياسەتچى: هازىر جوش روگىن «ترامپ هۆكۈمىتى خىتايپەرەسلەر بىلەن <خىتايغا قارشى>لاردىن ئىبارەت ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ كەتتى» دەۋاتىدۇ. دۆلەت سېكرېتارى پومپېيو بىلەن سىز ئېنىقلا خىتايغا قارشى سەپتە. جىم تالېنت (Jim Talent) مالىيە مىنىستىرى مىنۇشىن (Steven Mnuchin) نىڭ «خىتايپەرەسلەر» سېپىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتماقتا. پرېزىدېنت بۇ ئىككى لاگېر ئىچىدە قايسىسىغا بەكرەك ئەهمىيەت بېرىدۇ؟

ئوبرىيېن: مەن («خىتايپەرەس» ياكى «خىتايغا قارشى» دېگەندەك) بۇ «ئاتاق»لارغا قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە «خىتايپەرەس» ياكى «خىتايغا قارشى» سەپلەر يوق. مېنىڭچە ئۇلار (يەنى ترامپ هۆكۈمىتىدىكىلەر) بىر تۈركۈم ئېسىل ئامېرىكالىقلار بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ۋە ئىقتىسادىمىزنى قوغداشنى ئويلايدۇ. بىر مەسىلىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مېنىڭچە مالىيە مىنىستىرى مىنۇشىن، دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو، مەن ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هەممەيلەننىڭ مۇنۇ جەهەتتىكى چۈشەنچىسى تولىمۇ ئېنىق: بىز (كۆز ئالدىمىزدىكى) بۇ خىتاي تەهدىتى، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ قىرغاقلار (ئامېرىكا)غىچە يېتىپ كەلگەن تەهدىتىنى ئۆچۈق، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا هەل قىلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ هەقتە تەدبىر قوللىنىمىز. مالىيە مىنىستىرلىقى تەدبىر قوللىنىدۇ. سودا تارماقلىرى تەدبىر قوللىنىدۇ. بىز بىر قانچىلىغان ساهەدە بۇ تەهدىتنى هەل قىلدۇق. مەنچە كابىنېتتىكىلەر ئارىسىدىمۇ بۇ جەهەتتە راۋۇرۇس بىردەكلىك بار.

رىياسەتچى: تاراتقۇلار بوگۈن خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىدىكى تاجىسمان ۋىرۇسىنىڭ دائىرىسى ۋە ئورنى توغرىسىدا، خىتاي ئېلان قىلغان رەقەملەرگە ئىشىنىشى كېرەكمۇ؟

ئوبرىيېن: (سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال) مەن سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، ئەگەر بىر دۆلەت «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ، «ۋال كوچىسى گېزىتى»، «ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتىنى ئۆز دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇندىدارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىكى هەر بىر ئۇچۇرنى تەكشۈرسە، ئۇلار هەتتا چەتئەللەردىكى، ئەركىن دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىمۇ نازارەت قىلماقچى بولسا، سىز ئۇلارغا (يەنى مۇشۇنداق بىر دۆلەتكە) ئىشىنەلەمسىز؟ دېمەك، بۇ ناهايىتى ئاسان جاۋاب. مېنىڭچە بۈگۈنكى كۈندە، خىتايدىكى رەسمىي دۆلەت ئورگانلىرىدىن چىققان هەر قانداق نەرسىگە ئىشىنىش تەس. شۇنداقلا، بىز يەنە داۋاملىق خىتاينى بۇ ۋىرۇسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى توغرىسىدا ئۇچۇق – يورۇق بولۇشقا ئۈندەيمىز. ئاۋىستىرالىيەلىكلەر تاجىسمان ۋىرۇسنى بىتەرەپ هالدا خەلقئارالىق تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغۇدى، خىتاي تىنچ ئوكياندىكى بۇ قوشنىسى بىلەن هەمكارلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئاۋىسترالىيەنىڭ بۇ ئىشلارنى مۇستەقىل تەكشۈرۈشكە چاقىرغانلىقىنى جازالاش مەقسىتىدە، (ئاۋىسترالىيەدىن خىتايغا ئېكسپورت قىلىنغان) ئارپىغا 80 پىرسەنت تاموژنا بېجى قويدى.

رىياسەتچى: هازىر پرېزدېنت ئوباما ۋە پرېزدېنت جورج W بۇش هۆكۈمەتلىرىدە خىزمەت قىلغان سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى روبېرت گەيتىس (Robert Gates) سەيشەنبە كۈنى (6 – ئاينىڭ 23 – كۈنى) بۇ پروگراممىدا بىز «ئىككىنچى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ خەتەرلىك» دېدى. سىز بۇ باهاغا قوشۇلامسىز، روبېرت ئوبرىيېن؟

ئوبرىيېن: مەن هازىر ئۇنى «سوغۇق ئۇرۇش» دېيىشنى خالىمايمەن، ئەمما مېنىڭچە مىنىستىر گەيتىسنىڭ «بۇ ئامېرىكا ئەڭ ئاز دېگەندە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن بۇيان، بەلكى تارىختىن بۇيان دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ گېئوپولىتىك (جۇغراپىيىلىك سىياسىي) رىقابەت» دېگەن قارىشىغا قوشۇلىمەن. خىتاي 1 مىليارد

**300** مىلىيوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار چوڭ دۆلەت. ئۇلار تىرىشچان، ئەقىللىق ھەمدە ئۇلار دۇنياغا خوجا بولۇشقا پەۋقۇلئاددە ھېرىسمەن. ئۇلار دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ دۆلەت بولۇشنى ئويلايدۇ. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىرى» سەپسەتىسىگە ئىشىنىدۇ، (مەزكۇر سەپسەتىگە كۆرە) ھەربىرەيلەن مەيلى ئىدىيەۋى جەھەتتىن ياكى پۇل بىلەن بولسۇن، ياكى بىر چەتكە ئۆتۈپ يول بوشىتىش ئارقىلىق بولسۇن، خىتاينىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا جايلاردىمۇ (يەنى پۈتۈن دۇنيادا) ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنىشىغا ھەسسە قوشۇشى كېرەك. شۇڭا بۇ بىر كەڭ كۆلەملىك رىقابەت. مېنىڭچە مىنىستىر گەيتىس ئۇنى مۇۋاپىق سۈپەتلىدى. ئەمما، بىزمۇ بوش ئەمەس، بىز مەيلى ناتسىست گېرمانىيەسى، مەيلى جاھانگىر ياپونىيە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى روسىيەسى بولسۇن، ھېچكىمگە بۆلارنىڭ ھېچبىرىنى تارتقۇزۇپ قويمىدۇق. ئامېرىكا خەلقى ئىنتايىن ئىجادچان، تولىمۇ تىرىشچان ۋە ناھايىتى ئەقىللىق. شۇڭا مەن مەن ھەمىشە ئامېرىكانىڭ ئۇتۇپ چىقىشىغا ئىشىنىمەن.

رىياسەتچى: سىز پرېزىدېنت ترامپ بىلەن بىللە قوش تەرەپلىك سۆھبەتلەرگە قاتناشقاندا ياكى ئۇنىڭ دۇنيا رەھبەرلىرى بىلەن قوش تەرەپلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، خىتاينىڭ مۇزاكىرە تېمىسى بولۇش نىسبىتى قانچىلىك؟

ئوبرىيېن: خىتاي ھەمىشە مۇزاكىرە تېمىسىدۇر. بولۇپمۇ **COVID** ۋىرۇسى ئەۋج ئالغاندىن بۇيان تېخىمۇ شۇنداق. **COVID** ۋىرۇسى خىتايدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىللەدە خىتاي ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش ئىشلىرى نەچچە ئاي كېچىكىپ كەتتى. خىتاي ۋىرۇسنىڭ ئەھۋالىنى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدىنمۇ يوشۇردى، نەتىجىدە مەزكۇر تەشكىلات بۇ ۋىرۇس توغرىسىدىكى توغرا ئۇچۇرلارنىڭ كەم دېگەندە بىر ياكى ئىككى ئاي سىرتقا تارقىلالماسلىقىغا سەۋەب بولدى، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۇمەنلىگەن ئامېرىكالىقنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى تەسىرگە ئۇچرىدى. شۇ ۋەجىدىن، ھەر بىر دۇنيا رەھبىرى پرېزىدېنت ترامپ بىلەن خىتاي ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتىدۇ. سىزگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئارىمىزدا ئوخشىماسلىقلار بار، ئەمما بىز ماڭغاچ سېغىز چاينىيالايمىز (يەنى بۇ ئىككى ئىش بىر – بىرىگە تاقاشمايدۇ). دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىزنىڭ ئوخشىمىغان كۆنتەرتىپلىرىمىز بار، پرېزىدېنت ترامپ بۆلارنىڭ ھەممىسىنى (بىرلەشتۇرۇپ) بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمما مەن سىزگە ھەممە دۆلەتنىڭ دېگۈدەك **COVID** ۋىرۇسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتالايمەن. ھازىر دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ ھېسسىياتى — مەيلى ئۇلار بۇنى ئوچۇق - ئاشكارە ئىپادىلىسۇن، ياكى شەخسىي سورۇنلاردا ئىپادىلىسۇن — خىتايغا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار بۇ ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەمدە ئۇلار پرېزىدېنت ترامپنىڭ ئەركىن دۇنيانىڭ رەھبىرىلىك سۈپىتى بىلەن ئۇلارغا يول كۆرسىتىشى ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ بۇ ئىشتا توغرا سەپتە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، بىز توغرا يولدا كېتىۋاتىمىز. پرېزىدېنت ترامپ تاجىسىمان ۋىرۇس مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شۇنداقلا بۇ ئىشنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جىمجىتقىنچە، شەخسىي ھالەتتە كىشىلەرنى يىغىۋاتىدۇ.

رىياسەتچى: دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، سىز سىياسەتكە (بىۋاستە) ئارىلاشمايسىز. ئەمما سىز جوۋ بايدىن (**Joe Biden**) كېلەر يىلى **1**-ئايدا ئۇۋالدىكى دونالد ترامپنىڭ ئورنىنى ئالغان تەقدىردە، سىياسەتتە قانداق پەرقلەر كۆرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر بايان قىلسىڭىز بولىدۇ. گەرچە، مەن بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ (يەنى جوۋ بايدىن بۇ يىلقى پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا ئۇتالمايدۇ) دەپ قارىسامۇ، ئەگەر شۇنداق بولغان (يەنى جوۋ بايدىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ سايلانغان) تەقدىردە، سىزنىڭچە، بۇ ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

ئوبرىيېن: مەن پرېزدېنت (ترامپ)نىڭ قايتا سايلىنىشىنى، سايلانغاندىمۇ راۋۇرۇس ئۇستۇنلۇك بىلەن سايلىنىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بەزى راي سىناش نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، كۆلۈپلا قويدۇم. سىزگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، بىز (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى جەھەتتە،ت) ئىنتايىن تەكشى بۆلۈنگەن دۆلەت. يېقىنقى ئۈچ ياكى تۆت سايلامنىڭ ھەممىسىدە رەقىبلەرنىڭ نەتىجىسى بىر – بىرىنىڭكىگە تولىمۇ يېقىن بولدى. ھەتتا پرېزدېنت ئوباما قايتا سايلانغاندىمۇ رەقىبىنىڭكىگە يېقىن بىر نەتىجە بىلەن ئۇتۇپ چىقتى. شۇڭا بۇ تەكشى بۆلۈنگەن دۆلەت. مېنىڭچە بۇ قېتىمقى سايلامۇ كەسكىن رىقابەتكە تولغان، نامزاتلارنىڭ نەتىجىسى بىر – بىرىنىڭكىگە يېقىن سايلام بولىدۇ. ئەمما، مەنچە يەنىلا پرېزدېنت (ترامپ) ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئامېرىكا خەلقى ئۇنىڭ پەقەت خىتايغا قارىتا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادنى بەرپا قىلغانلىقىنى كۆردى. خىتايدىن كەلگەن بۇ ۋىرۇس بىزگە ئىنتايىن ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما سىز ئىقتىسادنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كىمگە مۇراجىئەت قىلىسىز؟ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان پرېزدېنت ترامپقىمۇ ياكى ۋاشىڭتوندا 40 يىل تۇرغان بىرەيلەن (بايدىن)گىمۇ؟ شۇڭا، مېنىڭچە پرېزدېنت قايتا سايلىنىدۇ، ئامېرىكا خەلقى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ.

رىياسەتچى: مەن سىزدىن سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ھەققىدە سورىماقچى. ئەمما، سورىماقچى بولغىنىم (سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىلگەن) جون بولتون (John bolton) ئەمەس، بەلكى گېنېرال مايكىل فلىن (Michael Flynn). پرېزدېنت تۇنۇگۈن ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا «ئىككىنچى نومۇرنى قىسقارتىڭلار» دېدى.

ئوبرىيېن: مەن گېنېرال فلىن ئۈچۈن خۇشالمەن. ئۇنىڭغا ناچار مۇئامىلە قىلىندى. ئۇ ئىنتايىن ناچار كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. مېنىڭچە سىز ئەمدى ئىشلارنىڭ ئايدىڭلىشىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئەمما گېنېرال فلىن دۇچ كەلگەن قىسمەت دۆلىتىمىزدە قايتا يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، باشقا نۇرغۇن كىشىلەرمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇلار (ئوباما ھۆكۈمىتى) سايلام پائالىيىتىنى ئوغرىلىقچە نازارەت قىلدى، سايلام پائالىيىتى ھەرگىزمۇ ئوغرىلىقچە نازارەت قىلىنماسلىقى كېرەك.

رىياسەتچى: مۇشۇ يەردە بىر ئاز توختاپ تۇرۇڭ، باش ئەلچى ئوبرىيېن، ئەگەر سىز بىر ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى بولسىڭىز، ئوباما ھۆكۈمىتى قوللاپلا قالماي، ئالقىشلىغان نەرسىنى قوللاشنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ھازىر مۇئاۋىن پرېزىدېنت بايدېننىڭ (بۇ ئىشقا) شېرىك ئىكەنلىكى ۋە جېيمس كومىس (James Comes) نىڭ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. سىز مۇشۇنداق ئىشقا ئىشتىراك قىلامسىز؟

ئوبرىيېن: ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمايمەن. قاراڭ، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئادۋوكاتلىق بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن بۇ دۆلەتتىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ۋە سوت سىستېمىسىغا ناھايىتى ئىشىنىمەن. سىزگە دېسەم، نارازىلىق ئەرزى سوتىنىڭ FBI نىڭ گېنېرال فلىن ھەققىدىكى بۇ دەھشەتلىك گۇناھ ھۆكۈمىنى بىكار قىلىشتا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھەقتىكى ئىشەنچىم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە يېڭىلاندى. گېنېرال فلىن دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرگە باشقا ئامېرىكىلىقلار ھېچقانداق تەكشۈرۈشتە دۇچ كەلمەسلىكى كېرەك. مەنچە نۆۋەتتە باش تەپتىش بار (Barr) ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنى ۋە FBI نى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە ئېسىل خىزمەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. يۈز بەرگەن ئىشلار قايتا يۈز بەرسە بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق جىنايەتكە ئالاقىدار تەكشۈرۈشتە بۇنداق ئىش يۈز بەرسە بولمايدۇ ھەم يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. ئەمما ئۇ ھېچقانداق جىنايەت سادىر بولمىغان، پەقەت سىياسىي پەرقلا مەۋجۇت بولغان سىياسىي پائالىيەتتە

تېخىمۇ يۇز بەرمەسلىكى كېرەك. بىز جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسىنى سىياسىي ئۆكتىچىلەرنى ئەدەپلەشكە ئىشلەتسەك، بۇ بۇ دۆلەتنى زۇلمەتلىك تۇيۇق يولغا باشلىغانلىق بولىدۇ. شۇڭا مەن نارازىلىق ئەرزى سوتىنىڭ كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونىدا قىلغان ئىشلىرىدىن تولىمۇ روھلاندىم. بىز بۇ سەييارە سوتتا بىر قىسىم مۇنەۋۋەر سوتچىلارغا ئېرىشتۇق. ئۇ سوتچىلارنىڭ قىلىپ دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان چىرىك ئەمەلدارلارنى چاقىرتىشىغا زور جاسارەت كېتىدۇ. بۇ قىلىپنىڭ تەكشۈرۈشى، مەن كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونىنىڭ سەييارە نارازىلىق ئەرزى سوتىدىن پەخىرلىنىمەن.

رىياسەتچى: ئاخىرقى سوئال: سىز دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، جورج W بۇش ھۆكۈمىتىدىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى كۆلەمگە ئەكەلدىڭىز. بۇ ھەقتە سىزنى تەنقىدلەۋاتقانلار بار. كېڭەشتىكى مۇدىرلارنىڭ يىرىمى ئايال، بۇ ھېچكىم دىققەت قىلمىغان چوڭ ئۆزگىرىش. خاتا يولغا ماڭغان ياكى مايكېل فلىنغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قىسقارتىۋېتىلدىمۇ؟

ئوبرىيېن: بىز ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يارقىن نەتىجىگە ئېرىشىش، شۇنداقلا ئۇنۇمدارلىقىمىزنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىنى قىسقارتتۇق. شۇنداقلا، بۇ ناھايىتى ياخشى نەتىجە بەردى. بىز دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىدىكى خادىملىرىمىزنىڭ سىياسىي خاھىشىنى سىنىمايمىز. بىز پەقەت پىرىزدېنت ۋە دۆلەت ئۇچۇن ياخشى خىزمەت قىلالايدىغان ئەڭ ياخشى كىشىلەرنى توپلاشنىلا ئويلىدۇق. شۇڭا مەن سىزگە شۇنى ھۆددە قىلالايمەنكى، ھەر قانداق سەۋەب بىلەن ئاشكارىلانغانلارنىڭ سانى ۋە ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن بولغان بىر قىسىم زىددىيەتلەر تۇگىدى، ئەمما بىزنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىدىكى قارارىمىز پەقەت كىشىلەرنىڭ (سىياسىي مەيدانى ۋەھاكازالارغا قاراپ ئەمەس) لاياقىتىگە ئاساسەن چىقىرىلغان.

رىياسەتچى: باش ئەلچى ئوبرىيېن، پروگراممامغا قاتناشقانلىقىڭىزغا، شۇنداقلا تۇنۇگۇن ئارىزونا شتاتىدا ئەھمىيەتلىك نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. سىزنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى ئۆز ماھىيىتى بويىچە، ماركسىزمچى - لېنىنىزمچى پارتىيە دەپ ئاتىغانلىقىڭىزدىن مىننەتدارمەن. مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، سىز ئۇلار بىلەن ئېلىم – بېرىم قىلىسىڭىز بولىدۇ، ئەمما لېنىنىنىڭ «كاپىتالىستلار نۆۋىتى كەلگەندە، بىزگە ئۆزلىرىنى دارغا ئاسىدىغان ئارغامچىنى سېتىپ بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. بىز ئەمدى ئۇلارغا «ئارغامچا» سېتىۋەرسەك بولمايدۇ.

مەنبە:

**https://www.hughhewitt.com/national-security-advisor-robert-c-obrien-on-president-trump-and-general-secretary-xi/**

# Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control:

## The CCP's Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang

By Adrian Zenz



# تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى، ھاملىنى مەجبۇري چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇري تۇغۇت تىزگىنلەش

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ھەرىكىتى

June 2020
Washington, DC

ئادرىيان زېنز

2020 – يىلى ئىيۇن

ئامېرىكادا جېيمىستاۋن فوندى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان

## مۇندەرىجە:

تەھرىر ئىلاۋىسى
تونۇشتۇرۇش
ئاساسلىق بايقاشلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

**بىرىنچى باب: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېتنىك نوپۇسنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى: «ئېشىپ كېتىش»تىن ئاساسەن توختاپ قېلىشقىچە**
**1.1 خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سېلىشتۇرمىسى**
1 - رەسىم: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە خىتاي نوپۇسىنىڭ مىليون بويىچە ھېسابلىنىشى (1985 ~ 2018)
2 – رەسىم: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە خىتايلارنىڭ يىللىق نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتى 1986 ~ 2018
3 – رەسىم: خىتاي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يىللىق ئومۇملۇق نوپۇس ئېشىشى (بىرلىكى پىرمىللى، مىڭدىن بىر، ‰)
4 – رەسىم: شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىپ بويىچە ئايرىلغان ئومۇمىي نوپۇسى
**1.2 نوپۇسنىڭ ئېشىشى، دىنىي «ئاشقۇنلۇق» ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق**
**1.3 شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش يۈزلىنىشى**
5 – رەسىم: رايونلار بويىچە تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى (بىرلىكى پىرمىللى، مىڭدىن بىر، ‰)
1 – جەدۋەل: (شەرقىي تۈركىستاندىكى) نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى

**ئىككىنچى باب: «قانۇنسىز تۇغۇتقا قاتتىق زەربە بېرىش»: 2017 – يىلدىن 2019 – يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتىلغان تۇغۇت كونترولى سىياستى ۋە ئەمەلىيىتى**
**2.1 تۇغۇت كونترولىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلىش**
**2.2 مۇداخىلىچى تۇغۇت كونترول تەدبىرلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى (ئۈزۈك سالدۇرۇش)**
2 – جەدۋەل: پەيزىۋات ناھىيەسى قۇمئېرىق يېزىسىنىڭ پەسىللىك تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى تەكشۈرۈشى
3 – جەدۋەل: كۇچا ناھىيەسىنىڭ كۆك گۈمبەز رايونىدىكى 12 كەنت ۋە رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكىسى
6 – رەسىم: يېڭىدىن سېلىنغان تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى
7 – رەسىم: بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان تۇغۇت چەكلىگۈچ
**2.3 مۇداخىلىچى تۇغۇت كونترول تەدبىرلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى**
8 – رەسىم: تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇش ئارقىلىق تۇغماس قىلىۋېتىش
9 – رەسىم: ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ نىسبىتى
10 – رەسىم: ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ نىسبىتى

**2.4 تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا ھەيىز كۆرۈشى توختاپ كەتكەن ۋە تۇل ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى**

**11 – رەسىم: كۇچا ناھىيەسى كۆك گۇمبەز رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سانلىق مەلۇماتلىرى**

**خۇلاسە**

**ئاپتور ھەققىدە**

**قوشۇمچە A: «دېھقان - چارۋىچىلار ئۇچۇن ھەقسىز تېخنىكىلىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى» پروجېكتىنىڭ ناھىيە قاتلىمىدا ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە بايان**

**ئىزاھاتلار**

تەھرىر ئىلاۋىسى:

دوكتور ئادريان زېنىز (Adrian Zenz) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتكە قاراتقان سىياسەتلىرىگە ئالاقىدار تەتقىقات ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرىدۇر. دوكتور ئادريان زېنىز 2017 ~ 2018 – يىللىرى ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار (قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، 2017 – يىلى 21 – سېنتەبىر؛ قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، 2018 – يىلى 15 – ماي؛ قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، 2018 – يىلى 5 – نويابىر) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان باستۇرۇش ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش پائالىيىتىنى پاش قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. دوكتور ئادريان زېنىز يەنە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە خىتاي دۆلىتىنىڭ تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ ئېكسپىلاتاسىيە قىلغانلىقى ھەققىدە (2019 – يىلى 17 – ئۆكتەبىر) گۇۋاھلىق بەرگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە بۇ يىلنىڭ بېشىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە قارىتىلغان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، يەنى «قاراقاش تىزىملىكى» ھەققىدە بىر پارچە چوڭقۇر تەھلىل دوكلاتى يېزىپ چىققى.

«جېيمىستاۋن فوندى» نەشر قىلغان ئۇشبۇ دوكلاتتا، دوكتور ئادريان زېنىز خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەنە بىر سىياستى، يەنى مەجبۇرىي تۇغۇت كونترولى ۋە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى مەجبۇرىي تۆۋەنلىتىش قىلمىشى ھەققىدە تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزكۇر سىياسەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى خىتايلارنىڭكىدىن ئازايتىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى»گە سىڭدۈرۈپ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. خىتاينىڭ ئۆزىدىكى ۋە (شەرقىي تۈركىستان، تىبەتكە ئوخشاش) مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنى «جۇڭخۇا مىللىتى» نامىدا بىرلەشتۈرۈش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭنىڭ چوڭ نىشانلىرىدىن بىرىدۇر.

دوكتور ئادريان زېنىز خىتايچە ئەسلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»دە تەبىرلەنگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەرتىگە توشىدىغان، ئىنتايىن ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

جون دوستون، جېيمىستاۋن فوندى «خىتاي دوكلاتى»نىڭ مۇھەررىرى

## تونۇشتۇرۇش

بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان تۇغۇت چەكلەش ئەسۋابلىرى، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى ۋە ئائىلىلەرنى (ئەر – ئاياللارنى لاگېر، تۈرمە دېگەندەكلەر سولاش ئارقىلىق) مەجبۇرىي ئايرىۋېتىش: **2016** – يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان تەلتۆكۈس باستۇرۇش ھەرىكىتىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەھشىي ساقچى دۆلىتىگە ئايلىنىپ، ھاكىمىيەتنىڭ كۆپىيىش (تۇغۇش) ئەركىنلىكىگە ئارىلاشقانلىقىغا دائىر شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. دۆلەتنىڭ كۆپىيىشكە بولغان كونتروللۇقى ئۇزۇندىن بۇيان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇغۇت چەكلەش تۈزۈمىنىڭ ئورتاق بىر قىسمى بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى **2017** - يىلىنىڭ بېشىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن باشلىتىلغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىياسىتىدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى (قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، **2017** – يىلى **27** - سېنتەبىر).

ئۇرۇمچىلىك ئۇيغۇر ئايال زۇمرەت داۋۇت تۇتقۇندىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، (خىتاينىڭ سىياسىتىگە كۆرە) ئىككى بالىلىق بولۇشنىڭ ئورنىدا ئۈچ بالىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلىگەن ۋە ھەقسىز ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغماس قىلىۋېتىلگەن. (ۋاشىنگتون پوچتىسى، **2019** - يىلى **17**-نويابىر). ئەگەر بۇنى رەت قىلسا تۇتقۇن قىلىنىش تەھدىتىگە ئۇچرىغان زۇمرەت داۋۇت نائىلاج خىتاينىڭ دېگىنىگە بويسۇنغان. ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغان مېھرىگۇل تۇرسۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۇتقۇن قىلىنغان مەزگىلدە، ئۆزىگە ۋە باشقا ئاياللارغا تەرتىپسىز خۇن كەلتۈرىدىغان ۋە ھەيزنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان نامەلۇم دورا ۋە ئوكۇللار ئىشلىتىلگەن (بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، **2018** – يىلى **26** – نويابىر). كېيىن، ئامېرىكالىق دوختۇرلار ئۇنىڭ تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى (ياپونىيە ئىقتىساد خەۋەرلىرى، **2019** – يىلى **10** – ئاۋغۇست). تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولغان رەخىمە سەنبايغا تۇتقۇن قىلىنىشتىن ئىلگىرى دائىملىق مەجبۇرىي تەرتىپ سۈپىتىدە بالىياتقۇ ئىچى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىسى (**IUD**) مەجبۇرىي سېلىنغان (ۋاشىڭتون پوچتىسى، **2019** - يىلى **5** - ئۆكتەبىر).

بۇنداق ۋەقەلەر قانچىلىك سىستېمىلىق؟ ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ، يوق؟ ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە قانداق تەسىرى بار؟

## ئاساسلىق بايقاشلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ھۆكۈمەت ھۆججىتىنى سىستېمىلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ ھەقتىكى بايانلارنىڭ چىنلىقى ۋە كۆلىمىنى تۇنجى قېتىم جەزملەشتۈرگىلى بولدى. بۇ دوكلاتنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

- شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىشى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. **2015**-يىلدىن **2018**-يىلىغىچە بولغان ئىككى چوڭ ئۇيغۇر ۋىلايىتىدە نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى **84** پىرسەنت تۆۋەنلەپ، **2019**-يىلى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى. **2020**-يىلىغا كەلگەندە، بىر ئۇيغۇر رايونى **2018**-يىلىدىكى **11.45** پېرمىللى (**11.45 ‰**)لىك ئەسلىدىنلا ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئېشىش نىسبىتىگە سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان ھالدا، نوپۇسنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە نۆلگە يېقىن، **1.05** پېرمىللى (**1.05 ‰**)لىك ئېشىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.
- ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي تەرتىپتىن ھالقىغان ھالدا «تەربىيەلەش» لاگېرلىرىغا سولىنىش ئارقىلىق جازالىنىدىغانلىقى ئوچۇق - ئاشكارە

كۆرسىتىلگەن. بۇ ئاشكارىلانغان «قاراقاش تىزىملىكى» ھۆججىتىدىكى ئىسپاتلارنى دەلىللەيدۇ، «قاراقاش تىزىملىكى»دىمۇ تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىچىدە « تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان»لار ئەڭ كۆپ ئىدى («سىياسىي خەۋپ» ژۇرنىلى، 2020-يىلى 2-ئاي).

- 2019-يىلىدىكى ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر يېزا رايونلىرىدىكى ئاياللارنى كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش ھەرىكىتىنىڭ پىلانلىرى ئاشكارىلانغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتتە شۇ يىلى ئىككى ئۇيغۇر ناھىيەسىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى تويى قىلغان ئاياللارنىڭ 14 پىرسەنت ۋە 34 پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىش نىشانلانغان. بۇ پروجېكت شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى تامامەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 2020-يىلىمۇ پروجېكت مەبلىغى كۆپەيتىلگەن ھالدا داۋاملاشتى. مەزكۇر ھەرىكەت يېزىلاردىكى ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بالىسى بار ئاياللارنى، شۇنداقلا ئىككى بالىسى بار ئاياللارنى ــ بۇلار تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ــ تۇغماس قىلىۋېتىشنى نىشان قىلغاندەك تۇرىدۇ. خامچوت سانلىق مەلۇماتلىرىغا كۆرە، بۇ تۈرنىڭ 2019- ۋە 2020-يىللىرى تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇۋېتىدىغان تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسىدىن نەچچە يۈزمىڭنى قىلىشقا يېتەرلىك مەبلىغى بار بولۇپ، كەم دېگەندە بىر رايون مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە مەبلىغىگە ئېرىشكەن. 2018-يىلى، بىر ئۇيغۇر ۋىلايىتى ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا «يېزا نوپۇسىنى كەڭ كۆلەمدە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەش» نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغان.
-

2019-يىلغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان تۆت ۋىلايەت - ئوبلاستتا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ كەم دېگەندە سەكسەن پىرسەنتىگە تۇغۇتتىن ساقلىنىش (IUD ياكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى) ئوپېراتسىيىسى قىلىشنى پىلانلىغان. ئەمەلىي نىسبەت بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. 2018-يىلى، شەرقىي تۈركىستان پۈتۈن خىتاي نوپۇسىنىڭ پەقەت 1.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن، خىتايدىكى بارلىق يېڭى سېلىنغان تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىنىڭ سەكسەن پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا سېلىنغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇر رايونىدا تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلانغاندىن بۇيان، 18 ياشتىن 49 ياشقىچە بولغان ئاياللارنىڭ تۇلغا ئايلىنىش ياكى ھەيز كېسىلىش نىسبىتى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. بۇلار تەبىئىي بولمىغان ئۆلۈشنىڭ يوشۇرۇن ۋاكالەتچى كۆرسەتكۈچى (ئۆلگۈچىلەر تۇتقۇندىكى ئەرلەر بولۇشى مۇمكىن) بولۇپ، شۇنداقلا/ياكى تۇتقۇن قىلىنغانلارغا ئۇرۇلغان ئوكۇللارنىڭ ھەيزنىڭ ۋاقىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك توختىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

2015-يىلدىن 2018-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەخمىنەن 860 مىڭ خىتاي نوپۇسى شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا ئىككى مىليونغا يېقىن يېڭى نوپۇس قوشۇلغان. شۇنداقلا، خىتايلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر رايونىدىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەتراپىتىكى يېزا ئۇيغۇر رايونىغا سېلىشتۇرغاندا سەككىز ھەسسىگە يېقىن يۇقىرى بولغان (بۇنچە يۇقىرى ئېشىش نىسبىتىگە، شۇ يەردىكى خىتايلارنىڭ تۇغۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەب بولغانلىقى شەكسىز) (2018-يىلى). بۇ سانلىق مەلۇماتلار بېيجىڭنىڭ خىتاي نوپۇسىنى كۆپەيتىدىغان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرگە سەۋەب بولدى (1).

بۇ بايقاشلار بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنىڭ ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»دا كۆرسىتىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆلچىمىنىڭ بىرىگە، يەنى


D مادددىنىڭ 2 - تارمىقىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «[نىشانلانغان] گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدە تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش»قا ماس كېلىدىغانلىقىنى ئەڭ كۈچلۈك ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 1948- يىل 9- دېكابىر).

## بىرىنچى باب: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېتنىك نوپۇسنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى: «ئېشىپ كېتىش»تىن ئاساسەن توختاپ قېلىشقىچە

### 1.1 خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سېلىشتۇرمىسى


1949-يىلدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاھالىسىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى. 1949-يىلى، خىتايلار بۇ رايون نوپۇسىنىڭ ئاران 6.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى (4 مىليون 330 مىڭ نوپۇسنىڭ 291 مىڭى خىتاي ئىدى) (2). 1978-يىلغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ نىسبىتى 41.6 پىرسەنتكە يەتتى. 1990-يىللار ۋە 2000-يىللارنىڭ بېشىدا كۆچمەن خىتايلار يەنە شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئاتالمىش «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى» (دېھقانچىلىق ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېرىم ھەربىي كۆچمەنلەر ئەترىتى)نىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى، شۇنداقلا مەركىزىي ھۆكۈمەت قوزغىغان نەچچە مىليارد يۈەنلىك تەرەققىيات تۈرى بولغان «غەربنى ئېچىۋېتىش» پروجېكتىمۇ خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۈركۈملەپ ئېقىشىغا سەۋەب بولدى (1 -، 2 -، 3 - رەسىملەر).

1 - رەسىم: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە خىتاي نوپۇسىنىڭ مىليون بويىچە ھېسابلىنىشى (2018 ~ 1985)




مەنبە: شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1990 -، 2005، 2019 – يىللىرىدىكى ستاتىستىكا يىلنامىسى.

**2 – رەسىم: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە خىتايلارنىڭ يىللىق نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتى 1986 ~ 2018 (بىرلىكى پىرسەنت).**





**مەنبە: شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1990 -، 2005، 2019 – يىللىرىدىكى ستاتىستىكا يىلنامىسى.**

**ئەمما، 2018- يىلغا كەلگەندە، تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە كۆچمەنلەر سەۋەبىدىن، خىتايلارنىڭ نوپۇس نىسبىتى 31.6 پىرسەنتكە تۆۋەنلىگەن. خىتايلارنىڭ كۆپىيىشى 2010-يىلىدا (ئۈرۈمچى ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر يىل) ۋە 2016-يىلدىن باشلاپ، كۆچلۈك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىدىن كېيىن نىسبەتەن ئاستا بولدى (2-رەسىمگە قاراڭ). 2015-يىلدىن 2018-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسى 754 مىڭ ئازايغان (3). بۇنىڭغا خىتايلار كۆپ ساندىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى قوشقاندا، ئازايغان خىتاي نوپۇسى تەخمىنەن 863،000 بولىدۇ (4).**

**بۇ ئارىلىقتا، ئۇيغۇر نوپۇسى ئاشقان. 2010 - يىلى، خىتايدىكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئالدىنقى ئون ناھىيەنىڭ توققۇزى ئۇيغۇر ياكى قىرغىزلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيەلەر بولغان. بۇ جايلاردىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى 22.0 دىن 27.6 ‰ (پېرمىللى، مىڭلىق نىسبەت) ئارىلىقىدا بولۇپ، خىتايدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيەنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن (5). 2005-يىلدىن 2015-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭكىدىن 2.6 ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، بۇ 1965-يىلدىن بۇيانقى ھەرقانداق 10 يىلدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن (3-رەسىمگە قاراڭ).**

**بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ھەقىقىي ساندىن 8 ~ 10 مىليوننى ئازايتىپ ئېلان قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدىن قاچۇرۇلۇپ تۇغۇلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرسىتىشتى (6). ھالبۇكى، (خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان) رەسمىي سانلىق مەلۇماتلار ھەققىدىكى تەھلىل بۇ خىل نۇقتىئىينەزەرنى قوللىمايدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش يىللىرى (1990، 2000)دا دوكلات قىلىنغان نوپۇستىكى ئېشىش سانى تېخمۇ**

3 – رەسىم: خىتاي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يىللىق ئۈنۈملۈك نوپۇس ئېشىشى (بىرلىكى پېرمىللى، مىڭدىن بىر، ‰)




مەنبە: شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1990 -، 2005، 2019 – يىللىرىدىكى ستاتىستىكا يىلنامىسى.


قاتتىق بولغان نوپۇس سانىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئاساسىي قاتلام نوپۇسىنى كونترول قىلىش مېخانىزمى 2014-يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تېخىمۇ بەك كۆپىيىشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن (7). 1978-يىلدىن 2016-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 19.2 پېرمىللى (‰ ) بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (12.65 ‰) ياكى خىتايدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (9.75 ‰) دىن كۆپ يۇقىرى (8).

يېقىنقى مەزگىللەردە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە (مۇستەملىكە ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نوپۇس ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئۇسۇلدا ھېسابلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچىسى «يىل ئاخىرىدا تىزىمغا ئالدۇرغان نوپۇس» بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ نوپۇس تىزىملاش سىستېمىسىدا ئاتالمىش «شىنجاڭلىق» دەپ رەسمىي تىزىمغا ئېلىنغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ (9). ئىككىنچىسى «يىل ئاخىرىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس» بولۇپ، ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا بار بولغان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا كەم دېگەندە ئالتە ئاي تۇرغانلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ (دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، 2018-يىلى 12-ئۆكتەبىر؛ ماكرو ئىقتىساد ئەھۋالى، 2009 – يىلى 6 – ئاي). كېيىنكى («يىل ئاخىرىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس» دېگەن) ئاتالغۇ خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن (شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىغا ئۆتمىگەن) كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، 2018-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 3 مىليون 510 مىڭ دائىملىق ئاھالە بار بولسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭ پەقەت 2 مىليون 222 مىڭىنىڭ تىزىملاتقان نوپۇسى بار (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت، 2019-يىلى 4-ئىيۇن). ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ۋىلايەتلەردە بۇ پەرق ناھايىتى كىچىك (10). بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەلگەنلى-

كى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئىسپاتلىمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا زىتمۇ كەلمەيدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ نوپۇس تىزىملاشتا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس (زىمىستان تورى، 2018-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنى).

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ ئىككى خىل نوپۇسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 2015-يىلى كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، 2018-يىلغا بارغاندا بۇ پەرق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان 2 مىليون 300 مىڭغا يەتكەن (4-رەسىمگە قاراڭ) (11). بۇنىڭ ئىچىدىكى، 1 مىليون 290 مىڭى ئۈرۈمچىدە، 710 مىڭى نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى خىتايلار ئىگىلەيدىغان ئاتالمىش «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنى» رايونلىرىدا بولغان. (2019-يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنى» رايونلىرىدا بۇ سان 810 مىڭغا يەتكەن. ئۈرۈمچىدە بولسا، 2019 - يىلى پەقەت «يىل ئاخىرىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس»لا ئېلان قىلىنغان) (12). نەتىجىدە، 2018 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ ئومۇمىي شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىدا ئىگىلىگەن ئەمەلىي نىسبىتى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېقىن 39.8 پىرسەنتكە يەتكەن (13).

4 – رەسىم: شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىپ بويىچە ئايرىلغان ئومۇمىي نوپۇسى




مەنبە: شەرقىي تۈركىستاننىڭ 2011 – يىلىدىن 2019 – يىلىغىچە بولغان ستاتىستىكا يىلنامىسى.

دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ مىللىي تەركىبى تەمىنلەنمىگەچكە، بۇ خىل نوپۇسنى ھېسابلاش ئۇسۇلى شەرقىي تۈركىستانغا زور تۈركۈمدە ئېقىپ كىرگەن خىتايلارنىڭ سانىنى ئۇنۇملۇك يوشۇرۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى مائاش، ھەقسىز تۇرالغۇ ۋە باشقا تولۇقلىما بېرىش ۋەدىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قىزىقتۇرۇلغان. ئاتالمىش «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنى»نىڭ بىر رايونى خىتاينىڭ شەرقىدىن كەلگەن (18 ياشتىن 35 ياشقىچە) ياش ئائىلىلەرگە 5.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر، پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىش ياكى يىللىق كىرىمى 102 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىدىغان ساقچىلىق خىزمى-

تى، شۇنداقلا تۆت يىللىق ئىجارە ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىلگەن 40 ~ 80 كىۋادرات مېتىرلىق يېڭى تۇرالغۇ (ئائىلە كۆلىمىگە ئاساسەن)، ئومۇمىيۈزلۈك داۋالىنىش تەمىناتى ۋە ھەر ئايدا قۇرامىغا يەتكەنلەرگە 1000 يۈەن تولۇقلىما ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىقلارنى ۋەدە قىلغان (ئاتالمىش «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى»، 13-فېۋرال). مۇشۇ تۈردىكى نۇرغۇن ئۇقتۇرۇشلار پەرزەنتى بار ياش ئائىلىلەرنى ئالاھىدە نىشان قىلغان.

رەسىم: كەلگۈسى ئاققۇن خىتايلار ئۈچۈن ئۇرۇمچىنىڭ شىمالدىكى ۋۇجياچۇ شەھىرىگە يېڭىدىن سېلىنغان بىنالار.




مەنبە: ئاتالمىش «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى»، 13 -فېۋرال

## 1.2 نوپۇسنىڭ ئېشىشى، دىنىي «ئاشقۇنلۇق» ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ھۆكۈمەت ساھەسىدىكىلەر يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنى ئىزچىل «ھەددىدىن زىيادە» دەپ تەسۋىرلەپ كەلدى. 2017-يىلى 4-ئايدا ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى» جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى لى شياۋشيا تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ماقالىگە كۆرە، ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ماكان ئايرىمچىلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. نوپۇس نىسبىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، «ئېتنىك، دىن ۋە تېررىتورىيەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىلنىڭ ئورتاق تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن بىر زېمىننىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت كۆز قاراش كۈچىيىدۇ». بۇ خىل جۇغلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە «مىللىي كىملىكنى ۋە ئۆزىنى جۇڭخۇا مىللىتىگە تەۋە دەپ قاراش تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاكىمىيەت ۋە مۇقىملىققا (خىتاينىڭ تەبىرى بويىچە «ئەبەدىي ئەمىنلىك»كە) تەسىر يېتىدۇ (لى شياۋشيانىڭ 2017 - يىلدىكى «شىنجاڭدىكى نوپۇس مەسىلىسى ۋە نوپۇس سىياسىتى ھەققىدە تەھلىل» (新疆的人口问题及人口政策分析) دېگەن ماقالىسىدىن).

خىتاي ئاكادېمىكلىرىغا كۆرە، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئارىسىدىكى باغلىنىشنى مىللىي مەركەزلىشىش ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىكەن. لى شياۋشىيا ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىشى» كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق ۋە كىرىم مەنبەسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەمەلگە ئاشمىغان ماددىي ئارزۇ ئۆز نۆۋىتىدە «دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لى شياۋشىيا ئۇيغۇرلارنى «ئىقتىسادىي مەنپەئەت»نى كۆرمەسكە سېلىپ، «دىنىي ئۈمىد» ۋە «مىللەتچىلىكنىڭ پسىخىكىلىق ئېھتىياجى»غا بويسۇندى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. يەنە بىر ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: «پەرزەنت ئاللاھنىڭ سوۋغىسى، سىز تۇغۇلۇش ۋە بالا چۈشۈرۈشنى خالىغانچە كونترول قىلالمايسىز» (غەربىي شىمال نوپۇسى، **2019**). يەنە بىر يەردە «ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئاشقۇن دىنىي تەپەككۇر دولقۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ قايتىدىن ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولدى» دېيىلگەن (ئېتنولوگىيە ژورنىلى، **2016**). خۇلاسىلىگەندە، بۇ ئانالىزلارنىڭ تەۋسىيەسى شۇكى، نوپۇسنى كونترول قىلىش چوقۇم خىتاي كومپارتىيەسى ۋە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي قايتا قۇرۇش تۈرىنىڭ يادروسى بولۇشى كېرەك **(14)**.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەت ساھەسىدە، «دىنىي ئاشقۇنلۇق» بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت **2015**-يىلى يازدا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغانىدەك قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت **2014**-يىلىنىڭ بېشىدا (يۇقىرىدا دېيىلگەنىدەك) كەنتلەرگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ **2014**-يىلىدىكى دوكلات قىلىنغان تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى **2000**-يىلدىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. **2015**-يىلى **5** - ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى رادىيو پروگراممىسىدا «دىنىي ئاشقۇنلۇق قايتا نىكاھلىنىشقا ۋە قانۇنسىز ھالدا ئارتۇق پەرزەنتلىك بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ» دېيىلدى (ئىلى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت، **2015**-يىلى **21**-ماي). شۇ ئايدا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇقتا «ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش دىنىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان تەسىرى ۋە ئارىلىشىشىنى يوقىتىش پۈرسىتىدۇر» دەپ كۆرسىتىلدى (خوتەن ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ، **16**-ئاپرېل). بۇ «ئارىلىشىش» بېيجىڭنىڭ مۇھىم تەشۋىقات ھۆججەتلىرىنىڭ بىرى بولغان «شىنجاڭ ئاق تاشلىق كىتابى»دىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «دىن پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئارىلاشماسلىقى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن (خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزى ھۆكۈمىتى، **2019**-يىل **21**-ئىيۇل).


## **1.3** شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، بارلىق يەرلىك مىللەت ناھىيەلىرىدىكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى **2015**-يىلى، يەنى ھۆكۈمەت نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن «دىنىي ئاشقۇنلۇق» ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بار دەپ يەكۈن چىقىرىشقا باشلىغان يىلى تۆۋەنلەشكە باشلىغان (5-رەسىمگە قاراڭ). ئۇزۇندىن بۇيان تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بارلىق يەرلىك مىللەت ناھىيەلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولۇپ كېلىۋاتقان قەشقەر ۋە خوتەندىكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى **2017**-يىلى تۆۋەنلەپ، شۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغان **(15)**. شۇ يىلى خىتايلارنىڭ تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئۆستۈرۈلگەن بولۇشىغا قارىماي، **2017**-يىلى خىتايلارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىمۇ **0.26** پېرمىللى **(0.26‰)** غا تۆۋەنلىگەن.

**2018**-يىلى، تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىشى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ، بارلىق يەرلىك مىللەت رايونلىرىدا **4.06** پېرمىللى **(4.06 ‰)**غا، قەشقەر ۋە خوتەندە **2.58** پېرمىللى **(‰)**غا چۈشۈپ قالغان. ھالبۇكى، قەشقەر ۋە

خوتەننىڭ ساپ نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتى (يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ) تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، 0.22 پېرمىللى ( ‰ )غا، بارلىق يەرلىك مىللەت ناھىيەلىرىنىڭ ساپ نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتى مىنۇس 0.25 پېرمىللى (‰)غا چۈشۈپ قالغان (16). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتايلارنىڭ دائىملىق ئاھالە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك، خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ناھىيەلەردىكى ساپ نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتىنى 7.42 پېرمىللى (‰)غا چىققان.

**5 – رەسىم: رايونلار بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى (بىرلىكى پېرمىللى، مىڭدىن بىر، ‰)**




مەنبە: ئاپتور شەرقىي تۈركىستاننىڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى ۋە يەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات دوكلاتىغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىققان. «يەرلىك مىللەتلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيەلەر» يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئەللىك پىرسەنتتىن يۇقىرى ناھىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىرلەشتۈرۈلگەن خىتاي ۋە يەرلىك مىللەت ناھىيەلىرىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئېشىش سۈرئىتى نوپۇسنى ئاساس قىلىپ ئۆلچەنگەن.

ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ كەسكىن بۇرۇلۇشىدا، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىكى تۆۋەنلەش ئاساسلىقى يېزىلاردا كۆرۈلدى. مەسىلەن، خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسى ئالدىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئېشىش نىسبىتى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. بۇ ناھىيەدىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى تۇنجى قېتىم 2016-يىلى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن، ئەمما ھازىرغا قەدەر ئەڭ ئېغىر تۆۋەنلەش (مىنۇس 0.49 پېرمىللى ‰) 2018-يىلى يۈز بەرگەن (1-جەدۋەلگە قاراڭ). بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، خوتەن شەھىرىنىڭ 2018-يىلدىكى ئېشىش سۈرئىتى 4.13 پېرمىللى ( ‰) بولۇپ، ئاساسلىقى يېزىلارنى ئاساس قىلغان باشقا ۋىلايەتلەردىكى 2.96 پېرمىللى (‰) لىق ئېشىش سۈرئىتىدىن 40 پىرسەنت يۇقىرى بولغان

(خوتەن شەھىرى، 2019-يىل 25-ئاپرېل). كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، خوتەن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يېزىلار بىلەن خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دالا رايونلارنىڭ پەرقىدۇر. خىتايلارنىڭ نىسبىتى 54.1 پىرسەنت بولغان گۇلباغ ئولتۇراق رايونىدا 2018-يىلى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 15.17 پىرسەنت بولۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭكىدىن 7.8 ھەسسە يۇقىرى بولغان (خوتەن شەھىرى ، 2019-يىلى 12-نويابىر).

1 – جەدۋەل: تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (2018-يىلى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتىمۇ تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇ ھەم نوپۇسنى تىزىمغا ئالدۇرغان ھەم دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مەنبە: شەرقىي تۈركىستان ستاتىستىكا يىلنامىسى (جەدۋەل 3-6 ، 3-7).

| 2018 | 2017 | 2016 | 2015 | 2014 | 2013 | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 2.44 (7.42) | 0.26 | 6.58 | 5.16 | 7.71 | 7.74 | شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن رايونى |
| 4.06 (-0.25) | 8.32 | 11.06 | 12.34 | 14.60 | 15.44 | شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك مىللەتلەر رايونى |
| 2.96 (3.08) | 11.80 | 15.79 | 17.51 | 17.83 | 19.07 | خوتەن ۋىلايىتى |
| 4.13 (16.39) | 12.08 | 11.11 | 14.32 | 12.40 | 12.26 | خوتەن شەھىرى |
| -0.49 (-3.82) | 10.35 | 12.74 | 21.87 | 22.85 | 25.84 | كېرىيە ناھىيەسى |

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى ئېشىش سۈرئىتى ھۆكۈمەت نىشانىدىن خېلى بەكلا تۆۋەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ «13-بەش يىللىق پىلانى»دا (2016-يىلدىن 2020-يىلغىچە) 2016-يىلدىن 2020-يىلغىچە تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى 11.6 پېرمىللى (‰) قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ئالدىنقى بەش يىللىق پىلاندىكىدىن 0.6 پېرمىللى (‰) يۇقىرى ئىدى (خىتاينىڭ دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، 2016-يىلى 5 - ئاي). خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 2015-يىلدىكى نىشانى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ 18 پېرمىللى (‰)دىن تۆۋەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. 2016 – يىلدىن 2020 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ نىشان 16.5 پېرمىللى (‰)غا تۆۋەنلىتىلگەن. 2019-يىلى 11.38 پېرمىللى (‰) بولغانىدى. بۇ نىسبەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ 2020-يىلدىكى رايونلۇق نوپۇس ئېشىش نىشانىنى 2016-يىلدىكى سەۋىيەدىن (خوتەننىڭ بۇ چاغدىكى ئېشىش نىسبىتى 11.8 پېرمىللى ‰ ئىدى) كەم دېگەندە 4 پېرمىللى (‰) تۆۋەنلىتىش بۇيرۇقىغا يېقىنلاشقانىدى (ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى»، 2019-يىل 29-يانۋار (17). خوتەن ناھىيەسى ئېشىش نىشانىنى 2017-يىلدىكى 16.5 پېرمىللى (‰)دىن 2019-يىلى 11.59 پېرمىللى (‰)غا چۈشۈرگەن، ئەمما 2018-يىلدىكى ئەمەلىي ئېشىش سۈرئىتى ئارانلا 2.22 پېرمىللى (‰) بولغان (18).

يېقىندىن بۇيان، ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ بۇ خىل سانلىق مەلۇماتلىرى يوشۇرۇلۇشقا باشلىغاندەك قىلىدۇ، بۇ مەزكۇر ئۇچۇرلارنىڭ سەزگۈرلۈك خاراكتېرىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 2019-يىلدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى ئېلان قىلغان يەرلىك مىللەت رايونلىرىدا 30 پىرسەنتتىن 56 پىرسەنتكىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملىق تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن (قىزىلسۇ ئوبلاستى 2-ئاپرېل؛ چىرا ناھىيىسى 1-ئىيۇن ؛ چەرچەن ناھىيىسى 4 - ئاپرېل). تەخمىنەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2019-يىللىق دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم تۇغۇلۇش، ئۆلۈش ياكى تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاشكارىلانمىدى (قەشقەر ۋىلايىتى، 9-ماي). بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق: قەشقەرنىڭ نوپۇسى 2018-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئازايدى. گەرچە بۇ ئاھالىنىڭ سىرتقى ئېقىشى سەۋەبلىك بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما تۇغۇلۇش نىسبىتى ھەددىدىن زىيادە تۆۋەن بولغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ جەھەتتىكى كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىمۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان قىزىلسۇ ئوبلاستى 2020-يىلىدىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ئاران 1.05 پېرمىللى ( ‰ ) قىلىپ بېكىتكەن ۋە بۇنى «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشانلىغان (19) بۇ 2018- ۋە 2019- يىللىرىدىكى 11.45 پېرمىللى (‰) ۋە 7.45 پېرمىللى (‰) لىق تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن خېلىلا تۆۋەن. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، 2018-يىلى نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ بېكىتىلگەن نىشاندىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ نوقۇل كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ قاتتىق بولغان تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## ئىككىنچى باب: «قانۇنسىز تۇغۇتقا قاتتىق زەربە بېرىش»: 2017 – يىلدىن 2019 – يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتىلغان تۇغۇت كونترولى سىياستى ۋە ئەمەلىيىتى

### 2.1 تۇغۇت كونترولىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلىش

2015-يىلىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بەلگىلىگەن چەكتىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولۇشى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىلىرىنىڭ خادىملىرى كەمچىل بولۇپ، يەرلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىمۇ تۇغۇت چەكلىمىلىرىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. بۇ جەھەتتىكى «بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغانلىقى بايقالغان ئۇيغۇرلار جەرىمانە تۆلەيتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى نازارەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە مۇداخىلە قىلىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 2017- يىلى 7-ئايدا ، خىتاي دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى «پىلانلىق تۇغۇت سىياستى»نى ئىسلاھ قىلدى (ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى»). ئىلگىرى، (مەزكۇر سىياسەتتە) شەھەر نوپۇسىدىكى خىتايلارنىڭ بىر باللىق، يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىككى باللىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغانىدى. يېزا نوپۇسىدىكىلەر بۇنىڭدىن يەنە بىر پەرزەنتنى ئارتۇق تۇغسا بولاتتى. يەنى يېزا نوپۇسىدىكى خىتايلار ئىككى، يەرلىك مىللەتلەر ئۈچ باللىق بولسا بولاتتى. يېڭى سىياسەتتە بۇ مىللىي پەرق چىقىرىپ تاشلىنىپ، خىتايلارنىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش باللىق بولۇشىغا يول قويۇلدى. ئەمما، شەھەر - يېزا پەرقى ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت نورمىسى ئۆزگەرتىلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، 2017-يىلى 6-ئايدا «پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش» دەيدىغان يېڭى ئىبارە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھۆججەتلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى (21). 2017-يىلىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 2018-يىلى، يەرلىك مىللەت رايونلىرى «قانۇنغا خىلاپ تۇغۇش قىلمىشلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى» (违法生育专项治理) نى باشلىدى (21). مەزكۇر ھەرىكەتتە 1990-يىللاردا سادىر قىلىنغان «قانۇن»غا خىلاپ قىلمىشلارنى بايقاشقا ئۇرۇنۇلدى ۋە 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى، يەنى شەرقىي تۈركىستاندا «پىلانلىق تۇغۇت سىياستى» ئىسلاھ قىلىنغان كۈن (خېجىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ، 2018-يىلى 19-ماي) دىن كېيىن سادىر قىلىنغان ئالاھىدە قاتتىق «قانۇن»غا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى جازالاشنى مەقسەت قىلدى. گەرچە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ 2017-يىلى مەركەزلىك ھالدا باشلىنىشى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ھېچبىر سىياسىي ھۆججەتلەردە ئېنىق ئىپادىلەنمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ داۋاملىشىشى ۋە كېڭىيىشى 2018-يىلىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تۇغۇش قىلمىشلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاپ داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (自治区卫生计生委《关于持续深入开展违法生育专项治理工作的通知》) نى ئاساس قىلغان (22). ناھىيە قاتلىمىدا بۇنىڭغا ئالاقىدار «ئىجرا لايىھەلىرى» 2018-يىلى 4-ئاي ۋە 5-ئايدا تارقىتىلغان.

**بۇ ھەرىكەتنىڭ تۈنجى تەسىرى ئەيىبلەنگەن تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆپىيىشى بولدى. يەرلىك تەكشۈرۈشلەر ھەر بىر پۇقرانىڭ تەپسىلىي خاتىرىسى بار شەخسىي ئۇچۇر سىستېمىسىغا ۋە يېزىلاردىكى (يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردىن كەلگەن) ئاتالمىش «كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى»غا تاياندى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى قانۇنىي تەرتىپلەردىن ھالقىغان ھالدا تۇتقۇن قىلىنىدىغان كىشىلەرنى بېكىتىشتىمۇ ئاساسلىق رول ئوينىدى (23). چاپچال ناھىيەسىدە، بۇ ھەرىكەتتە 2017-يىلى 9-ئايدىن 2018-يىلى 1-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 629 قېتىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى بايقالدى، دوكلاتتا بۇ رايوننىڭ «قانۇنسىز تۇغۇش قىلمىشلىرىغا قارشى جەڭ مەيداندا قەتئىي غەلىبە قىلىۋاتقانلىقى» كۆرسىتىلدى (24). موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدە، بۇ ھەرىكەتتە 2018-يىلى ۋە 2019-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 4359 قېتىم مۇشۇ خىل قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى بايقالدى (25). بۇ ھەرىكەت جەريانىدىكى تەكشۈرۈشلەر «ھېچبىر بۇلۇڭ – پۇچقاقنى چالا قالدۇرماسلىق» ۋە «ھەممە يەرگە تور يېيىش» ئۇسلۇبىدا ئىدى (خېجىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت، 2018-يىلى 19-ماي).**

**ئۇنىڭ ئىككىنچى تەسىرى ئاتالمىش «قانۇن»غا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا تېخىمۇ قاتتىق جازا بېرىش بولدى. ئۈچ ناھىيە بۇ خىل قىلمىشلارغا قارىتا قانۇنىي تەرتىپلەردىن ھالقىغان ھالدا تۇتقۇن قىلىش جازاسىنى ئالاھىدە بېكىتتى. 2018-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى، چەرچەن ناھىيىسى (بايىنغولىن ئوبلاستىغا قاراشلىق) ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن باشلاپ يۈز بەرگەن، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بالا تۇغۇلۇش نورمىسىدىن ئېشىپ، «قانۇن»غا خىلاپلىق قىلغان ئاياللار چوقۇم «ھەم ئۇزۇن ئۇنۇملۇك تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوبۇل قىلىشى، ھەم (يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا) كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىگە قاتنىششى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى (چەرچەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت). كېيىنكى جۈملە ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيىلەش تۈتۈپ تۇرۇش لاگېرلىرى» (VTICs)غا سولاشنىڭ يوپۇتۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، بۇ قانۇنىي تەرتىپلەردىن ھالقىغان ھالدا تۇتقۇن قىلىشنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلىدۇر (سىياسىي خەۋپ ژۇرنىلى، 2019-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنى). شەرقىي تۈركىستاندا، «ئۇزۇن ئۇنۇملۇك تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى» دېگەن ئىبارە ماھىيەتتە تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سالدۇرۇش ياكى تۇخۇم نەيچىسىنى بوغدۇرۇۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ .(26).**

**ئىلى ئوبلاستىدا، نىلقا ناھىيەسىنىڭ 2019-يىللىق پىلانلىق تۇغۇت سىياستى بەلگىلىمىلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قانۇنسىز» ھامىلدار بولۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى رەت قىلغان ياكى مۇناسىۋەتلىك جەرىمانىلەرنى تاپشۇرمىغانلار ساقچى ئورگانلىرىغا يوللىنىدۇ، ئۇلار «بۇ خىل كىشىلەرگە قارىتا نۇقتىلىق تەربىيەلەش ئېلىپ بارىدۇ»، بۇمۇ ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولاش»نىڭ يوپۇتۇپ ئېيتىلىشىدۇر (نىلقا ناھىيىسى، 2019-يىلى 20-نويابىر) (27). يەنە شۇنىڭدەك، چاپچال ناھىيىسىدە (ئىلى ئوبلاستىدا)، ھۆكۈمەتنىڭ 2018-يىلى 1-ئايدىكى كۆرسەتمىسىدە «جاھىل» ۋە «جەرىمانە تۆلەشنى رەت قىلغان» بالىلىرى بەك كۆپ ئائىلىلەرنىڭ «مائارىپ ۋە تەربىيىلەش»كە ئۇچرايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن، بۇمۇ يەنە ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولاش»نىڭ يوپۇتۇپ ئېيتىلىشىدۇر (28). بۇ كۆرسەتمىنىڭ ۋاقتى ۋە مەزمۇنى بىردەك چاپچال ناھىيەسىدىن كەلگەن قازاق ئانا گۈلنار ئۆمىرزاخنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسپاتلاندى. 2018-يىلى 2-ئايدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدىكىلەر گۈلنارنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا 17 مىڭ 500 يۈەن (خىتاي پۇلى) جەرىمانە قويغان ۋە ئۈچ كۈن ئىچىدە پۇلنى تاپشۇرمىسا، قولغا ئالىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىد سالغان (بىرلەشمە ئاگېنتلىق، 2020-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى).**

**بۇ سىياسىي ھۆججەتلەر قاراقاش ناھىيىسىدىن ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، يەنى «قاراقاش تىزىملىكى»دىكى ئىسپاتلارنى دەلىللەيدۇ. مەزكۇر تىزىملىكتە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبىمۇ ئاتالمىش «تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىسى»گە خىلاپلىق قىلغانلىق ئىدى (سىياسىي خەۋپ ژۇرنىلى،**

17-فېۋرال). ھالبۇكى، «قاراقاش تىزىملىكى» تۇغۇت چەكلەش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلىش (لاگېر – تۇرمىلەرگە سولاش)نىڭ چەرچەن، نىلقا ياكى چاپچال قاتارلىق جايلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، پەقەت نورمىدىن ئارتۇق بىرلا پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭمۇ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن مىساللار بىلەن تەمىنلەيدۇ (29). ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى جازا يولغا قويۇلغان ياكى قويۇلماقچى بولۇۋاتقان 2018-يىلى ئەتىيازدا تۇتقۇن قىلىنغان (30). شۇنىڭ دەل ماس كەلگىنى، قاراقاشنىڭ 2018-يىللىق ھۆكۈمەت خىزمەت دوكلاتىدا «تۇغۇت چەكلەش (سىياستى)كە خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق چەكلەش نەتىجىسىدە، تۇغۇلۇش ۋە تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن (31).

بەزى رايونلار «چېكىدىن ئاشقان دىنىي تەپەككۇرنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان» تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش»نى ئالاھىدە بەلگىلىگەن (فۇكاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 2018-يىلى 21-ماي؛ مورى ناھىيىسى، 2018-يىلى 20-ماي). بۇنىڭدىن سىرت، تۇغۇت چەكلەش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قويۇلىدىغان جەرىمانە كۆپەيتىلگەن بولۇپ، يېڭى جەرىمانە سوممىسى كىشىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 3 ~ 8 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن (چاپچال ناھىيىسى، 2018-يىلى 9-مارت؛ سانجى ئوبلاستى، 2018-يىلى 23-ئۆكتەبىر). جەرىمانىنى تۆلىيەلمەيدىغانلار ئەمدى «مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشى» كېرەك بولغان (خېجىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت، 2018-يىلى 19-ماي). يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، چاپچال ناھىيەسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى بۇ «مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى» تۇتقۇن قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2018-يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەت رايونلىرىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك سالامەت تەكشۈرۈلدى. «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق ھەرىكەتلەر «قانۇن»غا خىلاپ قىلمىشلارنى تىزگىنلەپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنى «نۆل» گە چۈشۈرگەن (كۈنەس ناھىيەسى، 2019-يىلى 3-فېۋرال؛ غۇلجا ناھىيەسى، 2019-يىلى 23-يانۋار)

«قانۇنسىز تۇغۇش ۋەقەلىرىنى نۆلگە چۈشۈرۈش» دېگەن بۇ ئىبارە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا جايلىرىدا ياكى شەرقىي تۈركىستاندا 2018-يىلدىن بۇرۇن دائىم ئىشلىتىلمەيتتى، ئەمما بۇ 2018 - ۋە 2019 - يىللىرى ئۆلچەملىك «پىلانلىق تۇغۇت نىشانى»غا ئايلانغان. 2019-يىلى 2 مىليون 530 مىڭ نوپۇسى بار پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى، تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ 21 دىن ئاشماسلىقى پىلانلانغان (32). موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت دوكلاتىغا كۆرە، «قانۇنسىز تۇغۇش ۋەقەلىرىنىڭ نۆلگە چۈشۈرۈلۈشى» ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەسمىي «قەسەمنامە»لەرگە ئىمزا قويۇشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ (33). ئۇ «قوشماق ئائىلە» باشلىقلىرى، «تور باشقۇرۇش خادىملىرى» ۋە يەرلىك ئائىلە باشلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەتراپلىق ھەمكارلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2019-يىلى، «قانۇنسىز تۇغۇش قىلمىشلىرىنى <ئىككى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈش> مەخسۇس ھەرىكەت ئىجرا لايىھەسى» (违法生育“两个彻查”专项行动实施方案) ناملىق يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش باشلاندى (34) يەرلىك مىللەت ناھىيەلىرى تېخىمۇ كۆپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى سوتقا تارتىپلا قالماستىن، بەلكى تۇغۇت چەكلەش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە يولغا قويدى. مەسىلەن، ئارىشاڭ ناھىيىسىدە 468 قېتىم «تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى» قىلىندى، يەنى ئاياللارغا مەجبۇرىي ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىندى ياكى تۇغماس قىلىۋېتىلدى (ئارىشاڭ ناھىيىسى، 2019-يىلى 6-ئاۋغۇست).

## 2.2 مۇداخىلچى تۇغۇت كونترول تەدبىرلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى (ئۈزۈك سالدۇرۇش)

**2019**-يىلغا بارغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى جەنۇبتىكى تۆت يەرلىك مىللەت ۋىلايىتىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ سەكسەن پىرسەنتتىن كۆپرەككە قارىتا «ئۇزۇن ئۈنۈملۈك تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى» قوللىنىشنى پىلانلىدى (شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى، **2019**-يىل **29**-يانۋار). بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر پەسىلدە تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى تەكشۈرۈشى، ھەر ئايدا ئائىلە زىيارىتى ۋە ھەر ئىككى ئايدا ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك (2-جەدۋەلگە قاراڭ). ھالبۇكى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەسىلە بار دەپ قارالغان «نۇقتىلىق كىشىلەر» تېخىمۇ كۆپ تەكشۈرۈشلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك (نىلقا ناھىيىسى، **2019**-يىلى **20**-نويابىر).

**2** – جەدۋەل: پەيزىۋات ناھىيەسى قۇمئېرىق يېزىسىنىڭ پەسىللىك تۇغۇت چەكلىگۈچ تەكشۈرۈشى

库木艾日克社区季度查环登记表

| 序号 | 男方姓名 | 女方姓名 | 身份证号 | 采取措施时间 | 孩子数 | 第一季度 | | 第二季度 | | 第三季度 | | 第四季度 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 检查时间 | 结果 | 检查时间 | 结果 | 检查时间 | 结果 | 检查时间 | 结果 |
| 1 | 热合曼・吐 | 帕提古丽· | 652923199109****** | 2/16/16 | 2 | | | | | | | | |
| 2 | 塔依尔・阿 | 再那复古 | 652923198803****** | 1/10/15 | 2 | | | | | | | | |
| 3 | 买买提・依 | 帕提姑力· | 652923197301****** | 5/7/12 | 4 | | | | | | | | |
| 4 | 艾孜则・阿 | 热伊莱姆. | 652925199507****** | 2/18/15 | 1 | | | | | | | | |
| 5 | 玉山江・库 | 努尔曼古 | 652926199301****** | 5/10/15 | 1 | | | | | | | | |
| 6 | 斯迪克江・ | 吐尔孙阿 | 652923198908****** | 8/5/15 | 2 | | | | | | | | |
| 7 | 热合曼・依 | 阿娜古丽. | 652923199204****** | 12/28/10 | 2 | | | | | | | | |
| 8 | 热合曼・阿 | 买尔哈巴. | 652923199001****** | 1/11/14 | 1 | | | | | | | | |
| 9 | 阿布来提・ | 肉克亚木. | 652923199003****** | 5/25/13 | 1 | | | | | | | | |
| 10 | 玉苏甫・艾 | 玛依热.买 | 652923198604****** | 6/5/13 | 2 | | | | | | | | |
| 11 | 吐尔共・吐 | 买艳木.木 | 652923198508****** | 8/4/15 | 2 | | | | | | | | |
| 12 | 阿布力米提 | 帕提古力. | 652923199111****** | 2/10/15 | 2 | | | | | | | | |
| 13 | 木合塔尔・ | 依米达木. | 652923198803****** | 2/15/10 | 3 | | | | | | | | |
| 14 | 喀合曼. 阿米 | 祖力皮彦. | 652923198711****** | 2/25/13 | 2 | | | | | | | | |
| 15 | 吐尔地・阿 | 佐然木.沙 | 652925198812****** | 8/11/15 | 2 | | | | | | | | |
| 16 | 塔依尔. 那曼 | 帕丽达木. | 652923198402****** | 3/10/15 | 2 | | | | | | | | |
| 17 | 亚库普. 加帕 | 萨拉买特. | 654125198407****** | 3/19/14 | 2 | | | | | | | | |
| 18 | 阿里木・那 | 胡尔西旦。 | 652923198507****** | 3/20/15 | 2 | | | | | | | | |

مەنبە: رايونلۇق نوپۇس ئۇچۇرى سىستېمىسى. ئىسىم ۋە كىملىك نومۇرى قىسمەن ھالدا ئاپتور تەرىپىدىن چىقىرىۋېتىلدى.

ئەڭ كەمدە، بۇ تەدبىرلەر يەرلىك مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئىختىيارىي ئەمەس. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ **2018** – يىلى **5** – ئايدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىسىدە (بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت، **2018** – يىلى **10** – ماي)دا شۇنداق دېيىلگەن:

تەكشۈرۈشتىن كېيىن، تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سالدۇرۇش شەرتىگە چۈشىدىغان، شۇنداقلا بۇ خۇسۇستا تىببىي جەھەتتىن ئۆزرىسى بولمىغان(ئايال)لارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم دەرھال تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سېلىنىشى كېرەك. ئەگەر، تىببىي جەھەتتىن ئۆزرىسى بولسا، بۇ ھەقتە ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئىككىنچى دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان دىئاگنوز گۇۋاھنامىسى بولۇشى ۋە (بۇ خىل كىشىلەرگە قارىتىلغان) ئىز قوغلاش چوقۇم كۈچەيتىلىشى كېرەك.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ (ئاقسۇ ۋىلايىتىدە) كۆك گۇمبەز رايونىدىكى 12 كەنت ۋە بازار رايونىنىڭ 2017-يىلى ئەتىيازدىن 2018-يىلى كۈزگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۇغۇت چەكلەش ستاتىستىكىسىغا كۆرە، تۇغۇت يېشىدىكى توي قىلغان ئاياللارنىڭ 73.5 پىرسەنتىگە تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سېلىنغان (35). بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بالىسى بار ئاياللارغىلا ئەمەس، ئىككى بالىسى بارلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پەقەت بىرلا بالىسى بارلارنىڭمۇ تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سېلىنغان (3-جەدۋەلگە قاراڭ ؛ 2-جەدۋەلگە سېلىشتۇرغاندا). 2016-يىلى، تېكەس ناھىيىسى (ئىلى ئوبلاستىدا) دىكى چولاقتېرەك بازىرىنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سېلىش نىسبىتىمۇ 70.4 پىرسەنتكە يەتكەن (36). 2018 - ۋە 2019-يىللىرىدا بۇ نىسبەت ئۆرلىگەن بولۇشى مۇمكىن. نىلقا ناھىيەسىنىڭ 2019-يىلدىكى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، تۇنجى بالىسىنى تۇغۇپ بولغان ئاياللارغا تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سالدۇرۇش ئىدى (نىلقا ناھىيىسى، 2019-يىلى 20-نويابىر) (37).


3 – جەدۋەل: كۇچا ناھىيەسىنىڭ كۆك گۇمبەز رايونىدىكى 12 كەنت ۋە رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكىسى.

| تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ئومۇمىي سانى | پەرزەنتى يوق تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار | بىر پەرزەنتى بارلار | ئىككى پەرزەنتى بارلار | ئۈچ پەرزەنتى بارلار |
|---|---|---|---|---|
| 5477 | 695 (12.7 پىرسەنت) | 1509 (27.6 پىرسەنت) | 2372 (43.3 پىرسەنت) | 900 (16.4 پىرسەنت) |

2014-يىلى، خىتايدا (ئاياللارغا) يېڭىدىن سېلىنغان تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكلىرىنىڭ 2.5 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا سېلىنغانىدى (38). 2018-يىلى بۇ نىسبەت 80 پىرسەنتكە ئۆرلىدى، بۇ نوپۇسى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاران 1.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن، بۇ نىسبەت بەكلا يۇقىرى (39). 2015-يىلدىن 2018-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سەۋىيەسى (خىتاي ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 7.8 ھەسسە يۇقىرى.


خىتاينىڭ تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكلىرى پەقەت خىتاي ئۆزى تەستىقلىغان تىببىي ئورگانلارنىڭ ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىقلا ئېلىۋەتكىلى بولىدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن بولۇپ، خىتاي تەستىقلىمىغان يوللار بىلەن تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكىنى ئالغۇزۇۋەتكۈچىلەر تۈرمىگە قامىلىدۇ ۋە جەرىمانە تۆلەيدۇ (ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى»، 2012-يىلى 13-سېنتەبىر) (40). 2019-يىللىق ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى»نىڭ «ھەقسىز» تۇغۇت چەكلەش مۇلازىمىتىگە خېرىدار چاقىرىش ئېلانىدىكى تەخمىنەن 223 مىڭ 175 دوللار (1 مىليون 600 مىڭ خىتاي پۇلى) قىممىتىدىكى تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكىنىڭ ھەممىسى «تالا سىم»سىز بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بۇنى ئۆز ئالدىغا ئېلىۋېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان (41).

**6 – رەسىم: يېڭىدىن سېلىنغان تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى**




**مەنبە:** ساغلاملىق ۋە سەھىيە ستاتىستىكا يىلنامىسى، جەدۋەل **8-8-2.** يېڭى تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش سانى ئومۇمىي ساندىن ئېلىۋېتىلگەن تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىنىڭ سانىنى چىقىرىۋېتىپ ھېسابلىنىدۇ.

**7 – رەسىم:** بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان تۇغۇت چەكلىگۈچ. ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى» **2019**-يىلى ئوخشىمىغان شەكىلدىكى تۆت خىل تۇغۇت چەكلىگۈچنى سېتىۋالغان ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تالا سىم يوق. يۇقىرىدىكى رەسىم تۇغۇت چەكلىگۈچنىڭ قانداق مەقسەتتە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.




**مەنبە: http://archive.is/wip/6fpCH**

## 2.3 مۇداخىلچى تۇغۇت كونترول تەدبىرلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى

تارىختا، شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئەۋرىشكىسىدە، 2017- ۋە 2018-يىللىرى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 1.5 پىرسەنتى (ۋە 2016-يىلدىكى تېكەس ناھىيىسىدە 2.1 پىرسەنتى) تۇغماس قىلىۋېتىلگەن. 2010-يىلدىن 2015-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر 100 مىڭ ئادەمدە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىنغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 20.2 بولۇپ، بۇ (خىتاي ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 123.1 لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن ئالتە ھەسسە تۆۋەن ئىدى. خىتاي ئاكادېمىكلارنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلار (دىنىي نۇقتىدىن) بۇ خىل ئىشلارنى توغرا تاپمايتتى. ئەمما، بۇ خىل سەزگۈرلۈكلەر ھازىر مۇھىم ئەمەس بولۇپ قالدى.

2018-يىلى، كۈنەس ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر خانىمى تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئايال لاگېرداشلىرى يا ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغماس قىلىۋېتىلگەن ياكى مەجبۇرىي ھالدا ھەيز توختىتىدىغان دورا ئىچكۈزۈلگەن (ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، 2019-يىلى 30-ئۆكتەبىر). شۇ يىلى، يەنە زۇمرەت داۋۇتقا «ھەقسىز» ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغماس بولۇش تەكلىپى بېرىلگەن ۋە ئەگەر رەت قىلسا، تۇتقۇن قىلىنىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سېلىنغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر دوختۇرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇخۇم نەيچىسىنى سۇسىزلاندۇرۇش جەريانى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئۇسۇلدا (تۇرۇبا كېسىش ئارقىلىق) ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇچۇن كۆپ ئۇچرايدىكەن.

بۇنىڭغا ئالاقىدار «دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارغا ھەقسىز تېخنىكىلىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى» يولغا قويۇلغىلى بىر قانچە يىل بولدى (مەسىلەن، خېجىڭ ناھىيىسى، 2014) (42). 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بۇ تۆر نۇرغۇن رايونلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھۆججىتىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى (قەشقەر شەھىرى؛ خوتەن شەھىرى؛ تېكەس ناھىيەسى؛ بۆرتالا شەھىرى؛ بۈگۈر ناھىيەسى). 2018-يىلى، يەنى زۇمرەت داۋۇت مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەن يىلى، قىزىلسۇ ئوبلاستى يېزا - كەنت ئاھالىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش ئۇچۇن، «ھەقسىز تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى» ھەققىدىكى تۆۋەندىكىدەك ئوچۇق - ئاشكارا «باياناتەنى ئېلان قىلغان:


دېھقان - چارۋىچى ئاممىنى ئۆزلۈكىدىن پىلانلىق تۇغۇت دائىرىسىدىكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ھەقسىز تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى سىياستىنى يولغا قويۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلايلى (43).

2019-يىلى، ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە – ساغلاملىق كومىتېتى»نىڭ پىلانى بۇ تۈرگە «مەرد»لىك بىلەن 16 مىليون 700 مىڭ دوللار (120 مىليون خىتاي پۇلى) ئاجراتقان (44). بۇ تۆر بۇ رايونلارنىڭ 2020-يىلدىكى تۇغۇلۇش ۋە نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى 2016-يىلدىكى سەۋىيىدىن كەم دېگەندە 4 پېرمىللى (‰) تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۆت ۋىلايەتنىڭ ھەممىسىنى سالامەتلىك تەكشۈرتۈش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سالدۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە ھەقسىز «تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى» بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نۇرغۇنلىغان يەرلىك پىلانلىق تۇغۇت ھۆججەتلىرى بۇ تۈرنىڭ 2018-يىلدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 2019-ۋە 2020-يىللىرى ھەممىلا جايدا ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاپتور بۇ ئىككى يىلدا مۇناسىۋەتلىك تۈرنىڭ

ئومومىي رامكىسىنى ئېنقلاپ چىققان بولۇپ، ئاز دېگەندە سەككىز يەرلىك مىللەت ناھىيەسىدە ھەقسىز «تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى» ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان (A قوشۇمچە ماتېرىيالغا قاراڭ) (45) ھالبۇكى، 2019-يىلدىكى ئىككى ناھىيەنىڭ خامچوتى بۇ پروگراممىنىڭ يېزا ئۇيغۇر رايونىدىكى كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش ھەرىكىتىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گۇما ناھىيەسىنىڭ 2019-يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خامچوت پىلانىدا 8064 ئايالنىڭ تۇخۇم نەيچىسىنى بوغدۇرۇۋېتىش، شۇنداقلا 5970 ئايالغا تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش، 4281 ئايالدىن تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىنى ئېلىۋېتىش، 81152 قېتىم ھامىلدارلىق تەكشۈرۈش ۋە 157301 قېتىم تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىندى (46). بۇ سانلار «تۇر ئىپادىسى كۆرسەتكۈچى» نامىلىق جەدۋەلگە تىزىلغان بولۇپ، «تۇر تامامىلاش»تىكى «سانلىق كۆرسەتكۈچ» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن شەھىرىنىڭ (2019 - يىلدىكى) بۇ «كۆرسەتكۈچ»لىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. خوتەن شەھىرى تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 524 نى سېلىشنى پىلانلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 14 مىڭ 872 ئايالنى تۇغماس قىلىۋېتىشنى پىلانلىغان (خوتەن شەھىرى، 2019-يىلى 20-مارت) (47). خوتەننىڭ ئاشكارا ھۆججەتلىرىدە بۇ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك «نىشان» دېيىلدى (48).


8 – رەسىم: تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇش ئارقىلىق تۇغماس قىلىۋېتىش، بۇ «ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان» بوغۇش ۋە «ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان» بوغۇش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.




مەنبە: http://archive.is/LwFcs


خىتاينىڭ مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىسلاھاتىدىن كېيىن (خىتاي ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش نىسبىتى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى. مەزكۇر ئىسلاھاتقا كۆرە، 2016-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ خىتاي پۇقرالارنىڭ ئىككى باللىق بولۇشىغا يول قويۇلدى (قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، 28-فېۋرال). ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش نىسبىتى 2017 - ۋە 2018-يىللىرى شىددەت بىلەن ئاشتى (9-رەسىمگە قاراڭ). ھالبۇكى، كىشى بېشىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، خىتاينىڭ مەملىكەت مىقياسىدىكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش نىسبىتى ئىككى ئۇيغۇر رايونىنىڭكىدىن بەكلا تۆۋەن. 1998-يىلدىن 2018-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتايدا (خىتاي ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىدىكى) ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ھەر 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە 2557 سى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان. ئەمما بىر يىلدا، گۇما ناھىيەسى ۋە خوتەن شەھىرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2998 ۋە 7322 نى تۇغماس قىلىۋېتىش پىلانلانغان (10-رەسىمگە قاراڭ). 2018-يىلى، شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇت يېشىدىكى بارلىق تويى قىلغان ئاياللارنىڭ 1.1 پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىلدى. 2019-يىلغا كەلگەندە، خوتەن شەھىرىمۇ بۇ نىسبەتنى 34.3 پىرسەنتكە، گۇما ناھىيەسى بولسا 14.1 كە يەتكۈزۈشنى پىلانلىغان. 2020-يىلى، ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى»نىڭ خامچوتىدا ئەينى تۈر ئۈچۈن يەنە 19 مىليون 500 مىڭ دوللار (140 مىليون خىتاي پۇلى) ئاجرىتىلغان (49).

**9 – رەسىم: ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ نىسبىتى**




**مەنبە: ساغلاملىق ۋە سەھىيە ستاتىستىكا يىلنامىسى، جەدۋەل 8-8-2.**

**10** – رەسىم: ھەر **100** مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ نىسبىتى




مەنبە: **6** – رەسىمگە قاراڭ. رايونلۇق **2019** – يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خامچوتى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بالىسى بار ئاياللارنى كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. نىلقا ناھىيەسىنىڭ **2019**-يىلىدىكى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بالىسى بار ئاياللارنى تۇغماس قىلىۋېتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (نىلقا ناھىيىسى ، **2019**-يىلى **20**-نويابىر). ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدە، پۈتۈن خىتايدىكى ئاياللار رۇخسەت قىلىنغان پەرزەنتلىك بولۇش نورمىسىغا يەتكەندىن كېيىن، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلىنىپ كەلدى (مەسىلەن «ۋاشىنگتون پوچتىسى»، **2015**-يىلى **29**-ئۆكتەبىر).

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى نىشان قىلىنغان تۆت ۋىلايەت - ئوبلاستتىكى تۇغۇت يېشىدىكى توي قىلغان ئاياللار **1** مىليون **640** مىڭغا يېتىدۇ (**50**). **2010**-يىلىدىكى مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئۆلكىلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىسىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ **19.7** پىرسەنتى (ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدۇ) ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بالىلىق بولغان. بۇ نىسبەت كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئەۋرىشكىسى (**2**-جەدۋەلگە قاراڭ)دىكى **16.4** پىرسەنتتىن ئازراق يۇقىرى، بۇ ئەۋرىشكىنىڭ شەھەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە كۇچانىڭ تەبىئىي نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ باشقا نۇرغۇن ئۇيغۇر ناھىيىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، **19.7** پىرسەنت دېگەن بۇ نىسبەت يېزىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرەلىشى مۇمكىن (**51**). بىر خىتاي ئاكادېمىكىنىڭ تەتقىقاتىدا نەقىل قىلىنىشىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇ نىسبەت **36.1** پىرسەنت ئىكەن. بۇ نىسبەت خوتەن شەھىرىنىڭ **34.3** لىك تۇغماس قىلىۋېتىش نىشانىغا خېلىلا يېقىن (ئېتنولوگىيە ژۇرنىلى، **2016**). بىر قانچە ھۆججەتتە كۆرسىتىلىشىچە، **2018**-يىلى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر «شەرقىي تۈركىس-

تانىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت ۋىلايەت – ئوبلاستتا پىلانلىق تۇغۇت ئائىلىلىرىنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى» ماۋزۇلۇق جەدۋەللەرنى ساقلىغان (52).

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككىنچى بالىنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن «ئىختىيارىي» ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشنى تاللاپ، ئۈچىنچى بالىلىق بولۇشتىن ۋاز كېچىدىغان يېزا ئائىلىلىرى بىر قېتىمدا 700 دوللار (5000 خىتاي پۇلى) ۋە ھەريىلى نەق پۇل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ (ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى» 2018 – يىلى 5-يانۋار) (53). 2019- ۋە 2020-يىللىرى، ئاتالمىش «شىنجاڭ سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى» بۇ خىل مۇكاپات پۇلى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 104 مىليون 700 مىڭ دوللار ۋە 102 مىليون 400 مىڭ دوللار (750 مىليون 400 مىڭ ۋە 733 مىليون 900 مىڭ خىتاي پۇلى) خامچوت ئاجراتقان (بۇ «ئىختىيارىي» ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئۇزۇكى سالدۇرۇش مۇكاپاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) (54).

گۇما ناھىيەسىنىڭ 2019-يىللىق خامچوتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھەقسىز تۇغۇت چەكلەش مۇلازىمىتى تۇر خامچوتىنىڭ 75 پىرسەنتىنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسىگە ئايرىلىشى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بارلىق چىقىمنىڭ ئەللىك پىرسەنتى ناھىيەدىن ئورتاق تەمىنلىنىدىكەن. بىر پۈتۈن پروجېكت ئۈچۈن تېخىمۇ تۆۋەن رەقەملەرنى پەرەز قىلغان ۋە رايون خاراكتېرلىك تۈرنىڭ باشقا چىقىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويلاشقان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا ئاجرىتىلغان مەبلەغ 200 مىڭغا يېقىن تۇخۇم نەيچىسىنى بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا تولۇق يېتىدۇ (ھەر بىرىگە باھاسى 600 خىتاي پۇلى كېتىدۇ) (55). بىر قانچە نامەلۇم ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ۋە ئاز دېگەندە بىر قىسىم ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ خىتاينىڭ «تۇغۇت يېشىدىكى بارلىق ئاياللار ئۈچۈن ھەقسىز (تۇغۇت چەكلەش) ئوپېراتسىيەسى قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىش ئۈچۈن» تەسىس قىلىنغان، «مەركەزدىن يەرلىككە بىۋاستە ئاجرىتىلىدىغان مەبلەغ»كە ئېرىشىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ نىسبەت تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن (56). ھالبۇكى، بۇ تۇر 2020-يىلىدىن كېيىنمۇ، خىتاينىڭ تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىشانى ئىشقا ئاشمىغۇچە ئىزچىل داۋاملىشىشى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ 2019-يىلدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىگە ئاساسەن، بىز قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ 2019-يىلدىكى ئوتتۇرىچە تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 6.2 پېرمىللى (‰) دەپ مۆلچەرلىيەلەيمىز. ئەگەر بۇ توغرا بولسا، ئۇنداقتا شۇ يىلى بۇ ئىككى رايوندىكى تۇغۇت يېشىدىكى توي قىلغان ئاياللارنىڭ ئاران ئۈچ پىرسەنتى بالا تۇغقان بولىدۇ (57). دېمەك، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، «بۇ ئاياللارنىڭ 97 پىرسەنتى ھامىلىدار بولالمىغان ياكى بولمىغان ۋە بالا تۇغمىغان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا (يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىنغان رايون خاراكتېرلىك مىسالدىكى) 70 ~ 73 پىرسەنت (بۇ نىسبەت 2019 - يىلىغا بارغاندا تېخىمۇ ئۆرلىتىلىدۇ) ئەتراپىدىكى تۇغۇت چەكلەش ئۇزۇكى سېلىش نىسبىتىنى، شۇنداقلا گۇما ناھىيەسى ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ 2019-، 2020-يىللىرىدىكى تۇغماس قىلىۋېتىش نىشانىنى قوشقاندا، «ئۇزۇن ئۈنۈملۈك تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى» نىڭ نىسبىتىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ نىسبەت بەلكىم رەسمىي ئېلان قىلىنغان 80 پىرسەنتلىك نىشاندىن خېلىلا يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن.


## 2.4 تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا ھەيىز كۆرۈشى توختاپ كەتكەن ۋە تۇل ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى

كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان يەنە بىر پاكىت، گەرچە مەلۇم جايلار بىلەنلا چەكلەنسىمۇ، ھەيىز كۆرۈشى توختاپ كەتكەن ياكى تۇل قالغان ئاياللارنىڭ نىسبىتىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىرىنچى، سابىق ئايال مەھبۇسلار تۇتقۇن قىلىنىش جەريانىدا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن دورا ياكى ئوكۇل ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ، شۇلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ (ۋە باشقا ئاياللارنىڭ) ھەيىز كۆرۈشتىن توختىغانلىقىنى ياكى خۇن كېلىش-

نىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ناھىيەلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھۆججەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئۇزۇن ئۈنۈملۈك ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش [دورا] ئوكۇلى» شۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. قەشقەر شەھىرى ۋە باغراش ناھىيىسى بۇ جەھەتتە **Depo-Provera** دېگەن دورىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشنى ئېنىق بەلگىلىگەن **(58)**. **Depo-Provera** ئوكۇلى ئۇرۇلغان ئاياللارنىڭ تەخمىنەن **60** پىرسەنتى بىنورمال قاناشنى باشتىن كەچۈرگەن، **50** پىرسەنت ئايالغا بۇ ئوكۇل **12** ئاي ئۇرۇلغاندىن كېيىن ھەيز كۆرۈشتىن توختاپ قالغان (بەزىلىرى تېخىمۇ بالدۇر)، كۆپىنچىسىنىڭ جىنسىي ئىستىكى تۆۋەنلەپ كەتكەن. شۇنداقلا بۇ ئوكۇلنى ئۇرۇش توختىتىلغاندىن كېيىنمۇ، نورمال تۇغالايدىغان ھالەتكە كېلىشكە **18** ئاي كەتكەن **(59)**. تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا باشقۇرۇلىدىغان دورىلار ھەيز كۆرمەس قىلىۋېتىشنى نىشان قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ **75 ~ 90** پىرسەنتى ئەرلەر (ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى **25** ياشتىن **49** ياشقىچە). بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى لاگېر شارائىتى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە، تۇغۇت يېشىدىكى تويى قىلغان ئاياللار ئارىسىدا تۇل قالغانلار تەكشىسىز ھالەتتە كۆپىيىدۇ (سىياسىي خەۋپ ژۇرنىلى، **2019**-يىلى **24**-نويابىر)

**11** – رەسىم: كۇچا ناھىيەسىنىڭ كۆك گۇمبەز رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سانلىق مەلۇماتلىرى




مەنبە: يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇغۇت تىزگىنلەش ستاتىستىكىسى (ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىنىڭ ئىشلىتىلىش، تارقىتىلىش ۋە ئامباردا ساقلىنىش ئەھۋاللىرى).

كۆك گۈمبەز رايونىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا بۇنداق ئايالدىن تەخمىنەن 7400 نەپىرى بارلىقى، تۇل قالغان ياكى ھەيىز كۆرۈشتىن توختىغان ئاياللارنىڭ نىسبىتىنىڭ بىنورمال شەكىلدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ (60). ئادەتتە، ئەرلىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتمىسە ياكى ھادىسىگە ئۇچرىمىسا، 18 ياشتىن 49 ياشقىچە بولغان ئاياللار تۇل قالمايدۇ. 2016-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2017-يىلى 1-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، (1) ئەسلىدە تۇغماس بولغان ۋە بۇ جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىسى بار؛ (2) كىلىماكتېرىيە دەۋرىگە كىرگەن؛ (3) تۇل قالغان ئاياللارنىڭ نىسبىتىدە ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىغان. ئەمما، 2017 – يىلى 1- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2018 – يىلى 3 – ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ نىسبەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا 124.4 پىرسەنت، 106.0 پىرسەنت ۋە 116.5 پىرسەنت ئاشقان (11-رەسىمگە قاراڭ) (61). بۇ ئېشىشلارنىڭ كۆپىنچىسى 2017-يىلى يازدا، تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلغاندا باشلانغان.

گەرچە ئەۋرىشكىنىڭ كۆلىمى چەكلىك بولسىمۇ، بۇ سانلىق مەلۇمات جەدۋىلى نۆۋەتتە بار بولغان گۇۋاھلىقلارنى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە يەرلىك مىللەت ئاممىسىنى تۇتقۇن قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئېغىر سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

## خۇلاسە

خىتاي كومپارتىيەسى دائىرىلىرى ئۆزۈندىن بۇيان خىتاينىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن. 2016-يىلىنىڭ بېشىدا (خىتاي ئۆلكىلىرىدە) قاتتىق تۇغۇت چەكلەش بوشاشتۇرۇلدى، ھازىر ھەتتا خىتاي ئۆز خەلقىنى ئىككى باللىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ (قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، 28-فېۋرال). ھالبۇكى، بۇ ماقالىدە كۆرسىتىلگەن دەلىل – ئىسپاتلار خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسنى كونترول قىلىشقا قاراتقان سىياستى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرنى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتى ئارىسىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان رايون خاراكتېرلىك پەرق، تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرى ۋە كەم دېگەندە ئىككى ئۇيغۇر رايونىدا كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش ھەرىكىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنى چوقۇم ئەندىشىگە سېلىشى كېرەك.

خىتاي كومپارتىيەسى دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان نوپۇس كونترول قىلىش تۈزۈمى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنى باستۇرۇشنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ۋە كۆچمەنلەر ئارقىلىق خىتايلارنىڭ نوپۇسىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇت چەكلەش قاتارلىق ۋەھشىي تەدبىرلەر خىتاينى خۇددى تۈرۈبىنى ئېتىپ – ئاچقاندەك، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنى خالىغانچە تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە «جۇڭخۇا مىللىتى»گە سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مىللەتلەر ئارا (خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارا) نىكاھقا ئاكتىپ ئىلھام بېرىدۇ (SupChina، 2019-يىلى 7-ئاۋغۇست). شۇنىڭغا ماس ھالدا، بۇ ئۈچ خىل ئىستراتېگىيە مىللىي - ئىرقىي ھۆكۈمرانلىقنى تېخىمۇ كەڭ ئويۇن پىلانى بىلەن تەمىنلىگەندەك قىلىدۇ.

بۇ بايقاشلار بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياستىنىڭ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»نىڭ D ماددىسىنىڭ 2- تارمىقىنىڭ تېكىستىگە ئاساسەن نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەپ سۈپەتلەشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى كۈچلۈك ئەندىشە پەيدا قىلدى.

## ئاپتور ھەققىدە:

ئادرىيان زېنىز ۋاشىنگتون، «كوممۇنىزم قۇربانلىرىنى خاتىرىلەش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى (دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەمەس). ئۇ گېرمانىيەنىڭ كورنتال شەھىرىدىكى ياۋروپا كۇلتۇر ۋە ئىلاھىيەت مەكتىپىنىڭ دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئاساسلىقى خىتاينىڭ مىللىي سىياستى، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاشكارا خىزمەتچى قوبۇل قىلىش، بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرى ۋە خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك خامچوتى قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن. دوكتور زېنىز «تەھدىت ئاستىدىكى تىبەتلەر»نىڭ ئاپتورى ۋە «ئامدونىڭ خەرىتىسىنى سىزىش: ئۆزگىرىش دىنامىكىسى»نىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «خىتاي تېلېگراممىلىرى» ۋە «قاراقاش تىزىملىكى» قاتارلىق ئاشكارىلانغان ھۆججەتلىرىنى تەھلىل قىلىشتا يېتەكچى رول ئويىنىغان. دوكتور زېنىز يەنە پارلامېنتلار ئارا خىتايغا قارشى ئىتتىپاق (**Inter-Parliamentary Alliance on China**)نىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۇ خەلقئارا تاراتقۇلاردا دائىم ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

قوشۇمچە **A**: «دېھقان - چارۋىچىلار ئۇچۇن ھەقسىز تېخنىكىلىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى» تۈرىنىڭ ناھىيە قاتلىمىدا ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە بايان

| مەنبە(لەر) | تەپسىلات | رايون |
|---|---|---|
| [Http://bit.ly/3dJnWBS](Http://bit.ly/3dJnWBS) | تۈر ئىسمى: دېھقان - چارۋىچىلار ئۇچۇن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: تۇغۇت يېشىدىكى تويى قىلغان ئاياللىرىدىن 59 مىڭ 387 بار رايوندىكى ھەقسىز تۇغۇت چەكلەش مۇلازىمىتى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار. 1429 قېتىم ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلىش پىلانلانغان. تۈر مەبلىغى: شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى: 340 مىڭ يۈەن، ناھىيە: 0 يۈەن. | يېڭىسار ناھىيەسى (2018) |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى سايباغ رايونى (2018، 2020) | تور ئىسمى: دېھقان – چارۋىچى ۋە ئاقما نوپۇسلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى.<br>تور چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تور مەبلىغى (رايون): 2018-يىلى 152 مىڭ 900 يۈەن<br>2020-يىلى 100 مىڭ يۈەن | http://archive.is/pRU0g<br>http://archive.is/wip/q4Q1v |
| تاشقورغان ناھىيەسى (2018) | تور ئىسمى: ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى مۇلازىمەت تورى.<br>تور چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: يېزىدىكى نىشانلانغان 8825 ئايالغا تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تور مەبلىغى (ناھىيە): 57 مىڭ يۈەن. | http://archive.is/RA69C<br>(52 – ھۆججەت) |

| | | |
|---|---|---|
| يوپۇرغا ناھىيەسى (2018) | تۈر ئىسمى: ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى تۈرى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: نىشانلانغان گۇرۇپپىدىكى 33947 ئايالنى ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 218 مىڭ يۈەن. | يوپۇرغا ناھىيەلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ 2018 – يىللىق نەتىجە – ئۇنۇم جەھەتتە ئۆزىنى باھالاش جەدۋىلى - پىلانلىق تۇغۇت ھەقسىز تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى تۈرى.xls |
| ساۋەن ناھىيەسى (2018) | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى نۆۋەتتىكى سەۋىيەدە ساقلاش ياكى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىش مەقسىتىدە تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تۈر مەبلىغى: تېپىلمىدى. | http://archive.is/n6ATv |

| | | |
|---|---|---|
| https://bit.ly/2X6BPUj https://bit.ly/2TaucLf | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز تېخنىكا مۇلازىمىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى:<br>2018: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش.<br>2019: ئومۇمىيۈزلۈك تېخنىكىلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش. ئالاھىدە نىشان: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 524 نى سېلىش، 14872 ئايال ئۈچۈن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 100 مىڭ يۈەن. | خوتەن شەھىرى (2018 ۋە 2019) |
| http://archive.is/F86ts and https://bit.ly/3fOCTEH | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز تېخنىكا مۇلازىمىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: 8064 ئايال ئۈچۈن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 5970 نى سېلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 4281 نى ئېلىۋېتىش، 81152 قېتىم ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى قىلىش، 157301 قېتىم تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى تەكشۈرۈشى قىلىش.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە ۋە باشقا تەركىبلەر): 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن. | گۇما ناھىيەسى (2019) |
| http://www.xjyn.gov.cn غۇلجا ناھىيەلىك سەھىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى – 2019/2020 يىللىق ئورگان خامچوتى | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئىجرا قىلىش لايىھەسى<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەش.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 2018 – 2019 – يىلى: 799 مىڭ يۈەن. 2020 – يىلى: 742 مىڭ يۈەن. | غۇلجا ناھىيەسى (2018، 2019، 2020) |

| | | |
|---|---|---|
| قەشقەر شەھىرى (2019 ۋە 2020) | تىزىمغا تۇرغۇزۇلغان مەسئۇلىيەت: دېھقان – چارۋىچىلارنى ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش.<br>تۈر تونۇشتۇرۇشى: تېپىلمىدى.<br>تۈر مەبلىغى: تېپىلمىدى. | https://bit.ly/2WWOcSQ<br>https://bit.ly/2zF6YGk |
| كۇچا ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز تېخنىكا مۇلازىمىتى، تۇغۇتتىن ئاۋۋالقى سۈپەتلىك تۇغۇش – ساغلاملىق تۈرى.<br>تۈر تونۇشتۇرۇشى: 110 مىڭ كىشىنى ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەش.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى: 431 مىڭ 680 يۈەن. | https://bit.ly/2zCxiki |
| كېرىيە ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە، باشقا تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ): شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى: 50 مىڭ يۈەن. | https://bit.ly/2WwKNLo |
| ئاۋات ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: پۈتۈن ناھىيەدىكى دېھقان – چارۋىچىلارغا ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش.<br>تۈر تونۇشتۇرۇشى: تېپىلمىدى.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە، باشقا تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ): 500 مىڭ يۈەن. | https://bit.ly/3cw2twa |

| | | |
|---|---|---|
| لوپنۇر ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى.<br>تۈر تونۇشتۇرۇشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمىتى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى ۋە تۇغۇت تىزگىنلەش ئۇسۇلىنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار.<br>تۈر مەبلىغى: 30 مىڭ يۈەن (ناھىيە)، 90 مىڭ يۈەن (ۋىلايەت). | http://archive.is/wip/GUpD3 |
| كۆنەس ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى.<br>تۈر تونۇشتۇرۇشى: نىشانلانغان 45600 كىشىنى ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەش.<br>تۈر مەبلىغى: 428 مىڭ 500 يۈەن (ناھىيە) | https://bit.ly/37Wnyyt |
| قاغىلىق ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: 2019 – يىللىق دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى.<br>تۈر تونۇشتۇرۇشى: تۇغۇت يېشىدىكى 86000 ئايالنىڭ ھەربىرىنى ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى ۋە تۆت يىلغىچە يىللىق تەكشۈرۈش بىلەن تەمىنلەش.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 680 مىڭ 300 يۈەن | https://bit.ly/3g3oYdV http://archive.fo/wip/s9tXb) |

| | | |
|---|---|---|
| تاشقورغان ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى مۇلازىمىتىنى ئىجرا قىلىش تۈرى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: نىشانلانغان 8825 ئايالغا تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 55 مىڭ يۈەن. | http://archive.is/s8d41 (-52 ھۆججەت)<br>https://bit.ly/2T6SHsG |
| ئۈرۈمچى ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىرى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش / ئېلىۋېتىش، بالا چۈشۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلىدارلىق تەكشۈرۈشى قاتارلىقلار.<br>تۈر نىشانى: 8190 قېتىم تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى تەكشۈرۈشى، 9424 قېتىم ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 150 نى سېلىش.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 160 مىڭ يۈەن. | https://bit.ly/2yYZ4HW<br>(ئەسلى مەنبە:<br>www.wlmq.gov.cn) |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (2019) | تـۈر ئـىسمى: دېـھقان – چـارۋىـچىلار ئـۈچـۈن ھـەقـسىز پـىلانـلىق تـۇغـۇت تـېخنىكا مـۇلازىـمىتى خىراجىتى.<br>تـۈر چـۈشـەنـدۈرۈشـى: ئـېنىق چـۈشـەنـدۈرۈلـمىگەن ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 250 مىڭ يۈەن. | http://archive.is/wip/cW5bF<br>https://bit.ly/2Tlgs0l |
| تېكەس ناھىيەسى (2019) | تۈر ئىسمى: (شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرى ئۈچۈن) پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: ھەقسىز تۇغۇت تىزگىنلەش مۇلازىمەتلىرى.<br>ئـۆز ئـىچىگە ئـالـىدىـغانـلىرى: تـۇغـۇت چـەكـلەش ئـۈزۈكـى سـېلىش / ئـېلىۋېتىش، بـالا چـۈشـۈرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ۋە ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشـى قاتارلىقلار.<br>تۈر نىشانى: تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 1174 نى سېلىش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكىدىن 171 نى ئـېلىۋېـتىش، 489 قـېتىم ھـامـىلە چـۈشـۈرۈش، 26263 قـېتىم تـۇغـۇت چـەكـلەش ئـۈزۈكـى تـەكـشۈرۈشـى، 16691 قـېتىم ھـامـىلدارلـىق تـەكـشۈرۈشـى ئـېلىپ بـېرىـش، 38352 قـېتىم ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىشلىتىش.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 397 مىڭ 100 يۈەن. | https://bit.ly/3fOsn0p<br>(ئەسلى مەنبە:<br>http://www.zgtks.gov.cn |

| | | |
|---|---|---|
| باي ناھىيەسى (2019، 2020) | تۈر ئىسمى: دېھقان – چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى.<br>تۈر چۈشەندۈرۈشى: نىشانلانغان گۇرۇپپىدىكى 23577 ئايالغا تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقسىز تۇغۇتتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت تىزگىنلەش تېخنىكا مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەش.<br>تۈر مەبلىغى (ناھىيە): 100 مىڭ يۈەن. | |

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى دوكلاتنىڭ 24-28 -بەتلىرىگە قاراڭ.**

https://jamestown.org/wp-content/uploads/2020/06/Zenz-Internment-Sterilizations-and-IUDs-UPDATED-July-21-Rev2.pdf?x10325

# ئۇيغۇرلاردا قەھرىمانلىق



ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## مۇقەددىمە

قەھرىمانلىق بىزگە ناتونۇش پەزىلەت ئەمەس . شۇنىسى ئاسارەت ئاستىدا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىش بىلەن بىللە دۈشمەنىنىڭ سېستىمىلىق ھالدا نادانلىقتا قالدۇرۇش جىنايەتلىرىنىڭ تەسىرىدە قەھرىمانلىق پەزىلىتى بىزگە غايىۋى پەزىلەتتەك تۇيۇلۇشقا باشلىسا ، ئۇزۇن مەزگىل قانلىق قىرغىنچىلىقلار ۋە ئۈزۈلمەس قورقۇنچلۇق قىسمەتلەرنىڭ تەسىرىدە تارىخىمىزدىكى قەھرىمانلارمۇ ئەپسانىۋى قەھرىمانلارغا ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىدى . مەرھۇم ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن « قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا » ناملىق كىتابىدا قەدىمقى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ پۈتۈنلەي « قەھرىمانلىق تارىخى » ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ، تارىختىكى ئەجداتلىرىمىز مەركىزىي ئاسىيادا قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەرگىزمۇ سېپىل ئىچىدىكى قورقۇنچاق خىتايلار تەرىپىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش جەڭگىۋار ۋە قەھرىمان قېرىنداش خەلقلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ .ئۇندىن باشقا« ئوغۇزنامە»،« ئالپ ئەرتۇڭا رىۋايىتى » ئارقىلىق قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن يېزىلغانلىقىنى خۇلاسىلەيدۇ. دوكتۇر ئەسەت سۇلايمان « ئۆزلۈك ۋە كىملىك » ، « تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە » ، « تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ » قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدىن چۈكۈشىگىچە بولغان تارىخىي جەريانلارنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ چىقىپ ، ئۇيغۇرلاردىكى ئەسلىدە بار بولغان تۈپكى پەزىلەت « قەھرىمانلىق » خاراكتېرىنىڭ ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىكى چوڭ ئۆزگىرىشلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدىكى قەھرىمانلىق ئېلىمېنتىنىڭ خۇددى ھازىرقى تارىم ۋادىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئوخشاش تىنما خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، قارىماققا تېنچ ۋە جىمغۇر كۆرۈنگەن بۇ سىرلىق قۇملۇقنىڭ بىرلا نەرە تارتىپ تارىختىكى نۇرغۇن قەدىمى شەھەرلەرنى يۇتۇۋەتكىنىگە ئوخشاش، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ۋە ئۈمۈدسىزلىككە دۇچار بولغان خەلقىمىزنىڭمۇ ھامان دەس تۇرۇپ يۈكسىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

بۇ يىل فېۋرالدا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى پارتىلغان ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ 255 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تارىخ پەنلىرى دوكتۇرى نەبىجان تۇرسۇن مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزگە مۇنداق ئەسلەتمە خاراكتېرلىق سوئال قويدى :

قەدىرلىك ئۇيغۇر ! سىز ئۆز تارىخىڭىزدىكى  قانچە قەھرىماننى بىلىسىز؟  قانچىلىغان قەھرىمانلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز؟

سىز تارىخىڭىزدىكى  غەلىبەلىرىڭىز، سەلتەنەتلىرىڭىز بىلەن مەغلۇبىيەتلىرىڭىز ۋە تراگېدىيەلىرىڭىزنىڭ سەۋەب ۋە ئامىللىرىنى قانچىلىك بىلىسىز؟ سىز سەلتەنەتلىرىڭىزدىن قانچىلىك روھلىنىپ، مەغلۇبىيەتلىرىڭىزدىن قانچىلىك ساۋاقلارنى ئالدىڭىز؟ سىز تارىخىڭىزنىڭ كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچ ماياك ئىكەنلىكىنى  قانچىلىك دەرىجىدە بىلدىڭىز؟

سىز قانچە قەھرىمانىڭىزنىڭ قەبرىسىگە بېرەر قېتىم ئۆزلىكىڭىزدىن بېرىپ، يوقلاپ دۇئا قىلىپ باقتىڭىز؟ ئۆز ئۇرۇق-تۇغقان، ئاتا-ئانىڭىز ۋە ياكى  قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا سىز ئۈچۈن، پۈتۈن ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋە سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن دۇنيادىن كۆزلىرى ئارقىدا كەتكەن قەھرىمانلارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ياتسىراپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا بۇ قەھرىمانلارنىڭ قەبرىسىز قالغانلىقىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

سىز قانچە قەھرىمانىنىڭ ئىسىملىرى، كىملىكى، نېمىلەرنى قىلغانلىقى ۋە بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قەھرىمان دەيدىغانلىقىمىزنى بىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

سىز تارىخىڭىزدىكى كىملەرنىڭ ساتقىن، كىملەرنىڭ مۇناپىق ، كىملەرنىڭ مەنپەئەت ۋە  ئىمتىياز ھەتتا ھوقۇق ئۈچۈن ئۆز مىللىتىگە ساتقىنلىق ۋە خائىنلىق قىلغانلىقى، ھېچ بولمىغاندا ئۆز ئىمتىياز-ھوقۇق ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئويلانمىغان، ئازاپلانمىغانلىقى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىرى بەدىلىگە ياخشى كۈن كۆرگەنلىكىنى بىلىسىز؟

شۇنى بىلىڭكى ئۇيغۇرنىڭ  ئاپپاق خوجىدىن باشلانغان تارىخى قىسمەتلىرى قەھرىمانلار ۋە ساتقىنلار بىلەن تەڭ تولغان !

ئىشىنىمەنكى،  سىز پەقەت چەكلىكلا قەھرىماننى بىلىسىز ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭدا سىزنىڭ ھەم گۇناھىڭىز يوق، چۈنكى سىزنىڭ تارىخىڭىز  ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆزلۈكسىز ئاستىن -ئۈستۈن قىلىنغان، يەنە بىرسى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ئۆز قەھرىمانلىق شەجەرىلىرى بىلەن ساتقىنلارنىڭ  تارىخلىرىنىمۇ كۆپلەپ يورۇتمىغان، يەنە بىر سەۋەب، بىزدىكى شەجەرە تۇرغۇزماسلىق، شەجەرە يازماسلىق،  تارىخىي ئىزلارنى  كۆپلەپ يازما ھالدا ئەۋلادلارغا مىراس سۈپىتىدە قالدۇرماسلىقتۇر. مانا بۇ  رېئاللىقلار نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىز، باتۇرلىرىمىزنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە مۇساپىلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشىگە، خائىن-ساتقىنلارنىڭ  قىلمىشلىرىدىن نەپرەتلىنىشنىڭ كەملىكىگە سەۋەب بولدى.  بىزدە  بەزىدە يۈز بەرگەن ئالتۇننى زەگا سوقماي، تۆمۈرچى سوقىدىغان ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىمۇ ئاستىن -ئۈستىن  قىلىنىپ، كىشىلەرنى تۈيۇق يوللارغا باشلاشمۇ يۈز بەردى ئەلۋەتتە .

## ئۇنداقتا قەھرىمان دېگەن كىم ؟! قەھرىمانلىق دېگەن نېمە ؟!

خۇدا دۇنيانى ئادىل ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىنساننىڭ ئەڭ تۈپكى شەخسىي پەزىلىتى قەھرىمانلىق پەزىلىتىدۇر . تارىختىكى بارلىق مەنىۋى بايلىقلار ئىچىدە قەھرىمانلىق داستانلىرىلا قەدىمدىن بۇيان سۆلغۈن ۋە چۈشكۈن قەلبلەرگە تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ۋە روھى سۇنغان خەلقلەرنى تورۇپ كېتىش ۋە يوقىلىشتىن ساقلاپ كەلدى .

قەھرىمانلار توغرىسىدىكى داستان ۋە چۆچەك - رىۋايەتلەر بىر خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخىي بايانلىرىنىڭ گۆلتاجىسى. بۇ باتۇرلۇق كۈيلىرى، ئېغىر كۈنلەردە ۋە مۇشەققەتلىك هايات سەپىرىدە كىلىۋاتقان كارۋانغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاپ جاپالىق سەپەرنىڭ چوقۇم بىر كۈنى ئاياغلىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ داستانلار ئاجىزلارغا كۈچ، ئۈمىدسىزلەرگە ئۈمىد-ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. پەقەت سۇنماس ئىرادىلىك، تەقدىرگە باش ئەگمەيدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ هامان بىر كۈنى مەقسەتكە يېتىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ.
ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى مىڭ يىل بۇرۇن يازغان « شاھنامە » دەل شۇنداق قەھرىمانلىق داستانى بولغاچقا ، « ئىراننىڭ قۇتقۇزۇلغان تارىخى » دەپ شۆھرەت تاپتى . ئاپتورنىڭ ۋاپاتىدىن دەل **1000** يىل كېيىن ، پارسلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ، **921** - يىلدىن **1925** - يىلغىچە تۇرانلىق تۈركلەر ئىدارە قىلىۋاتقان پېرسىيەنى قولغا ئېلىپ ، ئەنئەنىۋى نامى بولغان « ئىران » نى دۆلەت نامى قىلىپ قوللاندى .

پەقەت بىر ئادەمنىڭ شەخسىي يۈكىنىلا كۆتۈرۈشتىن هالقىپ، قەلبىگە ئومۇمىي خەلقنىڭ مۇراد-مەقسەتلىرىنى پۈككەن ئادەم ھەقىقىي قەھرىمان بولىدۇ. قىلىۋاتقان ھەرىكىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا «خەلقىم ئۈچۈن ! » دەپ ئىزاهلاپ تۇرۇشنى ھەر دائىم ئۇنتۇمايدىغانلار، چىن مەنىسىدىن قەھرىمان ئەمەس. ھەقىقىي قەھرىمان ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغۋار مەقسىتىنىڭ كىم ئۈچۈنلۈكىنى ئىزاهلاپ يۈرمەيدۇ، ھەتتا هالقىلىق مىنۇتلاردا ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلسا، بەزىدە كۆپ سانلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاز سانلىقنى قۇربانمۇ قىلىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى ئەسلىدىكى ھېسسىي ئەقىلنىڭ كېيىنچە ئەقلىي يەكۈن دەرىجىسىگە يۈتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرستىدۇ. قەھرىمان دەۋرداشلىرى تەرىپىدىن بەزىدە نۇقسانسىز «ئەۋلىيا» لىققا مەجبۇرلىنىپ، ئۆز خىزمىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى « ئەخلاق » بىلەن باهالىنىپ قارىلىنىدۇ ۋە ياكى كۆپ سانلىقنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلغان، كەسكىن پوزىتسىيىسى ۋە تەدبىرى بىلەن دەۋرداش ئاۋام تەرىپىدىنلا ئەمەس بەلكى كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ ئىبرەتلىك تىما ۋە قانخور ئالۋاستى سۈپىتىدىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي قەھرىماننىڭ ناھەق قىياپىتى ۋە تراگېدىيىسى .

قەھرىماننىڭ ئەخلاقى بىلەن خىزمەت ئىقتىدارىنى باغلاپ كۆنگەن ئاۋامغا قارىغاندا، قەھرىماننىڭ ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك پەزىلىتىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، خەلق تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان خىزمەت ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىدىغان ئاۋام تولىمۇ دانادۇر، ئۇلار قەھرىماننىڭ « مېغىزى » نى يەپ، « شاكىلى» نى يېمەيدىغان كەڭ قورساقلاردۇر.

بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى ئوخشىماسلىق ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش زېمىندىكى، ئوخشاش دەۋردىكى تەقدىرى ئوخشاش بولمايدۇ . يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق قەھرىمانلىرىغا بەرگەن باهالىرىغا ۋە مىللىي تەقدىرىگە قاراپ باقساقلا بۇنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس .

بىر ئادەمنىڭ شەخسىي پەزىلىتىدىكى نۇقسانلارنى دېرىزە قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىگە نەزەر سېلىنغانلىقى سەۋەبلىك بۇنداق خۇيدىكى ئاۋام ئارىسىدا مەڭگۈ ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ،

ئۇلار ئارىسىدىن ئاسانلىقچە خەلق داھىيسى چىقمايدۇ . ئاۋامنىڭ ئۆز دۇئالىرىدا توختىماي تىلەۋاتقان، كانىيىنىڭ بارىچە توۋلايدىغان، ئىتتىپاقلىق، ماھىيەتتە باشلىنىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم جەريانىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن كېلىدىغان نەتىجە، ئىتتىپاقلىق نۇرغۇن بەدەللەر ھېسابىغا قولغا كېلىدۇ، ئاشۇ ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ مەنپەئەتدارلىرى ھەر-بىرى ئايرىم –ئايرىم بەدەل تۆلىشى كېرەك، بەزىدە ئاتا دۇشمىنىنىڭ قولىنى سىقىشقا، يەنە بەزىدە ئۆزى بىلەن پىكىر ئىختىلابى، ياكى شەخسىي زىددىيىتى بار ئادەم بىلەن ئورتاقلىشىشقا، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۆزىگە ئەخلاقسىزلىق قىلغان ئادەم بىلەن چىرايلىق سالاملىشىشقا، بىر داستىخاندا مۇڭدىشىشقا مەجبۇر بولغاندىلا ۋە خالىغاندىلا، ئاندىن ھېلىقى ھەممىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇلۇغۋار غايە، ئازاب بىلەن قوشكېزەك بولىدۇ، بۇ ئازاب ئۆزىنىڭ شېرىن تەمى، پەقەت ئۆز ساھىبىلا چۈشىنەلەيدىغان تاشلاپ كەتكۈسىز مېھرى بىلەن تارىختىن بۇيان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. بۇ ئازابنى ھەممىلا ئادەم بىلىدۇيۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەكلەن قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۈنىڭدىن قورقىدۇ ۋە خاتىرجەم ياشاشنى ئىزدەيدۇ. پەقەت مۇشۇ ئازابقا جۆرە بولۇش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئەزىمەتلەرلا ئۇنىڭ ئاشىقى بولۇپ، ھاياتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايدۇ. بۇ شېرىن ئازابنىڭ ساھىبى بولغان قەھرىمانلار، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك تارىخى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ شانلىق تارىخىنى يارىتىدۇ.

قەھرىمان ھەققىدە نەزەرىيىۋى تەبىر بەرگەندىن كۆرە ، تارىخىمىزدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىنى ، ئىش - ئىزلىرىنى ۋە قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ئېنىق كۆرسەتسەكلا ، ئەقلىلىق خەلقىمىز ھەقىقىي قەھرىماننىڭ كىملىكىنى ، قەھرىمانلىقنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ماماتلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقان خەلقىمىزگە قانداق يېمىرىلمەس كۈچ ۋە مۆجىزىۋى تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ئاسانلا ئاڭقىرىپ بىلۋالالايدۇ ھەم ئۇلاردىن سۈنماس جاسارەت ، خورىماس كۈچ ئالالايدۇ . ئۇندىن باشقا غەرپ ۋە شەرقنىڭ قىممەت قاراشلىرىدا ۋە تەپەككۇرىدا پەرقلەر مەۋجۇت بولغاچقا ، بىز ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قايسى تەرەپنىڭ تەكلىپى ۋە كۆرسەتمىسى ئۇيغۇن بولسا ، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قىلچە ۋاستە تاللىماي بارلىق ياۋۇزلۇق ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ساناقسىز زەھەرخەندىلىكلەرنى قىلچە تەپتارتماستىن قىلىدىغان پەس ۋە ھىلىگەر دۈشمەنگە قارشى ئىشلەتسەك تامامەن بولىدۇ . شۇڭا بۇ ماقالىدە تارىخىمىزدىكى بىر قىسىم ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدىغان قەھرىمانلار ۋە ئۇلاردىكى قەھرىمانلىق سۈپەتلىرىنى قىسقا بايان قىلغاندىن كېيىن ، خۇدا خالىسا ، شارائىت يار بېرىپ قالسا كېيىنكى ساندىكى ماقالىلەردە « قەھرىمانلارغا قانداق ئادىل باھا بېرىش كېرەك ؟! » ، « بىز نۆۋەتتە قانداق ئۇلگىلىك قەھرىمانلارغا ئېھتىياجلىق ؟! » ، « تۆھپىكار بىلەن قەھرىماننىڭ پەرقىنى بىلەلمەي **20** - ئەسىر تارىخىمىزدىكى تۆھپىكارلارنى قەھرىمان دەپ قارىۋېلىشنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەكس تەسىرى » قاتارلىق تېمىلاردا ئايرىم - ئايرىم توختالمىساق ماقالە بەكلا ئۇزىراپ كېتىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە مالال يەتكۈزۈپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ .

## تارىخىمىزدا مەلۇم بولغان بىر قىسىم نامى ئەبەدىي ئۇنتۇلماس قەھرىمانلار ھەققىدە

مىلادىدىن بۇرۇنقى **2550 – 2850** - يىللىرى: خىتاي مەنبەلىرىدە ھونلار ۋە تۇرالار ھەققىدە ئەڭ قەدىمقى يازمىچە مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ . بۇ مەزگىل ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئوغۇزخان قۇرغان ئىمپېرىيە ئالتۇن دەۋرگە كىرگەن مەزگىل دەپ قارىلىدۇ . ھادى ئاتلاس« سىبىرىيە تارىخى » ناملىق ئەسىرىدە ئوغۇزخاننىڭ ھىجرەتتىن **3400** يىل ئىلگىرى ياشىغان دەپ قارىسا ، مۇراد ئەپەندى **1908** - يىلى ئورېنبۇرگتا نەشىر قىلغان مۇھىم ئەسىرى « تەلفىقۇلئەخبار » دا توققۇز ئۇيغۇر ۋە ئون ئۇيغۇرلارنىڭ **6700** يىل ئىلگىرى

بىرلىشىپ ، بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغانلىقىنى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇزخان ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 2850 - يىللىرى ) دەۋرىدىلا تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . مۇراد ئەپەندىدىن سەل بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى 1858 - يىلى ئۆزى يازغان « مۇزىكانتلار تارىخى » ناملىق ئەسىرىدە « قەشقەر ، خوتەن ۋە يەكەن خەلقى بۇ جايدا ياشاپ كەلگىلى 5858 يىل بولدى » دەپ كېسىپ ئېيتىش ئارقىلىق ، مىلادىدىن 4000 يىل بۇرۇنلا خەلقىمىزنىڭ تارىم ۋادىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن . تولىمۇ ئەپسۇس ئۆتكەن 6000 يىللىق تارىخىمىزدا ساناقسىز قەھرىمانلار ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى . ھەتتا ئوغۇزخانمۇ دۇنيا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن « ئەپسانىۋى قەھرىمان » لىق سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالدى . شۇڭلاشقا ئوغۇزخاندىن تاكى ئالپ ئەرتۇڭاغىچە بولغان 2222 يىللىق ئۇزۇن مۇساپىدە بىز ئەسلەپ ۋە ياد ئېتىپ تۇرغىدەك قەھرىمانلارنى ساقلاپ قالالمىدۇق . ھەر ھالدا تەلىيىمىزگە ئوبۇلقاسىم ئەل فىردەۋسى ( 940 - 1020 ) يازغان، « ئىراننىڭ قۇتۇلدۇرۇلغان تارىخى » دەپ نام ئالغان « شاھنامە » ، ئەل بىرۇنى ( 973 - 1048 ) يېرىم ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ يازغان ، « ھىندىستاننىڭ قۇتقۇزۇلغان تارىخى » دەپ شۆھرەت تاپقان « ھىندىستان » ناملىق ئەسەرلەر ئارقىلىق ، خەلقىمىز ئاخىرى ئالپ ئەرتۇڭا ، تۇمارس ، شىراق ، كانىشكا ، ئاق شۇڭقارخان ، مېھراقۇلا ۋە باشقا بىر نەچچە ئالامشۇمۇل تەسىرگە ئىگە ئۆلمەس تارىخىي قەھرىمانلىرىنى تونۇۋالدى . بەگلەر بېگى ئالپ ئەرتۇڭا قاغانمۇ 1069 - يىلى يېزىلغان « قۇتادغۇ بىلىگ » ، 1074 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( 1019 - 1086 ) ھۆرمەت ۋە قايغۇ ھەسرەت بىلەن ئۆزىگە لايىق ئورنىنى ئالدى . شۇڭلاشقا بىز يەنىلا قەھرىمانلار شەجەرىسىنى ھازىرغىچە بىزگە روشەن مەلۇم بولغان تۇنجى قەھرىمان ئالپ ئەرتۇڭا قاغان ( ئاپراسىياپ )دىن باشلايمىز . ئۇنداقتا دىۋاندا « ئافراسىياپ مەرسىيەسى » دەپ ئاتالغان ئۇزۇن مەرسىيە بېغىشلانغان بۇ ئۇلۇغ قەھرىمان قاغان زادى كىم ؟! نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرى تەڭلا بۇ گىگانت ئەزىمەتكە شۇنچە قايغۇرغان ؟

## ( 1 ) ئالپ ئەرتۇڭا قاغان ( ئەپراسىياپ )

مەرھۇم ئەجدادىمىز ۋە قاغانىمىز ، ئىستىداتلىق تۇران - ئىران ، چىن ۋە بابىلنىڭ ھۆكۈمرانى مەرھۇم ئالپ ئەرتۇڭا قاغان ، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 690 - يىللىرى تۇغۇلغان . 653 - يىلى ئىراننى تۇران بىلەن بىرلەشتۈرگەن . 652 - يىلى تۇران قاغانى بولغان . ئىران ۋە غەربىي ئاسىياغا 28 يىل ھۆكۈمران بولغان . مىلادىدىن بۇرۇنقى 625 - يىلى نەۋرىسى ، يەنى قىزى قاز خاتۇن بىلەن ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشتىن تۇغۇلغان شالغۇت نەۋرىسى كەيخۇسراۋ 1 ( 640 - 584 ) تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ قازا قىلغان .

جاسارەتلىك ئالپ ئەر تۇڭا قاغان مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرلىرىدە ئالپ ئەرتۇڭا ساپ تۈركچە ئىسمى«دۇكۇخان»دەپ، پارس ئەدەبىياتىدا ئەپراسىياپ نامى بىلەن تەسۋىرلەنگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئالپ ئەرتۇڭا ئوبرازى يارىتىلغان داستاننىڭ پارچىلىرى ساقلانغان.ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ۋە بىلىملىك خاقان بولۇپ، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئەينى زاماندا ئۇز قەۋمى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ»تە ئۇنىڭ ئاتىلار سۆزلىرىگە ئايلانغان ماقالىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. داستانىدىكى «ئۇلۇغ خان»(85-بېيىت)، «تاغ يۈرەك جەسۇر ئەر»(2337-بەت)، «توڭا» (1409-،2482-بېيىت)، «بۆكە» (5523-،5043-بېيىت)، «ئۆچ ئورداخېنى» (5569-بېيىت)، «ئېلچى ئۇلۇغ» (5884-بېيىت) قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن كەلتۈرۈلگەن ھېكمەتلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى خاقانلىرىغا جۈملىدىن دۇكۇخان(ئالپ ئەرتۇڭا)غا ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، پەيلاسوپ شائىر ئەسەردە «ئەللەر بېشى»(3172) بولغان بۇ قەھرىمان خاقانغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇغان:

276.بۇ تۈرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھانبەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

**277.**بۇ تۇرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

**278.**ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلەتلىك دىلى،
بىلىملىك،ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

**279.**ئىدى ئۇ سەرخىل، زىرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغازىرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

**280.**تاجىكلار دەيدۇ ئۇنى ئەپراسىياپ،
بۇئەپراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

**283.**ئەجەپ ياخشى ئېيتقان جەسۇر باتۇر ئەر،
جاسارەتلىك ئەر چىڭ تۇگۈننى يېشەر.

يۇقىرىقى مەدھىيەلەر ۋە مەرسىيەلەردىن ئالپ ئەرتۇڭا قاغانىنىڭ **300** يىللاپ داۋام قىلغان ئىران - تۇران ئۇرۇشلىرىغا خاتىمە بېرىپ، ئىككى ئەلنى بىرلەشتۇرۇپ ، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغان سەلتەنەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئۇلۇغ قاغان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇ ۋەجىدىن قاراخانىلارنىڭ ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ قايغۇلۇق دەۋرىگە شاھىت بولغان خانزادە مەھمۇد كاشغەريي ۋە مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەرھۇم قاغاننى سېغىنىشلىق ۋە قايغۇلۇق كەيپىياتتا ئالاھىدە ياد ئەتكەچ، ئاشۇ دەۋردەك ئاسايىشلىق ۋە ئەمىنلىك ئالتۇن دەۋرنى قايتا بەرپا قىلىشقا بەل باغلىغان . نەتىجىدە قاراخانىلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى شۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى بولغان .

### ( 2 ) پادىچى قەھرىمان شىراق

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا قەبىلىلەر ئىچىگە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ بىر تارمىغى بولغان ساك قەبىلىسىنىڭ قەھرىمانى شىراق ھەققىدىكى رىۋايەتتۇر . بۇ رىۋايەت گرېك تارىخچىسى فوللىنىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى **421 - 426** - يىللارغا تەۋە "ھەربىي ھېيلىلەر" ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . بۇ رىۋايەتتە ئاساسلىغى ئىران كيانىيان سۇلالىسىنىڭ **9** - پادىشاسى دارا بىرىنچىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىگە قارىتا يۇرگۈزگەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق ھەركەتلىرى ئاساسي سيۇژىت قىلىنغان . بۇ رىۋايەتنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق :

ئىران پادىشاھى دارا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كۆچمەن قەبىلە ساكلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشىدۇ ، قەبىلە ئاقساقاللىرى قارا نىيەت باسقۇنچىلارغا قارشى قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا ، كېڭەش بولۇۋاتقاندا چېدىر ئالدىغا بىر ئادەم كېلىدۇ . بۇ ئادەم پادىچى شىراق بولۇپ ، كېڭەش قاتناشچىلىرىغا ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپ : " مېنىڭ ئاچ - يالىڭاچتا تۇرۇۋاتقان بالا - چاقىلىرىم بار ، ئەگەر پەرزەنتلىرىمنىڭ كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمىكىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا كېپىل بولساڭلار ، مەن ئۆزۈم ھاياتىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە باسقۇنچى دارا لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىمەن . " دەيدۇ . قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىپ ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ . شىراق تەييارلىغىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن

يېنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ ، قۇلاق بۇرنىنى شارتىلدىتىپ كېسىپ تاشلاپ ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بويىۋېتىدۇ - دە ، ئۆز قەبىلىسىگە خائىنلىق قىلغان ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ،چەتئەل باسقۇنچىلىرى تۇرغان ياققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ . شىراق دارا بىرىنچىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئەتەي ئۆز قەبىلىسىنى يامانلاپ شىكايەت قىلىپ : " ئەي شاھلارنىڭ شاھى ، مەن ساكا دوستلۇق ۋە ئىتائەت ئىزھار قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مۇشۇ كۈنگە قالدىم . قېرىنداشلىرىمغا 'پادىشا دارا ئالىيلىرىغا ئىتائەت قىلايلى' دېگەنلىكىم ئۈچۈن ، ئۇلار رەھىمسىزلىك بىلەن بۇرۇن ، قۇلاقلىرىمنى كېسىپ تاشلىدى . شۇڭا سېنىڭ ئالدىڭغا دات ئېيتىپ كەلدىم . ھالىمغا يېتىپ ، قىساس ئېلىشىمغا ياردەم بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن !" دەيدۇ .

دارا شىراقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ، ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىنىدۇ ، ساك قەبىلىسىنى تامامەن قىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، شىراقتىن بەزى گەپلەرنى سورايدۇ . شىراق باسقۇنچى داراغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: "شاھ ئالىيلىرى، مەن مېنى مۇشۇنداق مېيىپ قىلىپ تاشلىغان رەقىپلىرىمدىن قىساس ئېلىشتا سېنىڭ ياردىمىڭگە مۇھتاجمەن . ئۇلارنىڭ قېنىنى دەريا كەبى ئاققۇزمىغىچە ھەرگىز تىنجىمايمەن ، ئۇلارنىڭ ئكي - ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ ، ئەھلى - ئەۋلادىنى سۇر - توقاي قىلىۋەتمىگىچە توختاپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايمەن . ئەگەر سەن خالىساڭ ، لەشكەرلىرىڭنى 'ياۋۇز' ساكلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقىمەن . ئۇلار بىخەۋەر تۇرغان ھالەتتىن پايدىلىنىپ ، سېنىڭ لەشكەرلىرىڭ ھۇجۇمغا ئۆتسە ، ساكلارنى تەلتۆكۈس تارمار كەلتۈرەلەيدۇ .مەن پادىچىلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇ جايلارنىڭ يەر شارائىتى بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇشۇۋالغانمەن . سېنىڭ لەشكەرلىرىڭنى خالىغان جايغا بىخەتەر ۋە تېز باشلاپ بېرىش قولۇمدىن كېلىدۇ . لېكىن ، لەشكەرلىرىڭ يەتتە كۈنلۈك يولغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ، سۇ غەملىۋېلىشى لازىم ..... "

پادىچى شىراقنىڭ بۇ سۆزلىرى باسقۇنچى دارانىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغايدۇ . ئۇ شىراقنى يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ ، ساكلارغا قارشى قوشۇن ئاتلاندۇرىدۇ . ئىران لەشكەرلىرى شىراقنىڭ يول باشلىشىدا بىرىنچى كۈنى يېشىل ئوت - چۆپلۈك يايلاقلاردىن ، ئىككىنچى كۈنى ئاندا - ساندا گىيا ئۆسكەن تاقىر داللاردىن ئۆتىدۇ . 3 - كۈنىدىن باشلاپ تونۇردەك قىززىپ كەتكەن پايانسىز چۆللۈككە كىرىپ كېتىدۇ . ئىران لەشكەرلىرى تەشنالىق ۋە دەشت - چۆل قوينىدىن كۆتۈرۈلگەن قىزىقلىق تەپتىدىن ھالىدىن كېتىشكە باشلايدۇ . ئېغىز - كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلىپ ، ھالى كۈندىن - كۈنگە بەتتەرلىشىدۇ . لەشكەر باشلىغى رانوس چات تاقەتسىز ھالدا ، ساكلار قەبىلىسىگە يېتىپ بېرىشقا يەنە قانچىلىك مۇساپىنىڭ قالغانلىقىنى سورايدۇ . پىداكار شىراق يولنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ئېيتىپ ، لەشكەرلەرنى تېز يۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ . ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ ، دارا لەشكەرلىرى ساكلار قەبىلىسى تۇرغان جايغا يېتىپ بارالمايدۇ . ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن لەشكەر باشلىقى رانوس چات قاتتىق غەزەبلىنىپ ، شىراققا مۇنداق دوق قىلىدۇ: " ئەي تېگى پەس ئىپلاس ! سەن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ ، بىزنى ئالداپ كەتتىڭ ! سەن ئېيتقان ساكلار زادى قەيەردە ؟! ھەممە ياق بىپايان چۆل ، بۇ يەرلەردىن ئات يۈرسە تۇيۇغى ، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدۇ ، ساڭىمۇ ئايانكى ، بىزدە نە سۇ ، نە ئوزۇق - تۈلۈك ، نە يەم - خەشەك قالدى ؟ بۇ تونۇردەك قىززىپ كەتكەن دەشت - قۇملۇقتا يا بىرقەدەم ماڭغىلى بولمىسا ، يا بىرقەدەم ئارقىغا قايتقىلى بولمىسا ، سەن زادى نېمە قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىڭ ؟ سەن پادىشانى ئالداشقا ، شۇنچە كۆپ غالىپ قوشۇننى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىشقا قانداق پېتىندىڭ ؟!.......... "

بۇنى ئاڭلىغان باتۇر ئەزىمەت شىراق لەشكەر بېشىنىڭ قان بىلەن تولغان كۆزلىرىگە مەردانە تىكىلىپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنى مۇنداق مازاق قىلىدۇ :

"مەن يەڭدىم ! يالغۇز ئۆزەم پۈتۈن بىر زور قوشۇننى يەڭدىم ! جانىجان قەبىلەم ساكلارنىڭ ۋە ئانا تۇپرىقىم بېشىغا كەلگەن بالايى ئاپەتلەرنى تەلتۆكۈس يېمىرىپ ، باسقۇنچى لەشكەرلەرنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلدىم . تۆت ئەتراپنىڭ قايسىسىغا مېڭىساڭلار ھەممىسى يەنە يەتتە كۈنلۈكتىن يول ، خالىغان تەرەپلىرىڭلەرگە كېتىۋېرىڭلار ، بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق قىيناپ نابۇت قىلىدۇ . مېنىڭ قېنىم بولسا مانا مۇشۇ يەرگە تۆكۈلىدۇ ..... "

شىراقنىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرى لەشكەر باشلىغى رانوس چاتنىڭ قارا يۈرىكىگە خەنجەردەك قادىلىدۇ . قاتتىق ئىزتىراپ ۋە خەۋپتىن تەلۋىلەشكەن بۇ ۋەھشىي قانخور قىلىچىنى سۇغۇرۇپ شىراقنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئەسكەرلىرى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ ، تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بىپايان قۇملۇقتا ئاچلىق ۋە تەشنالىق ئىلكىدە ھالاك بولۇپ تۈگەيدۇ ....

رىۋايەتنىڭ باش قەھرىمانى شىراق ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئازاتلىق - ئەركىنلىكىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگۈچى بىر ئاددى پادىچى بولۇپ ، ئۇ ئېگىلمەس - سۇنماس قەيسەر ئىرادىگە ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ، پاك ۋىجدانغا ئىگە بولغان غايىۋى قەھرىماننىڭ ئوبرازىدۇر . شىراقنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ، سان - ساناقسىز باسقۇنچى لەشكەرلەرنى ھالاك قىلىدۇ . مانا بۇ ئۆلمەس خەلق قەھرىمانىنىڭ خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ئۆچمەس ئوبرازىدۇر . بۇ رىۋايەت قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدا قەھرىمان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى .

ئۇزۇن مەزگىل ئىزدىنىشلىرىمگە كۆرە ، بۇ ۋەقە تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 510 - يىلى يۈز بەرگەن . ھازىرقى ئامۇ ۋە سىر دەريا ۋادىسىنى ئىشغال قىلىپ قانائەت قىلمىغان دارا خۇددى كەيخۇسراۋغا ئوخشاش سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۇرانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن . شىراق ئۇنىڭ 300 مىڭ ئەسكىرىنى ئۇچتۇرپاننىڭ بەدەل داۋىنى ئارقىلىق ئۇدۇل تەكلىماكان چۆلىگە باشلاپ ئەكىرىپ ھالاك قىلغان . باشقا قاراشلاردا شىراق ئۇلارنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە قازاقىستان چېگرىلىرىدىكى قاراقۇم ياكى قىزىلقۇم چۆللىرىگە ئەكىرىپ تىرىك پېتى دەپنە قىلىۋەتكەن .

مۇشۇ قېتىملىق زور زىيان نەتىجىسىدە دارانىڭ 509 - 496 - يىللىرى بىرەر قېتىممۇ زور ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بارغىنى ئاساسەن كۆزگە چېلىقمايدۇ . ھەتتا بۇ غەلىبىنىڭ تەسىرى 496 - 489 - يىللاردىكى يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەشتىمۇ ئېنىق كۆرۈنگەن . شاھ دارامۇ دەرت ئىچىدە 486 - يىلى ئۆلگەن . شۇندىن بېرى ئاخمانىلار كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ ، 333 - يىلى بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ ئىستىلاسىغا دۇچ كېلىپ ، ئۈچ يىلدىن كېيىن مۇنقەرز بولىدۇ . بىراق كۆرەڭ ئىسكەندەرمۇ 328 - يىلى تۇراندا پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ ، نىشانىنى ھىندىستانغا بۇراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ . ئالتە يىل ئۆتمەيلا ئۇمۇ ھىندىستاندىن قايتىپلا يېڭى پايتەختى بابىلدا ئۆلۈپ كېتىدۇ .

### ( 3 ) دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى دۇنياۋى ئىمپىرىيىنىڭ شاھىنى يوقاتقان تۇنجى ئايال پادىشاھ مەلىكە تۇمارىس

تۈركىي قەۋملەردە ، بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلاردا ئەركەكلىك جىنس بىلەن ئەمەس ، بەلكى قەھرىمانلىق بىلەن ئۆلچىنىدۇ . قەھرىمانلىقمۇ جىنس بىلەن بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئەركەككە خاس جاسارەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئۆلچىنىدۇ . شۇڭلاشقا ھەقىقىي ئەركەكلەر بىراقلا قىرىلىپ تۈگىگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ

ماڭغۇدەك ئايال قەھرىمانلار ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرغان . دۈشمەنلەر ئەجداتلىرىمىزنى ئەمدى يوقىتىۋەتتۇق دەپ خىيال قىلىشقاندا ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 530 - يىللار ، مىلادى 1090 - يىللار ، 1690 - يىللار ، 1760 - يىللار، 1820 - يىللار ، ۋە 1940 - يىللاردا مۆجىزە كۆرسىتىپ ، دۈشمەنلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان ئايال قەھرىمانلار ئۆز ھەيۋىسىنى ئۆز دەۋرىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي قالدۇرۇپ كەتتى . ئۇلاردىن مەلىكە تۇمارىس خاتۇن ، جالالىيە تۇركان خاتۇن ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ، نۇر ئەلانۇر خېنىم ئىپارخان ، يەتتە قىزلىرىم ، نۇزۇگۇم ۋە رىزۋانگۈللەرنىڭ قەھرىمانلىق نامى خەلقىمىز ئىچىدە مەڭگۈ باقىي قالدى . مەلىكە تۇمارىس ئەنە شۇ ئايال قەھرىمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمقى زاماندىكى مەشھۇر ئۆلگىسىدۇر .

ئۇنداقتا تۇمارىس مەلىكىنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن ئالاقىدار ۋەقەدىكى ئىككى تەرەپ زادى كىملەر ئىدى ؟

ئاخمانىلار جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئىران ھۆكۈمدارى كەيخۇسراۋ 2 ئەسلىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 584 - يىلى ئۆلگەن ئىران ھۆكۈمدارى كەيخۇسراۋ 1 نىڭ قىز تەرەپ ئەۋرىسى ئىدى .( مىلادىدىن بۇرۇنقى 624 - يىلى ھىلىگەر ئىران شاھى كەيخۇسراۋ 1 ( 642 - 584 ) تۇران قاغانى ئالپ ئەرتۇڭا خاقان ( ئەپراسىياپ ، م . ب 690 - م . ب 624 ) نى زىياپەتكە چاقىرىپ ، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن قوشۇپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرىۋەتكەن . كەيخۇسراۋ 1 ئانا تەرەپ بوۋىسى ئالپ ئەرتۇڭانى مىلادىدىن بۇرۇنقى 624 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر زىياپەتتە زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئاستىئاگ قىزىنى ئاخمانىلار بېگى كامبىز 1 گە ياتلىق قىلغان . ئۇلاردىن مۇشۇ كەيخۇسراۋ 2 تۇغۇلغان ) . ئۇ 559 - يىلى بوۋىسى ئاستىئاگقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ، 550 - يىلى ئۇنى ئاغدۇرۇپ ، ئاخمانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان . ئۇ قۇرغان ئاخمانىلار ئىمپىرىيىسى دۇنيادىكى تۇنجى ئىمپىرىيە دەپ ئاتالغان . ئۇ نەچچە يىل قاتتىق ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىپ ، ھەر تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندىن كېيىن ، ئاخىرىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تۇرانغا تاجاۋۇز قىلغان .

تۇمارىس مەلىكە بولسا مەشھۇر بۈيۈك تۇران ھۆكۈمدارى ئالپ ئەرتۇڭا قاغاننىڭ چەۋرىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېرى ئاخمانىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ھالاك بولغان . بىراق تۇمارىس ئېرىدىنمۇ بەكرەك جاسارەت ۋە غەيرەت بىلەن پۈتۈن دۇنيادا تەڭدىشى يوق كەيخۇسراۋ 2 نى يوقىتىپ ، تۇراننى ئىرانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان .

كەيخۇسراۋ ۋە تۇمارىس ئارىسىدىكى جەڭلەر

مىلادىدىن بۇرۇنقى 546-يىلى تۇران زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن ئىران پادىشاھى كەيخىسراۋ 2 تۇران لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك زەربە بېرىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. تۇران لەشكەرلىرى جەڭدە غەلىبە قىلىپ تاجاۋۇزچىلارنى تۇران زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئېغىر يارىلانغان باش قوماندانى تەرتىۋارۇنى كۆتۈرۈپ قايتىدۇ. تەرتىۋارۇنىڭ يارىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئۆز قارارگاھىدا جان ئۈزىدۇ.

كەيخۇسراۋ 2 بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن تۇرانغا قايتا تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 539 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر ئاخمانىلار شاھى كەيخىسراۋ 2 بابىلنى ئىشغال قىلىپ ، 50 يىلدىن بېرى قۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان يەھۇدى خەلقىنى ئانا ۋەتىنىگە يولغا سېلىپ قويغان. ( مەزكۇر يەھۇدىلار پەيغەمبىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، 587 - يىلى بابىلون شاھى بوختۇناسسار ( نابۇقۇن ئاشۇر) تەرىپىدىن پەلەستىندىن بابىلغا ئەكىتىلگەن. 2018 - يىلى ئىسرائىلىيە بۇ كىشى بىلەن دونالد ترامپنى تارىخي خاراكتېرلىق تەڭگىگە بېسىپ چىقاردى . بىزمۇ دوست بىلەن دۈشمەننى مۇشۇنداق ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك).

559 - يىلدىن بېرى « پېرسىيە شاھى »، 549 - يىلدىن بېرى « مىدىيە شاھى » ، 547 - يىلدىن بېرى « لىدىيە شاھى » دەپ شۆھرەت تاپقان بۇ ئاچكۆز ئىران شاھى 546 - يىلى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ ، تۇراندىن قوغلانغاندىن كېيىن نەچچە قېتىم قايتا بېسىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپمۇ قورال كۈچى بىلەن تۇراننى بويسۇندۇرالمىغان.

يىللارچە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ تۇران زېمىنىگە ئېرىشەلمىگەن كەيخىسراۋ ئاخىرى ھىيلە-مىكىر يولىغا كىرىدۇ، تەرتىۋارۇنىڭ ئايالى تۇمارىسقا ئۆيلۈنۈش تەلىپى قويۇپ، سوۋغا سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ.كەيخىسراۋنىڭ بۇ ھىلىسىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن تۇمارىس ئۇنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ ۋە جەڭگە تەييارلىق قىلىدۇ. ىىراق ھىلىگەر كەيخىسراۋ گۈزەل قىزلار ۋە ھاراق-شاراب تورىقى قۇرۇپ تۇمارىسنىڭ بىردىنبىر ئوغلى سىپارگاپىرىس سەركەردىلىرى بىلەن يەپ ، ئىچىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ، بۇ ئارقىلىق تۇمارىسقا بېسىم ئىشلىتىپ مەقسەتكە يەتمەكچى بولىدۇ.

تۇمارىس ئەلچىلەر ئارقىلىق كەيخىسراۋغا:‹‹ئەي ھىيلىگەر ئالدامچى،قانخور،زالىم پادىشاھ كەيخىسراۋ...قىلغان ئىشلىرىڭ بىلەن ماختانمايلا قوي.سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى جەڭ بىلەن يەڭگىنىڭ يوق،ئۇ سېنى يېڭىپ غەلىبىنى تەبرىكلەپ بەزمە قىلىۋاتقاندا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلدىڭ. ئەمدى مىنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر،ئۆز ماكانىڭغا زىيان-زەخمەتسىز كېتەي دېسەڭ ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بەر! چۈنكى مەن قان تۆكۈشنى خالىمايمەن! ئەگەر ئۇنىمىساڭ ماسساگېت،ساكلارنىڭ تەڭرىسى نامى بىلەن قەسەمكى ، مەن سەندەك ئاچكۆز يۇھانى قان بىلەن سۇغۇرىمەن!!!›› دەيدۇ. كەيخىسراۋ « تۇمارىس خاتۇن خانىش قىلىشىمغا قوشۇلمىسا، تۇران زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، خەلقىنى ئۆزۈمگە قۇل قىلىمەن » دەپ كۆرەڭلەيدۇ. كەيخىسراۋنىڭ لەشكىريي كۈچى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كۆپ ۋە كۈچلۈك ئىدى.تۇمارىس ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغان ، مىللىتىنىڭ ھۆرلۈكىگە ، ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىغا قەست قىلغان بۇ تاجاۋۇزچى قانخورغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر ئىران ئاخمانىلار ( م . ب 550 - م . ب 330 ) ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى كەيخۇسراۋ 2 ( 559 - 529 ) زور ھەربىي كۈچ بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۇراننى قانغا بويىغاندىن كېيىن ، نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى سىر دەريا بويىغا يېتىپ كېلىدۇ . تۇمارىس مەلىكە ئۇنىڭغا يا تۇرانلىقلار قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىش ، يا ئىرانلىقلار سىر دەريادىن ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىش ، قارشى تەرەپ ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىققىچە چېكىنىش تەكلىپىنى بېرىدۇ . مەغرۇر كەيخۇسراۋ دەريادىن ئۆتۈشنى ئۆزى تاللايدۇ . دېكابىرنىڭ دەسلەپكى كۈنى دەھشەتلىك ئۇرۇش باشلىنىدۇ . 4 - دېكابىر ھاكاۋۇر شاھ كەيخۇسراۋ 2 تۇمارىس خاتۇن قوشۇنلىرى قولىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ .

تۇرانلىقلار باتۇرلارچە ئۇرۇشۇپ،شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ . مەلىكە تۇمارىس كەيخىسراۋنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قانغا تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا پاتۇرۇپ قەھرى بىلەن:‹‹باشقىلارنىڭ ئەل يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ!››دەيدۇ .

بۇ ھاقارەتلىك تارىخىي پاجىئە ئىران ئاخمانىلار سەلتەنىتىگە ئېغىر زەربە بولىدۇ . شۇڭلاشقا بۇ ھاقارەتنى يۇيۇپ ، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قايتا قوشۇن باشلاپ كەلگەن ئىران شاھى دارا 1 مەزكۇر ۋەقەدىن ساق 12 يىل كېيىن تۇرانغا تاجاۋۇز قىلىدۇ . ىىراق مىسىردا ئىسيان چىقىپ، 517 م . ب - 516 م . ب - يىللىرى ئىسياننى تىنجىتىش ئۈچۈن قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئاندىن 515 م . ب - يىلى بالقانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئىسكىفلەرنى

قوغلاپ زەربە بېرىپ، 80 مىڭ ئەسكىرىنى مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ ، ئاندىن نەچچە يىل تەييارلىق قىلىپ ، تۇرانىلقلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن كەلگەندە ، تۇران خەلقى بۇ زور بالا - قازادىن پادىچى شىراقنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن قۇتۇلۇپ قالىدۇ . شۇندىن كېيىن ئاخمانىلارنىڭ تۇرانغا قايتا تاجاۋۇز قىلغۇدەك مادارى قالمايدۇ .

## كەيخۇسراۋ ۋە ئاخمانىلار ئىمپىرىيىسىنىڭ ئىراندىكى پارسلار قەلبىدىكى ئورنى

1971 - يىلى ئۆكتەبىردە رىزاخان پەھلىۋى ئاخمانىلار خانلىقىنىڭ 2500 يىلللىقى ۋە كەيخۇسراۋنى خاتىرىلەپ، پۈتۈن دۇنيادىكى پادىشاھلارنى چىلللىغان. ئەمما بىزنىڭ ئىنچىكە ھېساپلاپ بايقىشىمىزچە، بۇ دەل تۇمارس مەلىكىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەن يىلى ئىكەن . ئۇنىڭ سەلتەنىتىمۇ ئۇ ئۆلگەن يىلى ئەڭ يۇكسەك ۋە يۇقىرى پەللىگە يەتكەچكە ، ھەم پۈتۈن سانغا توغرا كەلگەچكە ئەقىلللىق ئىران شاھى شۇ يىلنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تالللىغان .

1971 - يىلى 12 - ئۆكتەبىردىن 16 - ئۆكتەبىرگە قەدەر داۋام قىلغان بۇ ھەشەمەتلىك دۇنياۋى مۇراسىمغا 500 مىليون دوللار خەجلەنگەن . ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەجداتلىرىدىن پەخىرلىنىشنى، ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىشنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلىي ئىپادىلىشى كېرەك ! 1971 - يىلى ئۆكتەبىر رىزاخان ئاخمانىلار شاھى كەيخۇسراۋ2 نىڭ تۇنجى پارس ئىمپىرىيىسىنى قۇرغانلىقىنىڭ 2500 يىلللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىگەن بولسا ، بىز ئۇيغۇر خەلقى 2021 - يىلى نويابىردا تۇمارس مەلىكىنىڭ ئۇنى تەندىن ۋە جاندىن جۇدا قىلغانلىقىنىڭ 2550 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىشىمىز كېرەك .

## ( 4 ) چىچى تەڭرىقۇت

مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت قايتا قۇرۇپ چىققان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى مىلادىدىن بۇرۇنقى 68 - يىلى ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك ھون تەڭرىقۇتى قوياندى تەڭرىقۇت قازا قىلىشى بىلەنلا زەئىپلىششكە باشلىدى . تۇپكى سەۋەپ يەنىلا خەن سۇلالىسىنىڭ سوۋغاتلىق مەلىكىلىرىدىن تۇغۇلغان شالغۇت شاھزادىلەر قوزغىغان تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇدا مەينەت سۇيىقەستلەرنى ئىشلىتىپ ، ھونلارنى ئىچىدىن پارچىلىشى ئىدى . مۇشۇ ھالەتتە داۋام قىلغان سىياسىي داۋالغۇشلار نەتىجىسىدە ئارىدىن ساق 10 يىل ئۆتۈپلا ، بەش تەڭرىقۇت تەخت تالاشقان دەۋر باشلانغان . يەنە ئون يىلدىن كېيىن ، يەنى 48 م . ب - يىلى ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى تۇنجى قېتىم ئىككىگە پارچىلاندى . تەڭرىقۇت قۇتئۇس 49 م . ب - يىلى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىچە داۋاملىق پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆتۈكەننى تاشلاپ ، شىمالغا كۆچكەن . بۇ تارىختا شىمالىي ھونلار تەڭرىقۇتلۇقى دەپ ئاتالغان . جەنۇبىي ھونلار تەڭرىقۇتى قوغشار تەڭرىقۇت ئۆز ئىنىسى سول قول بىلگە خان چىچى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان . قوغشار تەڭرىقۇت سەددىچىننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ، چىچى تەڭرىقۇت ئەسلىدىكى ھونلار زېمىنىدا تۇرۇپ قېلىپ ، ئۇدا بەش يىلغا يېقىن ئىسيانچىلارنى تىنجىتىپ ، ھونلات سەلتەنەتىنى قايتىدىن تىكلىمەكچى بولغان . بۇنىڭدىن ساراسىمىگە چۈشكەن خەن سۇلالىسى يىللاردىن بېرى سېپىلدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان قوغشار تەڭرىقۇتنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان . ئۇلار شۇ ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپنى تەڭ خورىتىپ ئۆز قىلچىلىرى ئارقىلىق ھالاك قىلماقچى بولغان . قوغشار تەڭرىقۇتمۇ تېزراق قايتىش ئۈچۈن خەنلەرگە بىر مۇنچە كاپالەت بەرگەن . بىراق چىچى تەڭرىقۇت خىتايلارنىڭ ھىلىسىنى بىلىۋېلىپ ، ئۆتۈكەننى مەركەز قىلغان بىپايان موڭغۇل دالىسىنى ئاكىسىغا تاشلاپ بېرىپ ، ئۆزى كۆن

پېتىشتىكى تالاس دەريا ۋادىسىغا بېرىپ ، 43 م . ب - يىلى دەريا بويىدا ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان پايتەخت سالدۇرغان . ئاكىسى قوغشار تەڭرىقۇتمۇ شۇ يىلى ئۆتۈكەندە پۈت تىرەپ تۇرۇۋېلىپلا خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان بارلىق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان . بۇ هال خەن ئوردىسىنى قايتا ساراسىمىگە سالغان . ئىككى تەڭرىقۇتنىڭ ئەپلىشىپ قېلىپ ، بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىش ئەندىشىسى قۇۋ خىتاي ئەمەلدارلىرىنى هىلە بىلەن تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ ، چىچى تەڭرىقۇتنى كۆزدىن يوقىتىشقا ئېلىپ بارغان .

مىلادىدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى ئۆكتەبىردە بۈيۈك ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، قانچىلىك ئېغىر ئەهۋالدا قالمىسۇن خىتايغا تەسلىم بولمىغان، ياۋلار بەربات قىلغان سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن زور غەيرەت كۆرسىتىپ ، كىندىك قېنى تۆكەلگەن جايدىن بەش مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى تالاستا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان چىچى تەڭرىقۇت ( باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ 6 - ئەۋلادى) بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئارامغا قويۇپ بېرىپ ، تالاس ئوردىسىدا تەنها ۋە تەييارلىقسىز قالغاندا ، ئۇنى پايلاپ يۈرگەن نامەرد ۋە قۇۋ خىتاي گېنىرالى خەن شۇفۇ بۇنى پۇرسەت بىلىپ تەڭرىتاغدىكى هونلار بىلەن قېرىنداش ئەللەرنى ئالداپ ئارىيەت ئالغان 70 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننىڭ مۇهاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ ، ياۋغا قارشى 1600 نەپەردەك ئادىمى بىلەن ئاداققىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ، 1518 سەپدىشى بىلەن ئاداققىچە جەڭ قىلىپ قازا قىلغان. يەنە شۇ يىلى قىشتا شىمالىي هونلار تەڭرىقۇتى قۇتىئۇس تەڭرىقۇتمۇ شۇنداق سۇيىقەستكە ئۇچراپ ، خىتاي گېنىرالى چېن تاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، خەن ئوردىسىغا كاللىسى ئەۋەتىپ بېرىلگەن . خىتايلار ئۇنىڭ كاللىسىنى « يات ئەللەر مېهمانسارىيى » نىڭ ئالدىغا ئېسىپ ، ئۇششاق ئەللەرگە هەيۋە قىلغان . تۈركىي خەلقلەردىكى ئۇرۇشتا هىلە ئىشلەتمەي لىللا كۈچ سىنىشىش ، ئالدىن جەڭ ئېلان قىلىپ قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈشكە ئوخشاش قەهرىمانلىق ۋە ئەركەكلىك روهى تا هازىرغىچە داۋام قىلغان بولسا ، هىلىگەر ۋە قۇۋ خىتايلاردا بۇنداق ئېسىل خىسلەتلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . بۇمۇ خىتايلاردا تارىختىن بۇيان بىرمۇ قەهرىمانلىق داستانى بولماسلىق ۋە خىتاي تارىخىنىڭ تۈگىمەس ئار - نومۇسلار ۋە پۈتۈنلەي يىرگىنىشلىك خىيانەتلەر بىلەن تولغانلىقىنى ئاز دەپ ، قەهرىمانلاردىن پۈتۈنلەي خالىي ئىكەنلىكىنىڭ ئانچە هەيران قالارلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

بىپايان مەركىزىي ئاسىيانى بازا قىلىپ ، هونلار سەلتەنىتىنى قايتا تىكلىمەكچى بولغان چىچى تەڭرىقۇتنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسى بىكار كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ شەرقتە ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇسىنى ئەۋلادلىرى غەرپتە ئاشۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇردى . ئارىدىن ساق 400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن هونلار بىردىنلا ئۇنىڭ 9 - ئەۋلادى بالامبەر باشچىلىقىدا يىراق ئۇرال ئەتراپىدىن چاقماق تېزلىكىدە دوناي دەريا بويىغا سۈرۈلگەن. يەنە ئاتمىش يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادى ئاتىللا ئۇلۇغ بوۋىسى چىچى تەڭرىقۇت ئارزۇ قىلغان بۈيۈك سەلتەنەتنى قۇرۇپ، قازاقىستاندىن ئىسپانىيەگىچە ، كاۋكاز تاغلىرىدىن برانىس تاغلىرىغىچە، كارپات تاغلىرىدىن ئالپ تاغلىرىغىچە، شىمالدا بۈگۈنكى رۇسىيەدىن جەنۇپتا هازىرقى ئىتالىيەگىچە بولغان بىپايان زېمىندا غايەت زور ئىمپېرىيە قۇرغان . ياۋروپا شۇ قېتىمدا كىچىكلەپ تارىختىكى ئەڭ كىچىك هالغا كەلگەن بولۇپ، تا هازىرغىچە بۇنچىلىك كىچىكلەپ باققىنى يوق.

ئۇنداقتا چىچى تەڭرىقۇتنىڭ هونلار مىللىي مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدىكى قەهرىمانلىقلىرى ۋە دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك؟

چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى باتۇر تەڭرىقۇتتىن ئۇستۇن تۇرىدىغان تەرىپى دەل ئۇنىڭ « تارىختا مىللەتچىلىكنى دۆلەت سىياستىنىڭ ئاساسى قىلغان تۇنجى يېتۈك سىياسىيون بولغانلىقى » دا .

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلار دەل يۇقىرىقى يىمىرىلىپ ۋە بۆلۈنۈپ كېتىپ ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ ، ئۆزگىلەرگە ئۇكا بولۇپ ئاكىسىرايدىغان ، ياكى ئۆزگىلەرگە سىڭىشىپ كېتىدىغان ، مىللىي ئىستىقبالىغا شەك ۋە گۇمان نەزىرى بىلەن قارايدىغان هونلارغا ئوخشاش ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ ، غايەت زور مەۋجۇتلۇق كىرىزىسى ئاستىدا قالغان بىزدەك ئەۋلادلارغا ئەڭ كېرىكى دەل چىچى تەڭرىقۇتنىڭ مۇشۇ خىسلىتى ۋە ئىشەنچىسى . چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئارزۇسى بىزگە هەمراھلا بولىدىكەن ، گەرچە مېۋىسىگە بىز ئېغىز تېگەلمىسەكمۇ ، هامان كېلەچەك ئەۋلادلار ئېغىز تېگىدۇ . چىچى تەڭرىقۇت كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار نىشاننى بەش يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادى ئاتىللا روياپقا چىقارغانغا ئوخشاش ، بىز كۆڭلىمىزگە پۈككەن نىشانلار ئۈچۈن ئاساس سالساق ، مۇنارنى چوقۇم بىر يېڭى ئەۋلاد قوپۇرۇپ چىقىدۇ .

تارىخىي مەنبەلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5- ئەسىرگە مەنسۇپ ساك قەبرىسى (ئالتۇن كىيىملىك شاهزادىنىڭ قەبرىسى) دىن تېپىلغان بىر كۈمۈش تاۋاقتىكى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قەتئىي قوغداش توغرىسىدىكى هۆكۈمدارغا قىلىنغان خىتاپ بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىردە هۇنلارنىڭ سىياسىي هاياتىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ ، جەنۇپتىكى خەن سۇلالىسىغا بېقىنىش پىكرى ئوتتۇرىغا چىققاندا، بۇنىڭغا قارشى چىققان چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئىپتىراز بىلدۈرۈپ سۆزلىگەن نۇتقى تۈركىي مىللەتلەردىكى ئىستىقلال – مۇستەقىللىق قارىشىنى چۈشىنىشتە بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. چىچى تەڭرىقۇت بۇ نۇتقىدا ئەجداتلاردىن مىراس سۈپىتىدە يالغۇز يەر – زېمىن ۋە دۆلەتلا ئەمەس، بەلكى يەنە هۆرىيەت ۋە ئىستىقلال – مۇستەقىللىقنىڭمۇ مىراس قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: « هۇنلارنىڭ ئادىتىدە ئەزەلدىن كۈچ – قۇۋۋەت ئەتىۋارلىنىپ ،قۇللۇق پەس كۆرىلىدۇ. هۇنلار ئاتلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۆلەت قۇرغان. شۇڭا يات خەلقلەر ئارىسىدا ئابرويلۇق بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلۈشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. هازىر قېرىنداشلار ئارىسىدا هاكىمىيەت تالىشىش بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئاغىنىڭ بولمىسا ئىنىنىڭ بولىدۇ.ئىنىسى ئۆلسە يەنىلا نامى قالىدۇ. هۇنلار يەنىلا ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يات قەۋملەرگە باش بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. خەن سۇلالىسى گەرچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، لېكىن هۇنلارنى ئۆزىگە قوشىۋالالمايدۇ . شۇنداق تۇرسا بىز نېمە ئۈچۈن ئەجداتلىرىمىزنىڭ قائىدە – تۈزۈمىنى بۇزۇپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغۇدەكمىز؟! ئۇنداق قىلساق ئۆتكەن دەۋردىكى تەڭرىقۇتلارنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزۈپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالىمىز. بۇنداق قىلىپ ئەمىنلىككە ئېرىشكىنىمىز بىلەن يات قەۋملەرنى قانداق باشقۇرالايمىز ؟؟» .

چىچى تەڭرىقۇتنىڭ بۇ غۇرۇر كۈرىشىدە بىر مىللەتنىڭ ياشاش ئىستەكلىرى، بولۇپمۇ شان – شەرەپ بىلەن ياشاش ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەچكە، گېرمان خىتايشۇناس ف. هىرت « تارىختا مىللەتچىلىكنى دۆلەت سىياستىنىڭ ئاساسى قىلغان تۇنجى سىياسىيون چىچىدۇر » دەپ كۆرسەتكەن.

**( 5 ) ئاكا – ئۇكا ئاي ئوجرولار**

« ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى » دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا هازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۇنگۇس نەسلىدىن بولسىمۇ، خېلى دەرىجىدە تۈركلەشكەن، ياۋرۇپالىقلار «ئاۋارلار» دەپ ئاتىغان، جۇرجانلار باش كۆتۈردى. مانا شۇ جۇرجان تۈركلىرىنىڭ قاغانى شىرون (مىلادىنىڭ 400 - يىلدىن 411- يىلغىچە قاغان بولغان) مىلادىنىڭ 400 - يىللىرى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار، ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن خېلى كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار جۇرجان قاغانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىدا هەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسا ئالتايدىكى تۈركلەر جۇرجانلار ئۈچۈن هەربىي قورال ياساپ بېرىشكە قىلىنغان. چۈنكى، تاشقى موڭغۇلدىكى ئۇيغۇرلار بەكلا ماهىر ئاتلىق چەۋەندازلار ئىدى . ئالتاي تۈركلىرى بولسا مېتال ئېرىتىپ تۇرلۇك قوراللارنى ياساشقا ناهايىتى ماهىر ئىدى.

جۇرجان قاغانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ھازىرقى قارا شەھەرگىچە، غەربىي ئىلى ۋادىسىغىچە، شەرقىي يىراق كورىيەنىڭ غەربىگىچە، شىمالىي تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇبى ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، پايتەختى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ( ساندېبىل ) ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى.

مىلادىنىڭ 487- يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۆرىكلى( بۆكلۈكلەر ، تۇماقلىق) قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئوجرونىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇرجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا (ھازىرقى جۇڭغار دالىسىغا) كۆچكەن. شۇ قېتىم ئالتاي ئارقىلىق غەرپتىكى بەشبالىققا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 600 مىڭ بولۇپ، 120 مىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت ئىدى.

جۇرجان قاغانى تۇلۇن (487- 492 - يىللارى) نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى ئاي ئوجرو جۇرجان قاغانى تۇلۇن قوشۇنلىرىنى تار - مار قىلدى، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەتكەن تۇلۇن قاغاننى جۇرجان ھۆكۈمرانلىرى ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسىنى قاغان قىلدى. ئۇيغۇرلار 487 - يىلى جۇرجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بەشبالىقتىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا «ئىگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487 - يىلدىن 546 - يىلغىچە) بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپلىرىدا بولۇپ، تېررىتورىيىسى شىمالدا ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە سايرام كۆلى بويىغىچە، جەنۇپتا قاراشەھەر، لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، شىمالدا جۇرجانلار بىلەن، قاراشەھەر ئەتراپلىرىدا ئاق ھونلار بىلەن، لوپنۇر ئەتراپلىرىدا تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان. كېيىنچە 484 - يىلى ئىران ساسانىلار خانلىقى ( 226 - 651 ) نى قارام دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپلا ، ئانا ۋەتىنى تارىم ۋادىسىنى قايتۇرۇۋالغان ئاق ھونلار 510 - يىلى مەزكۇر ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قايتا يارىشىپ ۋە ئىتتىپاقداش بولۇپ ، بىرلىكتە ئاۋارلارغا قارشى ئۇرۇشقان . 511 - يىلى ئۇيغۇر خانى باتۇرخان ئاۋار قاغانى توقخاننى ئۆلتۈرگەن . بىراق ئاۋارلار قايتا ھۇجۇم قىلىپ ، 516 - يىلى باتۇرخاننى ئۆلتۈرگەن . ئاق ھونلار ئۇنىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى ئۇيغۇر خانى قىلغان . ئىلبەگ داۋاملىق ئاۋار قاغانى چويۇن قاغاننى تالاپەت تارتقۇزغان . ئاۋارلار ئۇيغۇرلارغا قارشى ھېچ چارە قىلالماي، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆزىگە قارىتىۋالغان . 520 - يىلى ئاۋارلار ئورۇنباسار قاغان ئايناغاينىڭ قىزىنى ئاق ھونلار ئىمپىراتورى مېھراقۇلا ( 512 - 542 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) غا ياتلىق قىلغان . ئاقىۋەت بەشبالىق ئۇيغۇر خانلىقى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئاخىرقى ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان . شۇنداقتىمۇ ئىلبەگ بوشىشىپ قالماي ، ئاۋار قاغانى بىراھماننى 521 - يىلى تارمار قىلغان .

546 - يىلى مەزكۇر ئۇيغۇرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاۋارلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان . بىراق كۈتۈلمىگەندە ئالتايدىكى كۆكتۈركلەرنىڭ ئارقا تەرەپتىن قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تارقىلىپ كەتكەن . كۆكتۈركلەر ئۇلارنىڭ 60 مىڭ ئەسكىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ كۆچىيىپ كەتكەن . تۇمەنخان ۋە ئېستەمى خانلار يەنىلا ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن كۈچىيىپ كېتىپ ، 552 - يىلى ئاۋارلارنى مۇنقەرز قىلغان. شۇنداق قىلىپ ، 427 - يىلدىن 487 - يىلغىچە 60 يىل ئاۋارلارغا باش ئەگمىگەن ، 486 - يىلدىن 546 - يىلغىچە يەنە 60 يىل ئاۋارلارغا ئېغىر تالاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ ، جۇڭغارىيەدە يىرىم ئەسىر دەۋران سۈرگەن تۇنجى ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز قېرىنداشلىرى قولىدا ھالاك بولغان.

ئاكا - ئۇكا ئاي ئوجرولارنىڭ قەھرىمانلىقى شۇ بولدىكى ، ئاۋارلارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى توقباتلارنىڭ تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلدۇرۇپ خورىتىپ يوقىتىش پىلانىنى بىتچىت قىلىپ ، ئۆز

قەبىلىسىنى باشلاپ ئانا ۋەتىنى بولغان ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردىكى باشقا قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۆت چوڭ رەقىپىنىڭ ئوتتۇرىدا قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ ، ئۇدا 60 يىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالىغان بىر ئەلگە ئاساس سالغىنى ئىدى .

ئۇلارنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشى كېيىنچە 840 - يىلى يىمىرىلگەن ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قايتىدىن ئەسلى ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ ، يېڭىدىن دۆلەت قۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولۇپ بەردى . بۇنداق چوڭ قوشۇلۇشلار كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان - قۇمۇل ، بەشبالىق ، ئىلى - ئالتاي ۋە بېپايان تارىم ۋادىسىدا ئاساسلىق مىللەتكە ئايلىنىشىغا ھەل قىلغۇچ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى . مىللىي مەۋجۇتلۇق ئېغىر دەخلىگە ئۇچرىغاندا، ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىپ ، يېڭى دۆلەت قۇرۇپ ، بارلىق كۈچىنى ساقلاپ قېلىشتا ئۇتۇق قازىنىش ئۇلارنىڭ ئۇنتۇلماس قەھرىمانلىقىدۇر.

## ( 6 ) ئۇلۇغ ئېلتەبىر تۇمىد ئالپ

تۇمىد ئالپ ئەسلىدە 627 - يىلى 6 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەنلا شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ 200 مىڭ قوشۇنىنى يوقىتىپ ، شەرقىي تۈرك سەلتەنەتىنىڭ 628 - يىلى يىمىرىلىپ ، ئورنىغا سىر - تاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشىغا ئاساس سالغان تۇغلا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بوسات قاغان ئوغلى ئىدى . بوسات قاغان 636 - يىلى ۋاپات بولغاندا ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا خان بولغان . ئۇلار ياغلاقار ئۇرۇقىدىن ئىدى . تۇمىد ئالپ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر سىياسىيون بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ۋە ئاساسچىسى ھېساپلىنىدۇ . ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۇلۇغ ئېلتەبىر دەپ ئاتىغان . ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى گۈللىنىش ۋە مۇستەھكەملىنىش باسقۇچىغا كىرگەن . بولۇپمۇ 646 - يىلى سىر - تاردۇشلار خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز زەربىسىدە يىمىرىلىپ، ئاتا مىراس تۈرك ۋەتىنى خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاي دېگەندە تۇمىدخان چاققانلىق بىلەن سىر - تاردۇش خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، ئۆزىنى « قاغان » دەپ جاكارلىغان . شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەر زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزى بىتچىت بولغان . ئۇلار شۇ يىلى ئىگىلىۋالغان ئۆتۈكەننىمۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى ئۇزۇن ئۆتمەي قايتۇرۇۋالغان . تۇمىد قاغان كۆكتۈركلەرگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئورنىتىپ ، ئالتە نەپەر تاشقى ۋەزىر ، ئۈچ نەپەر ئىچكى ۋەزىر ، يەنە تۇتۇق ، سانغۇن ، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرنى قىلىپ ، بۇرۇنقى ھونلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدە تارىختا 202 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ، تاڭ سۇلالىسىنى 80 يىل بېقىندى قىلىۋالغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى قۇرۇپ چىققان.

تۇمىد قاغاننىڭ قەھرىمانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق قىياس قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن 1300 يىل ئۆتكەن مۇستاپا كامالنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. مۇستاپا كامالمۇ ئەينى چاغدا ئۈچ چوڭ رەقىپ كۈچنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئىدى . ئەڭ چوڭ دۈشمەن ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەرپ مۇستەملىكە جاھانگىرلىرى ئىدى . باشقا ئىككى ئىچكى رەقىپ بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىر تۇغ ئاستىغا يىغىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان چوڭ ئۇممەتچى كۈچلەر بولۇپ ، خەلىپە ، ئۆلىمالار ۋە كونسېرۋاتىپلار ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى . يەنە بىر تەرەپ چوڭ تۈرك مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇرانچى كۈچلەر بولۇپ، ئەنۋەر پاشا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ پىكىرنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى . مۇستاپا كامال خەلىپىلىك تۈزۈمنى ياقىلىسا ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، ئىتالىيە ۋە گېرىتسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا ھالاك بولاتتى . تۇرانچى كۈچلەرنى ھىمايە قىلسا ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرپ جاھانگىرلىرىگە قارشى ھەربىي ياردىمىدىن مەھرۇم قالاتتى . شۇڭلاشقا زېرەك مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ ۋە دەۋرىنىڭ شارائىتىغا يارىشا، مىللەتچىلىكنى تاللىۋالغان . ئۇنىڭ مىللىي دۆلەت قارىشى ئەدىرنەدىن ئەرزۇرۇمغىچە ، ئادانادىن دىيار بەكىرگىچە ، ئىزمىردىن ۋانغىچە بولغان ئاناتولىيە-

دىكى خەلقلەرنىلا نىشان قىلغاچقا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈنى ئون مىليون رۇبلى ئالتۇن ۋە ھەربىي ئەشيالار بىلەن ئۇدا تەمىنلەپ ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، ئىتالىيە ۋە گىرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ئاناتولىيە ۋە شەرقى تراكىيەدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، 1923 - يىلى 29 - ئۆكتەبىر تۈنجى مىللىي دۆلەت تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇۋالغان . ئارقىدىنلا تازىلاش ئېلىپ بېرىپ ، بارلىق كوممۇنىزىم كۆچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تاشلىغان . ئالدانغان لېنىن ئاچچىقىدا زۇۋاندىن قېلىپ ، 1924 - يىلى 21 - يانۋار ئۆلگەن . تۈمىد قاغان دەل مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ، ئەڭ چوڭ دۈشمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىش غەرىزىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن قارار چىقىرىپ ، ھەم بارلىق تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىنى ساقلاپ قالغان، ھەم كېيىنچە خىتاينى بېقىندى قىلىۋالىدىغان كۈچلۈك بىر قاغانلىققا ئاساس سالغان . خىتايلار شۇ قېتىم ئىشغال قىلىۋالالمىغان ھازىرقى بۈيۈك موڭغۇلىيە تەۋەسى تا ھازىرغىچە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا . ناۋادا شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى سەددىچىندىن ئاھالە كۆچۈرۈپ ، ئەسلى تۈركلەرنى قىرىپ تاشلىغان بولسا ، بەلكىم بۇ قۇتلۇق تۇپراقلار ھازىرغىچە ئاللىبۇرۇن خىتايلىشىپ كەتكەن بولار ئىدى . ئاشۇ قېتىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي توغرا قارارى كېيىنچە بۇ جايلاردا قىتانلار ، جۇرجىتلار، موڭغۇللار ، قالماقلار ۋە مانجۇرلارنىڭ دەۋران سۈرۈپ كۆچىيىپ ، يېقىنقى مىڭ يىل جەريانىدا ئۇدا خىتايغا ھۆكۈمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۇمۇ خىتاينىڭ ھازىرقى ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ئۇيغۇر خەلقىنى ئەشەددىي يامان كۆرۈشىدىكى بىر سەۋەپ .

## ( 7 ) شەرقىي تۈركلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغان قەھرىمان شاھزادە كۇرشاد

تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان سىيانپى لى يۈەن 617 - يىلى كۆكتۈرك قاغانى سېۋارقاغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، « بارلىق ئولجىلار ۋە ئاۋام - پۇقرا سىلىنىڭ بولسۇن، تەخت ۋە زېمىن مېنىڭ بولسۇن » دەپ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. قاغان ماقۇل بولۇپ، ئەسكەر چىقىرىپ سۈي سۇلالىسىنى يوقىتىپ، 618 - يىلى لى يۈەننى خىتاي شاھى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . كۆكتۈركلەر كېلىپ چىقىشى سىيانپىلاردىن بولغان تەييۈەن ئامبىلى لى يۈەنگە ئاشنا مەلىكىنى ياتلىق قىلغان ئىدى . ئۇنىڭدىن لى شىمىن، يەنى تاڭ تەيزۇڭ تۇغۇلىدۇ. ئاقىۋەت كۆكتۈركلەر بۇ شالغۇت ھارامزادىنىڭ قولىدا زاۋال تاپىدۇ. 630 - يىلى تاڭ تەيزۇڭ شەرقىي تۈركلەرنى مۇنقەرز قىلىدۇ . لى شىمىن بارلىق تۈركلەرنى سەددىچىن ئىچىگە مەجبۇرى كۆچۈرىدۇ . شۇ قېتىمدا كۆچۈرۈلگەن تۈركلەر بەزى مەنبەلەردە 100 مىڭ ، يەنە بەزى مەنبەلەردە 200 مىڭ بولۇپ ، ئەينى چاغدىكى ساناقسىز ئۇرۇشلاردا كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەن كۆكتۈركلەرنىڭ قالغان قىسمى دەل شۇلار ئىدى . تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچىدەك قىلاتتى . گەرچە ئۇ تۈركلەرگە « ئاسىنا سىربا » ئاتلىق بىرىنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن . بۇ قورچاق قاغان « لى سىمار » دېگەن ئىسمىنى قوبۇل قىلىپ ، لى شىمىنغا بويسۇنغان . ئەمما تۈركلەر ئۇنى قاغان دەپ ئېتىراپ قىلمىغان . 638 - يىلى ئاپرىلدا چاڭئەندە نازارەتتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈرك خانزادىلىرىدىن شاھزادە كۇرشاد 40 يىگىتى بىلەن پىلان تۈزۈپ، لى شىمىننى گۆرۈگە ئېلىپ، قەۋمىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ .

ئەسلى پىلاندا ئالدى بىلەن ئۇلار لى شىمىننى ئۆتۈكەنگە ئېلىپ قېچىپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا بارلىق تۈرك خەلقىنى ئالماشتۇرۇش ، ئاندىن تۈركلەرنى قايتا بىرلەشتۈرۈپ ، كۆكتۈرك سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەش قارار قىلىنغان . بىراق ئۇلار ھەرىكەت قىلىدىغان كۈنى لى شىمىن شەھەر ئاربلاشقا چىقمىغان . پىلانىنىڭ سېزىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۇرشاد كەسكىن قارار بېرىپ ، قىرىق يىگىتى بىلەنلا ئون مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئىچكىرى ئوردىغىچە بۆسۈپ كىرگەن . پۈتۈن كېچە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا دۈشمەنلەر ئېغىر تالاپەت تارتقان . بىراق يېقىن ئەتراپتىن تېزلا 100 مىڭدەك قوشۇن ياردەمگە كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالغان . ئامالسىز قالغان كۇرشاد چېكىنىشنى قارار قىلغان . ئۇلار ئوردا ئىچىدىن ئەڭ يارامىلىق ئاتلار-

دىن تاللاپ مىنىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان . ئۇلار چاڭئەنگە يېقىن ۋېيخې دەرياسىغا كەلگەندە ، كېچىلەپ ياغقان كۈچلۈك يامغۇردا دەريا سۈيىنىڭ ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن . ئالدىدا چوڭقۇر ۋە قايناملىق ھەيۋەتلىك دەريا ، كەينىدە قوغلاپ كېلىۋاتقان يۈز مىڭلارچە تاڭ قوشۇنى تۇراتتى . كۇرشاد جان تىكىپ ئېلىشىش قارارى بەردى . قىرىق يىگىت تاكى تومۇرلىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قان ئېقىپ چىقىپ كەتكىچە چىداپ ئۇرۇشتى . كۆپىنچىسى ئات ئۈستىدە قورالىنى چىڭ تۇتقان ھالدا جان تەسلىم قىلدى . ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان دۈشمەن بىر ھازاغىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . گەرچە بۇ پىلان مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكەن لى شىمىن 7 - ئايدىلا شەرقىي تۈركلەرنى دەرھال يۇرتىغا قايتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ، كۇرشاد ۋە 40 قەھرىماننىڭ جانلىرى بەدىلىگە شەرقىي تۈركلەر ساقلىنىپ قالىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي، 641 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان سىر - تاردۇش خانلىقى 300 مىڭ قوشۇن بىلەن تاڭ تەيزۇڭغا ئۇرۇش ئاچىدۇ . بىراق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى بۇ ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ . تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈرك زېمىنلىرىنى يۇتۇۋالماقچى بولغاندا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سىياسىيون تۇمىد قاغان سىر - تاردۇشلارنى چاقماق سۈرئىتىدە يوقىتىپ ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىنى قوغداپ قالىدۇ . ھەتتا مۇقەددەس ئۆتۈكەن تاغلىرىنىمۇ تاڭ تەيزۇڭدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ .

كۇرشادنىڭ قەھرىمانلىقى 43 يىلدىن كېيىن مۆجىزە كۆرسەتتى . 682 - يىلى ئۆتۈكەندىن قوزغالغان ئېلتەرىش قاغان شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تىرىلدۈردى . كېيىنچە بىلگە قاغان بىلەن ئىنىسى كۆلتېكىن خانلىقنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزدى . بىراق ئۇلار ۋاپات بولۇپ ئون يىل توشمايلا شەرقىي تۈركلەر ئاجىزلاپ كەتتى . تاڭ شۈەنزۇڭ بوۋىسىغا ئوخشاش تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىنى قايتا يۇتۇۋالماقچى بولدى . مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە يەنىلا يۈز يىل بۇرۇنقى تۇمىد قاغاننىڭ ئەۋلادى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان 744 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، 745 - يىلى ئۇلۇغ ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى قۇردى . تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى يەنە بىر قېتىم خىتاي ئىستىلاسىدىن ئامان قالدى . خىتاي تارىخچىلىرى ھەسرەت بىلەن « ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم تەييارغا ھەييار بولۇپ ، ئولجىمىزنى تارتىۋالدى » دەپ يېزىپ قويۇشتى .

كۇرشاد بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھالدا ئەسلى شەرقىي تۈرك خانزادىلىرىدىن بولغان ، كېيىنچە غەربىي تۈرك قەۋملىرىدىن دىلى قاتتىق رەنجىگەن شاھزادە ئاسىناتۇر 636 - يىلى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىنغا تەسلىم بولىدۇ. 640- يىلى، لى شىمىن ئەسىر ئالغان تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن جەڭگىۋار قوشۇنغا ئاسىناتۇرنى سەركەردە قىلىپ، تۇرپاننى بېسىۋالغان . 644- يىلى قاراشەھەرنى بېسىۋالغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ 646 - 656 - يىللاردا قوشۇن باشلاپ، بىپايان تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلارنى بىر - بىرلەپ ئىشغال قىلىدۇ . ئاقىۋەت ئاسىناتۇر 648 - يىلى كۇچار، قەشقەر، يەكەن ، خوتەن خانلىقلىرىنىمۇ بېسىۋالغان . 650- يىلىغا كەلگەندە تارىم ۋادىسى تۈركلەرنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن . 657- يىلى كۇچاردا ئاتالمىش ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان .

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەرىپى خىتايلار ھازىر « بىز قۇرغان سۇلالە » دەپ چوقان سېلىۋاتقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لى يۈەن « تەخت ۋە سەلتەنەت ئۈچۈن پۈتۈن خەلقىدىن ، ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىدىن كەچكەن ئەڭ چوڭ خائىندۇر » . بۇمۇ خىتايلاردا تارىختىن بۇيان قەھرىمان چىقىپ باقمىغانلىقى ۋە خىتايغا تەۋە بىرمۇ قەھرىمانلىق داستانى بولماسلىقىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى . خۇلاسە قىلغاندا ، كۇرشاد دەرىجىدىن تاشقىرى قەھرىمانلىقى بىلەن شەرقىي تۈرك خەلقىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قالغان بولسا ، تۇمىد قاغان ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىنى قوغداپ قالغان . نۆۋەتتە خەلقىمىز ھەر ئىككى تۈردىكى قەھرىمانلارغا تولىمۇ مۇھتاج بولماقتا .

## ( 8 ) ئەمىر قەمەرىددىن

سۇلتان يۇنۇسخان ( سەئىدخان ۋە بابۇر شاھنىڭ بوۋىسى) نىڭ ئۇستازى مەۋلانا شەرەپىددىن ئەلى يەزدى « زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ، ئاقساق تۆمۈرنىڭ 1364 - يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئافغانىستانغا قېچىپ كېتىپ ، شۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ، ئەمىر قەمەرىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنى قىرغىن قىلىپ ، ئالمالىقنى ۋەيران قىلغاندا بۇنى پۇرسەت دەپ بىلگەن ئاقساق تۆمۈرنىڭ چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدە « خانغا ئاسىيلىق قىلغان ئەمىر قەمەرىددىن دۆغلاتنى جازالاش تەشۋىقاتى » ئېلىپ بېرىپ، ئۇتتۇقلۇق ھالدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىنى 1370 - يىلى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، ھەر تەرەپكە ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ . گەرچە تۆمۈرلەڭ خارەزم ۋە پەرغانىنى قانلىق بويسۇندۇرغان بولسىمۇ ، بىراق خارەزم ۋە پەرغانە تاكى 1388 - يىلغىچە ئاقساق تۆمۈرگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان . 1383 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەڭ كىچىك بىردىنبىر ئوغلى خىزىرخوجا ئوغلان تەختكە چىقىپ، 1386 - يىلغىچە ئەمەلىي كۈچى ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئىشىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئورتاق كۈچلۈك دۈشمەن ئاقساق تۆمۈرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن 1366 - يىلدىن بېرى ئاقساق تۆمۈرگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەمىر قەمەرىددىننى ئەپۇ قىلىپ ، خانلىقنىڭ چوڭ ھەربىي ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان . ئەمىر قەمەرىددىنمۇ بۇرۇنقى قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ ، ۋاپادارلىقىنى كۆرسەتكەن . 1387 - يىلدىكى « چەۋلەك » ئۇرۇشىدا ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمدارى توختامىشخان چاغاتاي خانلىقى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ ، خارەزمگە ئەسكەر چىقارغان . ئەمىر قەمەرىددىنمۇ قەشقەر ۋە ئالمالىقتىن ساناقسىز قوشۇنلار بىلەن ئاتلىنىپ تۆمۈر بىلەن چەۋلەك ئۇرۇشى قىلغان . ئەپسۇس ، تۆمۈرلەڭ غەلىبە قىلىپ ، توختامىشخان ئورۇسلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىپ قالغان . ئەمىر قەمەرىددىن ئۆزى يالغۇز تۆمۈر بىلەن جەڭ قىلغاچ چېكىنىپ ، تاكى كۈنەس يايلاقلىرىغىچە تىركەشكەن . تۆمۈرمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈرۈش قىلىپ ، تاكى ھازىرقى يۇلتۇز يايلاقلىرى ( كۈنەس ۋە كورلا پاسىلىدا ، بايىنبۇلاق ) غىچە بېسىپ كىرىپ ، ئۇلۇغ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋەتكەننى ئاز دەپ پايتەخت ئالمالىقنى پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىپ تولۇق كۆيدۈرۈۋەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئىلى ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى يۈكسەك مەدەنىيىتى ئېغىر دەرىجىدە خاراب بولۇپ تەدرىجىي يوقالغان . 1388 - يىلى يازدا ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئىستىسقا كېسىلى بىلەن قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەمىر تۆمۈر شۇ يەردىن تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىرىپ ، ئۇنىڭ ئاخىرقى بازىسىنى ئىشغال قىلىپ ، چاغاتاي خانلىقىنى مۇنقەرز قىلماقچى بولغاندا ئالتۇن ئوردا خانى توختامىشنىڭ ئەسكەر يىغىۋاتقان خەۋىرى كېلىپ قېلىپ ، دەرھال سەمەرقەندكە قايتقان . ئۇ يولدا قايتىپ كېتىۋېتىپ ، ئەمىر قەمەرىددىننىڭ پايتەختى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ ، دادىسى بىلەن بىللە تارىم ۋادىسىنى ، ئاندىن تۇرپان - قۇمۇلنى ئىگىلىمەكچى بولغان ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا دەرھال چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن . ئوغلى بۇيرۇق بويىچە قەشقەر شەھىرىنى بۇلاپ - تالاپ ، ئاندىن تولۇق كۆيدۈرۈۋېتىپ ئەنجانغا قېچىپ كەتكەن .

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ، خىزىر خوجا ئالمالىقنى پايتەخت قىلىشنىڭ ئەمدى پايدىسى يوقلىقىنى ھېس قىلىپ ، تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان قارا شەھەرنى پايتەخت قىلغان .

يىراقتىكى داڭلىق ئوسمانىلارنى ئىككى يىلدىلا غۇلاتقان ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئۇدا 22 يىل ئۇرۇش قىلغان بىۋاستە چېگرا خوشنىسى مەرھۇم ئەمىر قەمەرىددىن 1388 - يىلى قازا قىلغان . ئەمىر تۆمۈرنى 22 يىل توسۇپ تۇرۇپ ، ئاسىيا قىتئەسىدىكى تۆمۈر يۇتالمىغان بىردىنبىر دۆلەت چاغاتاي خانلىقىنى قوغداپ قالغان ئەمىر قەمەرىددىن راسلا بىر مىللىي قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ . تارىخىي رومانلاردا بىزدىكى ئېغىر دەرىجىدە ئاكسىراش خاھىشى تۈپەيلىدىن ، يازغۇچى - زىيالىلار ھەدېسىلا ئەمىر تۆمۈرنى ئۇلۇغلاپ ، ئەمىر قەمەرىددىننى چۈكۈرىدۇ . ھەتتا ئۇنى تارىختىكى ئەڭ ئىپلاس ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمما مۆتىۋەر تارىخىي كىتاپلاردىكى ھەقىقەت تولىمۇ ئېنىقتۇر . ئەگەر ئوسمانىلارنىڭ ، مەملۇكىلارنىڭ ، ئورۇسلار-

نىڭ، ئىلخانىلارنىڭ ، ئەزەربەيجانلارنىڭ ، ئەرەبلەر ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ، ھىندىلارنىڭ ۋە باشقا ئەمىر تۆمۈر يۇتۇۋالغان بارلىق تۈرك - ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەمىر قەمەرىدىنچىلىك بىرەر غالىپ سەركەردىسى ، يەنە كېلىپ تۆمۈرنى 22 يىل ھالسىراتقان بىرەر قەھرىمانى بولسا ئىدى ، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ، ھەر يىلى خاتىرىلەپ كەلگەن بولاتتى . بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىزدىن موللا مۇسا سايرامىغىچە بۇ تارىخنى لىللا بايان قىلىپ كەلگەن بولسا ، مۇراد ئەپەندى « تەلفىقۇل ئەخبار » دا بۇ ئىككى يولۋاس 22 يىلدا قىلغان ئون نەچچە قېتىملىق ئۇرۇش تىلغا ئېلىنغان . ئۆتكەن ئەسىردە ، بولۇپمۇ 1949 - يىلدىن كېيىنكى تارىخىمىز ، بولۇپمۇ قەھرىمانلار تارىخى ھازىرغىچە يېزىلمىغان بولغاچقا ، يازغۇچى - زىيالى كىشىلەر يازغان بىر قىسىم تارىخىي رومانلار تارىخ سۇپىتىدە قوبۇل قىلىندى . ئۆتكەن ئەسىردە پەقەت مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالا قورقماستىن ئەمىر قەمەرىدىن ( 1318 - 1388) بىلەن مىرزا ئابابەكرى ( 1444 - 1514) گە بىر قەدەر ئىجابىي باھا بېرەلىگەن .

خۇلاسە ئەمىر قەمەرىدىنگە باندىتلارچە سىنىپىي كۆرەشلىك ماركسىزىملىق قاراش ، ئاكسىراش نەزىرىدە ئەمەس، بەلكى ساپ ئۇيغۇرچە قىممەت قاراشلار نەزىرىدە قاراپ ، تارىخىمىزدىكى تالاي دۈشمەنچە زەھەرلەرنى تازىلىۋېتىش كېرەك ! مىللىي ئېڭىمىزدىكى خاتا قاچىلانغان ئەمىر قەمەرىدىن ئوبرازىنى ئەمىر تۆمۈر ئوبرازىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك ! چۈنكى ھازىرقى دۇنيادا ئەمىر تۆمۈر ئېنىقلا بىردەك ھالدا ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە تونۇلۇۋاتىدۇ .

**( 9 ) يەتتە قىزلىرىم**

مىلادى 1754 - يىلى قالماق خانىنى ئامۇرسانا قانخور مەنچىڭ ( 1644 - 1912) قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ ، 1755 - يىلى يازدا ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، 1757 - يىلى مانجۇرلارغا ئالدىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ،ئىسيان كۆتۈرگەن. مەنچىڭ خانلىقى ئەشەددىي كاللا كېسەر جاۋخۇينى ئەۋەتىپ ، ئىلىدا بىر مىليوندىن ئوشۇق ئۇيغۇر ۋە موڭغۇلنى قىرىپ تاشلاپ، 1758 - يىلى تارىم ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ دەككىسىنى يەپ ، 1759 - يىلى قايتا ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن يەنە تاجاۋۇز قىلىپ، قارا تاغلىق قۇمۇل ۋە تۇرپان خوجىلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان.

1760 - يىلى ئېرى خان خوجىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا كەلگەن ئىپارخان مانجۇرلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ، خانبالىققا ئەكېتىلگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە چىيەنلۇڭ ئۇچتۇرپان ئامبىلىغا جىگدە ئالۋىڭى بۇيرۇقى چۈشۈرگەن.

مانجۇرلارنىڭ جۇڭغارلاردىن بەتتەر زالىملار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان خەلق 1765 - يىلى 14 - فېۋرال كەچ قوزغىلىپ ، بىر كۈندىلا شۇ جايدىكى مەنچىڭ قوشۇنىنى يوقىتىپ ، ئامبال سۇچىڭ بىلەن ھاكىم ئابدۇللانى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇچتۇرپاننى قولغا ئالغان . ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرى چاقىرغان « ئىسلام ئىتتىپاقى » دەرھال قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىشقان . بىراق مانجۇرلار قوقان ۋە بۇخارا خانلىرىغا تەھدىت سېلىش بىلەن بىللە ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ ئەۋەتىپ باستۇرغان . ئەمما نەچچە ئون قېتىم ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ ، ئاسىيالىقلار ئالدىدىكى يېڭىلمەس نامى يەر بىلەن يەكسان بولغاچقا، چىيەنلۇڭ غەزەپلىنىپ ، ئۇچتۇرپان خەلقىنى تولۇق قىرىۋېتىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. قەيسەر خەلق ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ، سۇ ۋە ئاشلىقتىن قىسىلغاندا ، ئاياللار ۋە بىر قىسىم چوڭلارنى 15 - ئىيۇل شەھەر سېپىلىدىن چىقىرىۋەتكەن . ئالتە ئايلىق قارشىلىقتىن كېيىن ، بىر قىسىم خائىنلار ئەسمەتۇللاھنى باغلاپ ، 14 - ئاۋغۇست مەنچىڭغا تاپشۇرۇپ

بەرگەن . مانجۇر قوشۇنى شەھەردە قەتلىئام قىلىپ ، ئۇيغۇر نەسلىنى قۇرۇتۇپ تاشلىغان . ئاز ساندىكى ھايات قالغانلارنى ئىلىغا پالىغان . سىرتتىكى مۇلجار تاغلىرىنى بازا قىلغان ئايالى ئانارگۈل باشقا ئالتە سەپدىشىدىن تەركىپ تاپقان پارتىزانلىق ئەترىتى تەشكىللەپ، مانجۇر قوشۇنلىرىغا توختىماي زەربە بەرگەن . مانجۇرلار شەھەردىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغان . كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئاستا - ئاستا شەھەردىن چىقىپ ، مۇلجار تاغلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان.

ئەمما چاتقاللىقلار بىلەن قاپلانغان تاغلاردا زادى قانچىلىك كىشى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ بولالماي، توختىماي توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى ئاچلىقتىن ۋە سوغۇقتىن ئۆلتۈرمەكچى بولغان . 10 - ئاي كىرىشى بىلەنلا سوغۇق چۈشۈپ ، تاغلاردىكى دەل - دەرەخلەر غازاڭ تاشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن توخۇ يۈرەك مەنچىڭ چېرىكلىرى شۇنچە ئاتقان زەمبىرەكلەردە ساق قالغانلارنىڭ ھەمدە، ئەسلىدە ئۆزلىرىگە قارشى ئۈچ ئايدىن بېرى ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپ ئادەمدىن تەركىپ تاپقان مۇنتىزىم قوشۇن بولماستىن بەلكى ، ئاددىي يەتتە ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، تاغنى قاتمۇ - قات قورشاپ ، ھەر تەرەپتىن قورشاۋنى تارايتىپ تاغ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن . يەتتە قىز ئوقلىرى تۈگەپ كەتكەندە تاغ ئۈستىدىكى قورامتاشلارنى دومىلىتىپ ، دۈشمەننىڭ بېشىنى مىجىۋەتكەچ ، تاغ چوققىسىغا قاراپ چېكىنگەن. زور چىقىم تارتقان نامەردت مەنچىڭ چېرىكلىرى توپقا تۇتۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

قىزلار چېكىنگەچ ، يارىدار بولغان ھەشىرىلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان . ئاقىۋەت ، ئۇلار تاغ چوققىسىغا چىقىپ ، ھەر تەرەپتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ۋە چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئارىسىدا قالغان . بۇ مەنزىرە خۇددى مىلادى 639 - يىلى كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 يىگىتى ئۇچرىغان قىيىن ئەھۋالغا ئوخشايتتى . دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىشنى خالىمىغان قىزلار ئاخىرى كەسكىن قارار چىقارغان . 1765 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر ، 18 - ئەسىر تارىخىمىزنىڭ ئۆچمەس ئابىدىلىرى ۋە تىز پۈكمەس ھۆر قىزلىرى بىز بىلەن خوشلاشقان .

17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ چۈشكۈن ۋە تۇرغۇنلۇققا قەدەم قويغان سەلتەنەتىمىز ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بىرلەشمە زەربىسىدە 1682 - يىلى يىمىرىلىپ كەتتى . كېيىنكى يەتمىش يىلدا ئۇدا قالماقلارنىڭ قىرغىن قىلىشى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى بىلەن ئاران جېنىنى بېقىۋاتقان خەلقىمىز ، 1754 - يىلدىن باشلاپ بۇرۇنقى موڭغۇللاردىمۇ ئۆتەر قان ئىچەر مانجۇرلارنىڭ قىرغىن نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى . 1757 - يىلى ئىلىدىكى زور قىرغىن بىلەن 1759 - يىلدىكى تارىمدىكى زور قىرغىن ، 1765 - يىلدىكى ئۇچتۇرپان قىرغىنىغا قارىساقلا ، يۇمران يەتتە قىزنىڭ ئەرلەر تولۇق قىرىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاخىرقى قارشىلىق كۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز . يەتتە قىزلىرىمدىن نۇزۇگۇمغىچە بولغان 70 يىللىق تارىخىمىز پۈتۈنلەي قان بىلەن يېزىلغان بولۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە ھۆرلۈكنى قايتۇرۇۋېلىش ، تاجاۋۇزچىلارنى تولۇق قوغلاپ چىقىرىش يولىدا خەلقىمىز بارلىق كۈچىنى چىقارغان . بىراق سەئىدىيە خانلىقى يىقىلغان دەۋردىن باشلاپلا ، چەتئەلدىن كەلگەن ھىلىگەر خوجىلار خەلقىمىزنى نەچچە پىرقىگە ئايرىپ تاشلىغان بولغاچقا ، خەلقىمىز دۈشمەنگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە بىردەك ھەرىكەت قىلالماي، تارقاق - تارقاق كۈرەش قىلغان . بۇنداق تارقاق قارشىلىق ئاشۇ قارشىلىق بولغان جايلاردىكى ئاۋامنىڭ پۈتۈنلەي قىرىۋېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . شۇنداق قورقۇنچلۇق قىسمەت ئالدىدىمۇ خەلقىمىز تەۋرىنىپ باكى بوشىشىپ كەتكەن ئەمەس . ھازىر بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى دەل يەتتە قىزلىرىمدىكى ئاداققىچە كۈرەش قىلىش ۋە بار ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىش روھى . ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى قىلچە قورقماسلىق ۋە دۈشمەننى مەنسىتمەسلىك روھى . ھازىر مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزدە كەم بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇ روھ . ئەمەلىيەتتە بۇ روھ دەل يۇقىرىدىكى چىچى تەڭرىقۇت ئىزچىل تەكىتلىگەن روھ بولۇپ ، يەتتە قىزلىرىم مۆجىزىلىق ئەمەلىي كۈرەشلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە « ئەجداتلاردىن مىراس سۈپىتىدە يالغۇز يەر – زېمىن

ۋە دۆلەتلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھۆرىيەت ۋە مۇستەقىللىقنىڭمۇ مىراس قالغانلىقى » نى كۆرسىتىپ بەردى . ئۇلار ئەجداتلىرىدىن مىراس قالغان يەر - زېمىننى قوغداشقا ئاجىز كەلدى . ئەمما مۇستەقىللىق ۋە ھۆرلۈكىنى ساقلاپ قالدى . شۇڭلاشقا خىتاي جاللاتلىرىدىن شىڭ شىسەي ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى خەلق ئالدىدا سۆزلىتىپ ، ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش باھانىسىدە بۇ قورقۇنچلۇق روھتىن ۋاز كەچتۇرمەكچى بولدى . قادىر ھاجىمۇ مەمتىلى ئەپەندىنى شۇنداق قىلىش ئۇچۇن كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆردى . ئەمما ھەر ئىككىسى مەغلۇپ بولدى . ئۇلار جانلىرىنى پىدا قىلىش ئارقىلىق ، سۆيۈملۈك خەلقىگە چىچى تەڭرىقۇت ، تېخىمۇ توغرىسى ئاللاھ بەرگەن ، چىچى تەڭرىقۇت ئەسلەتكەن ۋاز كېچىلمەس روھ ۋە ئەڭ يۈكسەك ھوقۇق بولغان ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىق روھىنى قالدۇرۇپ كەتتى . بۇ روھ ھەققىدە چېچىنىيەنىڭ تۇنجى پىرىزىدېنتى گېنىرال جەۋھەر دودايېف شۇنداق دەيدۇ : « دۈشمەن بىزنىڭ تەنلىرىمىزنى تانكىلارغا باستۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋېتەلەيدۇ ، ئەمما ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىق روھىمىزنى ئەسلا تەۋرىتەلمەيدۇ » . مانا بۇ روھ كىچىككىنە كاۋكازدىكى ئازغىنە خەلقنى 260 يىللاپ دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمسىز ۋە ئەڭ ئەشەددىي جاھانگىر كۈچ بولغان ئورۇسلارغا زادىلا باش ئەگمەي ، مىليونلاپ جان بېرىش بەدىلىگە يەنىلا ۋاز كېچىلمەس ھوقۇقلىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سىرى .

**( 10 ) مەنچىڭنىڭ ھەيۋىسىنى يەكسان قىلغان جاھانگىر خوجا ۋە قىزلار ئۆلگىسى نۇزۇگۇم**

**جاھانگىر خوجا كىم ؟**

**1788** - يىلى **27** - مارت جاھانگىر خوجا تۇغۇلغان. ئۇ ئەسلى چوڭ - كىچىك خوجىلاردىن چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ بەدەخشان قەتلىئامىدا قۇتۇلۇپ قالغان بىردىنبىر ئوغلى سامساق ( سالىھ) خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئۇ **1820** - يىلى مانجۇلارغا سېتىلغان قوقان خانى ئۆمەرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىياسىي تەقىپتىن قۇتۇلۇپلا، نارىن ۋە ئالاي تاغلىرىنى بازا قىلىپ، **1820** - يىلدىن تاكى **1828** - يىلغىچە ئۇدا تۆت قېتىم ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى ، چارۇسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى مانجۇلاردىن زىيادە ئەندىشە قىلىشتىن خالاس قىلغان . نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مانجۇلارنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىۋەتكىنىدىن ئىلھاملانغان ئەنگلىيە ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپلا،**1839** - يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاپ، مانجۇلاردىن خوڭكوڭنى بۆلۈۋالغان . قوقان خانلىقى غەرپتىن شەرققە كېڭىيىپ، ئەسلىدە مانجۇلار تەسىرى ئاستىدا قالغان ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى قىرغىزىستان، جەنۇبىي قازاقىستان قاتارلىق جايلىرىنى تىزگىنلەپ كونسىرى زېمىن كېڭەيتكەن . چارروسىيەمۇ **1847** - يىلى قازاق ئابلايخانىنىڭ نەۋرىسى كېنىسسارىنى باستۇرۇپ ، **1852** - يىلى ئالما ئاتانى يۇتۇۋېلىپ ، ئىلى ۋە ئالتايغا قىستاپ كەلگەن . **1860** - يىلى تاشقى مانجۇرىيەنى مەنچىڭدىن تارتىۋالدى . **1881** - يىلدىكى كېلىشىم ئارقىلىق ئىلىنىڭ غەربىدىكى ئۆزبېكىستان چوڭلۇقىدىكى مۇنبەت زېمىنىمىزنى يۇتۇۋالغان .

چوقان ۋەلىخانوف جاھانگىر خوجىغا يۇقىرى باھا بېرىپ« جاھانگىرخاننىڭ ئىسيانلىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىنىڭ قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكى پاش قىلىپ قويىدى ، قەشقەر ۋەتەنپەرۋەرلىرى زادىلا ئۈمىدسىزلەنمەي، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ كېلىپ، مانجۇلارنى خورىتىپ باشقا جايلارغا تاجاۋۇز قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئەڭ يامان بولغىنى مانجۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرى، ئەنگلىيە ۋە چارروسىيە ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى» دېگەن.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا جاھانگىر خوجا **1828** - يىلى ئوپال بېگى ئىسھاق خائىن تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ مانجۇرلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. مانجۇرلار ئۇنى خانبالىققا ئاپىرىپ، شۇ يىلى 28 - ئىيۇن چاناپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى غالجىر ئىتلارغا يېگۈزۈپ خارلىغان. ھەتتا ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ يوق بولغان . يەنە بىر قاراشتا

جاھانگىر خوجا شۇ يىلى 6 - ئايدا خانبالىقتا ئەۋەتىلىپ، 11 - ياكى 13 - سېنتەبىر ئۆلتۈرۈلگەن.

1820 - يىلى ئەسلىدە ھەر يىلى ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىلچىلىرىنى نەزەربەنت قىلىپ ، مەنچىڭ خانلىقىدىن پۇل ئالىدىغان قوقان خانى ئۆمەرخان ئۆلگەن . بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئوغلى سالىھ خوجىنىڭ ئوغلى جاھانگىر خوجا شۇ پۇرسەتتە نارىن تاغلىرىغا قېچىپ كېلىپ ، قىرغىزلار ئارىسىدا كۈچ توپلاپ مانجۇرلارغا قارشى قورااللىق كۆرەشنى باشلاپ كەتكەن . مانجۇرلار ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن زامانىۋى قوشۇننى ئەۋەتىپ قىرغىزلارنى قىرغىن قىلغان . بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەر قايسى قەبىلىلەر ھەممىسى جاھانگىر خوجىنى قوللاپ ، كۆپلەپ پىدائىي ئەۋەتكەن . نەتىجىدە مانجۇرلار يەنە جازا يۈرۈشى قىلغان . قەشقەردىن ئەڭ سەرخىل 500 مانجۇر ئەسكىرى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندە ، جاھانگىر خوجا ئۇلارنى بىر تار جىلغىغا ئالداپ ئەكىرىپ ، ئېيۇلدا ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان . شۇنىڭ بىلەن 1765 - يىلدىن بۇيان يېڭىلىپ باقمىغان مانجۇر قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسى يەر بىلەن يەكسان بولغان . يېڭى قوقان خانى مەمەتئېلى خانمۇ ( مەدەلىخان ) ئاشكارا جاھانگىر خوجىنى قوللاپ ، 1826 - يىلغا كەلگەندە جاھانگىر خوجا دۆلەت قۇرۇپ ، 24 - ئاۋغۇست ئۆزىنى « سەئىد جاھانگىر سۇلتان » دەپ ئاتىغان . بىراق بىۋاپا مەدەلىخان قەشقەرنى قوقاننىڭ بىر پارچىسى بولۇشقا قىستىغان . جاھانگىر خوجا قەتئىي رەت قىلىپ ، تولۇق مۇستەقىللىقنى ۋە باراۋەر ئالاقە ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلغان . شۇنىڭ بىلەن مەدەلىخان بارلىق قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەن . پۇرسەتتىن پايدىلانغان مانجۇرلار قايتىدىن ئاقسۇغا توپلىنىۋالغان . 1827 - يىلى مارتتا مانجۇرلار قۇمباش دەرياسى جېڭىدە خائىنلارنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قىلىپ ، يىل ئاخىرىغىچە قەشقەرنى ئىشغال قىلغان . جاھانگىر خوجا قوقانغا قېچىشنى رەت قىلىپ ، ئوپال تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن . بىراق سابىق ئوپال بېگى مەنچىڭ خانىنىڭ مۇكاپاتىنى تەمە قىلىپ ، 1828 - يىلى مارتتا جاھانگىر خوجىنى ئالداپ ئەكىلىپ ، قاتتىق ھېرىپ كېتىپ ئۇخلاپ قالغاندا باغلاپ مانجۇرلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . ئاقىۋەت جاھانگىر خوجا پېكىنگە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ ، شۇ يىلى 22 - ئىيۇن ياكى 11 - سېنتەبىر ئۆلتۈرۈلگەن .

چوقان ۋەلىخانوف 1859- يىلى قەشقەردە جاھانگىر خوجىغا باھا بېرىپ «جاھانگىرخان قوزغىلىڭى بولغاندىن كېيىن، ئاسىيالىقلارنىڭ نەزىرىدە غالىپ كەلگىلى بولمايدۇ دەپ ھېساپلانغان خىتايلارنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، بارلىق ئاجىزلىقلىرى پاش بولدى. قەشقەرىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرى ھۆرلۈك روھى بىلەن ياشىدى، ھەمدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولغان يېڭى ۋە كۈچلۈك ئۈمۈدكە ئېرىشتى. » دەپ يازغان.

**موللا مۇسا سايرامى غايىبانە ئاشىق بولغان نۇزۇگۇم كىم ؟!**

ۋەتەندىكى چەكلىك شارائىت تۈپەيلىدىن پەقەت ئېپپەت - نومۇس ئۆلگىسى دەپ قارىلىۋاتقان نۇزۇگۇم قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ۋەتەنپەرۋەر ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاختى 1808 - 1809 - يىللىرىغا قارار تاپماقتا . ئۇنىڭ 18 ياشتىلا مەشھۇر جاھانگىرخان قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ،
1826 - يىلى 24 - ئاۋغۇست سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغان كۈندە ، مەنچىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى ئاغدۇرۇپ تۈنجى قۇرۇپ چىققان مۇستەقىل دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشى تەڭتۇشلىرىنىڭ ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ ئارىسىدا زور ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرگەن بولسا ، ئۇنىڭ جاھانگىر خوجا ۋە قەشقەر خەلقى بىلەن بىللە 1827 - يىلى مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى قەشقەر شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ، زەھەرخەندە مانجۇرلارنىڭ يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان توپ - زەمبىرەكلىرىگە پەرۋا قىلماي ، ئاداققىچە جەڭ قىلىپ ، ئۈچ كۈنلۈك بومباردىماندا ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ ، بىراق داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ،

ئەركەكلەر قاتارىدا ئەسىرگە چۈشۈشى ۋە **1828** - يىلى يازدا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىش يولىدا ، ئىككى مىڭ كىلومىتېردەك يولنى پىيادە باسقاننى ئاز دەپ ، يولبويى قوشاق ئېيتىپ ، سەپداشلىرىنى قەددىنى ۋە روھىنى تىك تۇتۇش ھەققىدىكى چاقىرىقلىرى بىلەن پۈتۈن خەلقىمىز ئارىسىدا شۆھرىتى تارقالغان .

نۇزۇگۇمۇ خۇددى يەتتە قىزلىرىمغا ئوخشاش ئەجداتلىرىنىڭ زېمىنىنى قوغداپ قېلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسى ، ئىززەت - ئابرۇيى ۋە غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا جېنىدىن كەچكەن . ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە بوشاشماي كۈرەش قىلغان . **1829** - يىلى بىر قېتىم قېچىپ قايتا تۇتۇلۇپ قالغان نۇزۇگۇم ئىلىدىكى بىر سولۇن قاۋانغا خوتۇنلۇققا تەقسىم قىلىنغاندا ، توي كېچىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، قايتا قېچىپ ئالمائاتاغا يېقىن قومۇشلۇق ئىچىدە ئالتە ئاي پاناھلانغان . ئەپسۇس ، كۈزدە قۇرۇپ ۋە پىشىپ كەتكەن قومۇشلارغا ئوت تۇتىشىپ كېتىپ ، نۇزۇگۇم قايتىدىن تۇتۇلغان . ئىلى گېنىرالى قائىدە بويىچە دەرىجىسى يۇقىرى سولۇن قاۋاننىڭ ئۆلۈمىنى مەنچىڭ ئىمپېراتورى داۋگۇاڭغا مەلۇم قىلغان . موللا بىلالنىڭ بۇ ھەقتە قەيت قىلىشىچە ، داۋگۇاڭ ناھايىتى كەسكىن ئۆلۈم پەرمانى پۈتۈپ ، ئۈچقۇر پوچتا ئاتلىرى بىلەن ئىلىغا ماڭدۇرۇپ ، مەكتۇپنىڭ سىرتىغا « پەرمانىم كېچىدە يېتىپ بارسا ، كۈندۈزگە ئۆلاشتۇرماي ، كۈندۈزى يېتىپ بارسا، كېچىگە ئۆلاشتۇرماي كاللىسى ئېلىنسۇن ! » دەپ قاتتىق جېكىلەپ ئەسكەرتىش بەرگەن .

نەتىجىدە ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم **1830** - يىلى باھاردا ئىلىدا ئاۋام ئالدىدا قەتلى قىلىنغان . ئاتالمىش ئىلى گېنىرالى ئاۋامغا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن نۇزۇگۇمنى ئۆزى قايتا سوراق قىلىپ ، ئۇنى ئىسيانكار روھىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولغان . ئويلىمىغان يەردىن ئۆلۈمدىن قورقۇپ يالۋۇرىدۇ دەپ قارىغان نۇزۇگۇم ئاۋام ئالدىدا بۇ تاجاۋۇزچىنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . يەنىمۇ رەسۋا بولۇشتىن قورققان قانخور جاللات شۇئان نۇزۇگۇمنى چېپىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن .

تارىختىن بۇيان، ھەر قانداق مىللەت قەھرىمانلىقنى ئاساسەن ئەرلەرگە باغلايدۇ. ئاياللار ئەزەلدىن نازۇكلىققا، ئاجىزلىققا، ئەرلەر باتۇرلۇققا، كۈچكە سىمۋول بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بىزدىمۇ باتۇرراق قىز ئاياللارنى «ئوغۇبالىدەك ئىش قىلدىڭىز» دەيدىغان ئادەت بار. ھەرگىزمۇ ئەرلەرنى قىز بالىغا ئوخشىتىپ مەدھىيەلىمەيمىز. بەلكى، بۇ ھاقارەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئەمدى **20** لەرگە كىرگەن بىر قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ بۇنداق جاسارىتى، قەھرىمانە ئىش – ئىزلىرى ھەقىقەتەن بەكلا كەم ئۇچرايدىغان بىر قەھرىمانلىق ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا، بىزدە سادىر پالۋاندەك باتۇر قەھرىمانلار ئۆتكەن، نېمىشقا ئۇلار بۇنداق كۆپ يېزىلمايدۇ . چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن جاۋاب تولىمۇ روشەن.

دوكتۇر ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى «نۇزۇگۇم» داستانى ھەققىدە توختىلىپ، ئالدى بىلەن نۇزۇگۇم توغرىسىدىكى قوشاقلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا «نۇزۇگۇم» داستانىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى تەكىتلىدى.

دوكتور ئالىمجان ئىنايەت يەنە، نۇزۇگۇمنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مانجۇر - خىتاي ئىستېلاچىلىرىغا قارشى مىللىي روھتىكى قەھرىمان قىز-ئاياللارنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. نۇزۇگۇمنىڭ ئۆز شەرمىي-ھاياسى ۋە مىللىي غۇرۇرى ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قوشاققا قاتقۇچى خەلق سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

ئۇ يەنە «نۇزۇگۇم» داستانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ **19**-ئەسىرنىڭ

بىرىنچى يېرىمىدىكى قان-ياشلىق سەھىپىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇ، نۇزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلارچە ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىدا مىللىي روھنى تىكلەشتىكى مۇھىم ئۇلگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى .

يۇقىرىقى **11** تارىخىي قەھرىمان ھەممىسى رېئال شەخسلەر بولۇپ ، ئۇلار ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخىدىكى ئىنتايىن نازۇك ، خەتەرلىك ۋە ماماتلىق پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۆز خەلقى ۋە ئاتا مىراس ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن قىلچە ئويلاشماستىن ئۆزىنى قۇربان قىلالىغان ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئەزىمەتلەردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . بولۇپمۇ تۇمارىس مەلىكە ، يەتتە قىزلىرىم ۋە نۇزۇگۇم قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد قۇتلۇق ئايال قەھرىمانلار ئاتا مىراس بىباھا ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى قىل ئۇستىدە قالغاندا ، ئەجداتلىرىمىز قەھرىمان ئەركەكلىرىدىن مەھرۇم قالغاندا قىلچە ھودۇقماي ۋە مەيۇسلەنمەي ئوتتۇرىغا چىقىپ ، دۇشمەنلىرى ئۇستىدىن غالىپ كەلگەن ۋە بۇ غالىپ روھنى كېيىنلىرى ۋە قانلىرى ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزگەن مۇبارەك ئاياللاردۇر.

سىز يۇقىرىقى **11** قەھرىمان ئەجداتلىرىڭىزنىڭ ھايات مۇساپىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، تەپەككۇر قىلسىڭىز ، ھازىرقى دەۋرىمىزدە گاڭگىراۋاتقان، ئۈمۈدسىزلەنگەن ۋە دۇشمەنىنىڭ مائارىپىدىن زەھەرلەنگەن قەلبىڭىزگە ۋە خېلىلا بۇلغانغان روھىڭىزغا مەزكۇر **11** قەھرىمانىنىڭ تارىخىنىڭ شىپالىق رېتسىپى ۋە مەلھەمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىز .

بۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ، ھېكايىلىرى مىڭلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغۇل قىزلارنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى . تارىخ بولسا ھاياتنىڭ ئەينىكى، تارىخ ئەۋلاتلارنىڭ ئۇستازى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى قەھرىمانلىق تارىخى. بۈگۈنكى كۈندە مىللىتىمىز ئىچىدىكى شۇ قەدەر ئاجىزلىقلارنى ، ئادەملىرىمىزدىكى  شۇ قەدەر رەزىللىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مىللەتنى قېنىدىن ئەزىز بىلىپ سۆيگەن، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز نەفسى خاھىشىدىن ئۇستۈن كۆرگەن ھەر بىر ئۇيغۇر قەھرىماندۇر. خىتاي ئۆزىگە تەھدىت بىلىپ يوقاتقان ۋە قامىغان ھەر بىر ئۇيغۇر قەھرىماندۇر. قەھرىمانلارغا شۇ قەدەر ھۆرمىتىمىز بولسۇنكى ، ھەر كىم ئويلاپ سۆزلەيدىغان ، بىراۋنىڭ ھەققىدە بەتنام ۋە تۆھمەت توقۇشنى خىيال قىلىشتىنمۇ قورقىدىغان بولسۇن ! ئەكسىچە ، مەۋھۇم دۇنيادىكى « تور قەھرىمانلىرى » ، تور چوماقچىلىرى ۋە كاللىسى يۇيۇلغان ياكى كاللىدىن كەتكەن  ئاڭسىز نادانلار مىللەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە پىدائىيلىرىنى بەتنام گەپ بىلەنلا سېسىتىپ، تىلى بىلەن يوقىتىپ تاشلىغۇدەك . بىز خەلقى ئۈچۈن ، ۋەتەنىنىڭ ۋە ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىۋاتقان بارچە قابىللارنىڭ زېھنى چېچىۋەتسەك بولمايدۇ . ئۇلارنى يېنىدا بولۇپ قوغدىيالمىساقمۇ ، تەڭ قارىلىشىپ بەرمەيلى ! قۇرۇق گەپ تارقىتىش ئورنىغا كۆپلەپ بىلىم ئېلىپ ئوقۇيلى ! چەتكە قاققۇدەك نە سانىمىز ، يەنە پايتىمدەك سۆرىلىپ يۈرگىدەك نە ۋاختىمىز ، سەۋر قىلىشقا ئەمدى چارىمىز قالمىدى . ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتەلمىگەندە ، ھەممەيلەننىڭ تىرىكلىكىنىڭ زادىلا ئەھمىيىتى بولمايدۇ .



# ئادريان زېنز

ئادرىيان زېنىز (**Adrian Zenz**) گېرمانىيەلىك ئىنسانشۇناس، ۋاشىڭتوندىكى «كوممۇنىزم قۇربانلىرىنى خاتىرىلەش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى (دائىمي تۇرۇشلۇق ئەمەس). گېرمانىيەنىڭ كورنتال شەھىرىدىكى «ياۋروپا كۇلتۇر ۋە ئىلاھىيەت مەكتىپى»نىڭ دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى. شۇنداقلا يەنە پارلامېنتلار ئارا خىتايغا قارشى ئىتتىپاق (**Inter-Parliamentary Alliance on China**)نىڭ مەسلىھەتچىسى.

ئۇ ئاۋكلەند ئۇنىۋېرسىتېتى (**University of Auckland**)دا تەرەققىيات تەتقىقاتى كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى (**University of Cambridge**)دا تىبەتتىكى يەرلىك پۇقرالارنىڭ مائارىپ، خىزمەت پۇرستى ۋە ياشلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى توغرىسىدىكى ئىلمي ماقالىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىق كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

دوكتور ئادرىيان زېنىز تىبەتتىكى زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى توغرىسىدىكى «تەھدىت ئاستىدىكى تىبەتلەر» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە «ئامدونىڭ خەرىتىسىنى سىزىش: ئۆزگىرىش دىنامىكىسى»نىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار «خىتاي تېلېگراممىلىرى» ۋە «قاراقاش تىزىملىكى» قاتارلىق ئاشكارىلانغان ھۆججەتلىرىنى تەھلىل قىلىشتا يېتەكچى رول ئوينىغان. ئۇ خەلقئارا تاراتقۇلاردا دائىم ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

دوكتور ئادرىيان زېنىز ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتكە قاراتقان سىياسەتلىرىگە ئالاقىدار تەتقىقات ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ **2017 ~ 2018** – يىللىرى ئېلىپ بارغان «قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، **2017** – يىلى **21** – سېنتەبىر»، «قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، **2018** – يىلى **15** – ماي»، «قىسقىچە خىتاي دوكلاتى، **2018** – يىلى **5** – نويابىر» قاتارلىق تەتقىقاتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان باستۇرۇش ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش پائالىيىتىنى پاش قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئادرىيان زېنىز **2019** – يىلى **10** – ئاينىڭ **17** – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە خىتاينىڭ تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ ئېكسپىلاتاسىيە قىلغانلىقى ھەققىدە  گۇۋاھلىق بەرگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە بۇ يىلنىڭ بېشىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە قارىتىلغان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، يەنى «قاراقاش تىزىملىكى» ھەققىدە بىر پارچە چوڭقۇر تەھلىل دوكلاتى يېزىپ چىققان.

بۇ يىل (**2020** – يىلى) **6** – ئاينىڭ **29** – كۈنى، ئادرىيان زېنىزنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى چەكلەش جەھەتتىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل قىلمىشلىرىنى خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ رەسمىي ھۆججەت - ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئىسپاتلاپ چىققان «تۇغماس قىلىۋېتىش، ھامىلىنى مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغۇت تىزگىنلەش: خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەش ھەرىكىتى» (**Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP's Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang**) ماۋزۇلۇق **32** بەتلىك دوكلاتى جېيمىستاۋن فوندى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ، خەلقئارادا زور زىلزىلە قوزغىدى (بۇ دوكلاتنىڭ ئۇيغۇرچىسى ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى تەرىپىدىن تولۇق تەرجىمە قىلىندى).

ئادرىيان زېنىز يەنە خىتايچە ئەسلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۈرۈپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»دە تەبىرلەنگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەرتىگە توشىدىغان، ئىنتايىن ئېغىر كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئاساسلىقى خىتاينىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە قاراتقان سىياستى، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىشى ۋە ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا مەركەزلەشكەن. بىز بۇ يەردە شۇنىڭدىن پۈچىلىنىمىزكى، كاشكى بىزنىڭ ئۆز ئىچىمىزدىن ئادرىيان زېنزغا ئوخشاش تەتقىقاتچىلىرىمىز چىققان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستىدىكى زۇلۇمنىڭ ئىملىي ۋە پاكىتلىق رەۋىشتە خەلقئاراغا ئاشكارىلىنىشى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ باقمىغان ۋە خىتاينىڭ زۇلمىنى بىۋاستە تارتىپ باقمىغان ئادرىيان زېنزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات-دوكلاتلىرى خەلقئارانى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى. خىتاينىڭ زۇلمىنى بىۋاستە تارتىپ، جەددى-جەمەتى بويىچە خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ئادرىيان زېنىز سەۋىيەسىدىكى بىر قانچىلىغان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىمىز بولسا، خىتايغا قارشى كۈرىشىمىز نەچچە باسقۇچ ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولاتتى. ۋىجدانلىق ئىلىم ئادىمىنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن، ھەتتا دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئادرىيان زېنزنىڭ ئەمەلىيىتى بىزگە ئىسپاتلاپ بەردى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2020-يىلى 6– ئاينىڭ 22 – كۈنىدىن 2020 - يىلى7– ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)**

**22– ئىيۇن:**

«زىمىستان» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ماھىرە ئىسىملىك ئۇيغۇر ئانا ئوغلىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقارغانلىقى ئۈچۈن **16** يىلىق قاماق جازاسىغا ئۇچرىغان. بالىسىنى تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە ئىگە قىلىش ئارزۇسىدىن باشقا جىنايىتى يوق بۇ ئانىنىڭ تەقدىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى نەچچە مىليونلىغان مۇسۇلمانىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىنىڭ كارتىنىسىدۇر.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئىنگلىزچە سەھىپىسىدە «چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ترامپنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

«**BBC**» تورىدا «ترامپ سودا كېلىشىمىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە خىتايغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى كېچىكتۈردى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**23– ئىيۇن:**

«زىمىستان» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىمۇ «خىتايلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت «بەش يىللىق پىلان»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلامىي ئىمارەت – بەلگىلەرنى داۋاملىق ۋەيران قىلماقتا ۋە مۇسۇلمانلارنى «ئۆزگەرتمەكتە». بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نوقۇل شەرقىي تۈركىستاندىلا ئەمەس، ئۆز زېمىنلىرىدىمۇ كوممۇنىزمدىن باشقا ھېچبىر ئىدىئولوگىيە، ئېتىقادقا زىنھار زېمىن قالدۇرماسلىق شۇم نىيىتىنىڭ روشەن ئىسپاتىدۇر.

**24 – ئىيۇن:**

«**ncregister**» تورىدا «ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىسسارى: ترامپنىڭ خىتايغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى كېچىكتۈرۈشكە باھانىسى يوق، دېدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

«چوڭ خەۋەرلەر تورى»دا «خىتاي <تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش>نى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقانداق ئىشنى، نورمال دىنىي پائالىيەتتىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى تىنچ شەكىلدە ئىپادىلىشىگىچە، ھەممىنى «تېرورچى»لىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ، بۇ ۋاقىتنى ئۆتكەن سەپسەتىنى دەستەك قىلىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئامېرىكا «دۆلەت مەجلىسى گېزىتى» توربەتتە «مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىز سىزنىڭ خىتايدىن مەڭگۈ ئەمىن بولالمايدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**25 – ئىيۇن:**

«زىمىستان» توربەتتە «مەن بىلىدىغان شەرقىي تۈركىستاندىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىگە كۆرە، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا تەكرار بارغان بىر خىتاينىڭ بۇ يەردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالغانلىقى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلارنىڭمۇ بۇ يەرنى «غايەت زور تۈرمە»گە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانلىقى بايان قىلىنغان.

«**onezero**» توربەتتە «ئامېرىكانىڭ يۈز تونۇش سىستېمىسى ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىشتا ئىشلىتىلمەكتە» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

**26 – ئىيۇن:**

«**WorldMagazine**» توربەتتە «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ۋەھشىي زۇلۇملىرىغا قارىتا كېچىككەن ئېمبارگو» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ئۇيغۇرلار ئۇزۇن زاماندىن بېرى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان مىسلىسىز زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكانىڭ (ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ) ھازىرقى ھەرىكەتلىرىنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىدە «سابىق <ئەزھەر> ئوقۇغۇچىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىر بەدەل تەلەپ قىلغان چەتئەلدىكى ئوقۇش ھاياتى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، نۇرمۇھەممەد بۇرھاننىڭ مىسىردىكى قورقۇنچلۇق كەچمىشلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى ساراسىمىگە سېلىش ئۈچۈن نەقەدەر پەسكەشلىكلەرنى قىلغانلىقى بايان قىلىندى.

**28 – ئىيۇن:**

«كۇندىلىك تېلېگراف گېزىتى»نىڭ توربەتتە «كىشىلىك ھوقۇق، ئۇيغۇرلار ۋە خۇاۋېي: خىتايغا قارىتامۇ <ھېلسىنكى كېلىشىمى> ئىمزالايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**29 – ئىيۇن:**

ئەنگلىيە «قوغدىغۇچى» گېزىتىنىڭ توربەتتە، «دوكلاتقا كۆرە، خىتاي (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك مىللەت ئاياللىرىنى تۇغماس قىلىۋەتمەكتە» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى جەھەتتىكى داڭلىق تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنىزنىڭ، ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغىغان دوكلاتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى (مەزكۇر دوكلاتنىڭ تولۇق نۇسخىسى ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى).

«ئامېرىكا ئاۋازى» ۋە «**BBC**» توربەتلىرىمۇ «خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا قارىتا مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى قوللانماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەرلەر بېرىلدى.

«ياخۇ» توربەتتە «ئاجايىپ قورقۇنچلۇق: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ كىشىلەرنىڭ ئەزالىرىنى تىرىك پېتى ئېلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتقا جىددىي مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

**30 – ئىيۇن:**

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى»نىڭ توربەتتە «مايك پومپىيو خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«**brisbanetimes**» توربدا «ئەنگلىيە شىركەتلىرى نۆۋەتتىكى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) <نوپۇس ئىرقىي قىرغىنچىلىقى> جەريانىدا، خىتايدىكى تەمىنلەش زەنجىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىشقا ئۈندەلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ توربىدا «ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى <ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىسپاتىدۇر> دەپ ئاگاھلاندۇردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

**1 – ئىيۇل:**

«**axios**» توربدا «ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان، ئىنساننىڭ چېچىدىن ياسالغان **800** مىڭ دوللار قىممىتىدىكى مەھسۇلاتنى مۇسادىرە قىلدى» ماۋزلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«چەتئەل سىياسىتى» توربدا «خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ھۆججەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى يوشۇرۇن ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاراكتېرىدىكى تۇغماس قىلىۋېتىش پىلانىنى ئاشكارىلاپ قويدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئۆزىنىڭ توربىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى تەمىنلەش زەنجىرىگە ئالاقىدار مەسلىھەت يېتەكچىلىك قوللانمىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنى قارشى ئالىمىز» دېدى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىدە «ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى: خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا ھەرىكەت قوللىنىدىغان ۋاقتى كەلدى، دېدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«**abcnews**» توربدا «ئامېرىكا ئىنسان چېچىدىن ياسالغان **13** توننا مەھسۇلاتنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، (شىركەتلەرنى) شەرقىي تۈركىستاندىن مال ئىمپورت قىلىشتا ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ توربدا «تەتقىقاتلاردا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان نازارىتىنىڭ تاشقى دۇنيادىكىلەر بىلگەندىن خېلىلا بالدۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**2 – ئىيۇل:**

«رېيتېر ئاگېنتلىقى»نىڭ توربدا «ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ترامپ ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمىغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق قول بولۇشقا ئۈندىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«**churchmilitant**» توربدا «خىتاينىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) نوپۇس ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«يېڭى ياۋروپالىقلار» توربدا «بىز نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قوللىشىمىز ياكى يېڭى ماۋ زېدوڭ (شى جىنپىڭ)غا يۈزلىنىشىمىز كېرەك؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**3 – ئىيۇل:**

«**jww**» توربدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاگاھلاندۇرۇشى: يېڭى دەلىل – ئىسپاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«خانتىڭتون گېزىتى»نىڭ توربدا «ئامېرىكا شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى (قەيسەر مىجىت) خىتاينىڭ ئۆز خەلقىگە سالغان جەبىر – زۇلۇملىرىنى ئەيىبلىدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**4 – ئىيۇل:**

«خەلقئارالىق جامائەت رادىيوسى»نىڭ توربىدا «مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرە، خىتاينىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى خەلقئارالىق قانۇن ئۆلچەملىرىگە توشىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

ئەنگلىيە «قوغدىغۇچىلار» گېزىتىنىڭ توربىدا «مۇسۇلمان دۆلەتلەر نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم سالغانلىقىغا سۈكۈت قىلىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە 21 – ئەسىردىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەت كۆز ئالدىمىزدا (شەرقىي تۈركىستاندا) سادىر بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىگە كۆز يۇمۇۋېلىشىنىڭ «ئىككى يۈزلىمىچىلىك» بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان مەنپەئەتكە بويۇن ئەگكەنلىكى دەپ كۆرسىتىلدى.

**5 – ئىيۇل:**

«**lifestyle**» توربىدا «كوممۇنىست خىتاي (چېركاۋلاردىكى) كرېستتىن بەش يۇزنى ئېلىۋەتتى: شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليون ئۇيغۇر مۇسۇلمان ۋە خرىستىيانلار تۈرمىگە سولاندى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«خوڭكوڭ ئەركىن تاراتقۇسى»نىڭ توربىدا زۇمرەتئاي ئەركىننىڭ «**2009** – يىلى **5** – ئىيۇل: مەن ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقراغا ئايلىنىپ قالغان كۈن» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

**6 – ئىيۇل:**

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ توربىدا «سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا ئەرز سۇندى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىگە كۆرە، بۇ ئەرزنى «شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئويغىنىش ھەرىكىتى» دېگەن ئىككى تەشكىلات سۇنغان. بۇ ئەرزگە لوندون ئادۋوكاتلار گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇلار سۇنغان **80** بەتلىك ئەرزنامىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا جاۋابكارلىقى بار دەپ قارالغان ئوتتۇزدىن كۆپرەك ئەمەلدارنىڭ تىزىملىكى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭمۇ ئىسمى بار.

«ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ توربىدا «شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«**economist**» توربىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى: دۇنيا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمىغا قارشى تۇرمىدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىدە «ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ترامپ ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشىنى ئەيىبلەشكە چاقىردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

ئامېرىكانىڭ گرۇزىيەدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ تور بېتىدە «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك مىللەت ئاياللىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشى توغرىسىدىكى دوكلات» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«سودا دۇنياسى» توربىدا «ئەنگلىيەلىك ژۇرنالىست: مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ زۇلمىغا ئۇچرىشىغا يول قويۇۋاتىدۇ، دېدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«بۈگۈنكى ھىندىستان» توربىدا «سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى خىتاينىڭ مۇسۇلمان يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ستالىنچە سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**7 – ئىيۇل:**

«ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ تورىدا «ئامېرىكا تاموژنا ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق پۈتۈپ چىققانلىقىدىن گۇمانلىنىلىۋاتقان مەھسۇلاتلارنى نىشانغا ئالدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«ھىندىستان ۋاقتى» تورىدا «شىنجاڭ ــ خىتاينىڭ يېڭى زېمىنىمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستانمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى مۇستەقىل بولۇپ، كېيىن خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنىز «شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارماسلىق ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر يېتەرسىزلىكىدۇر» دېگەن.

«glossy» تورىدا «لاكوستى (Lacoste) ۋە ئادىداس (Adidas) شىركەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە ۋەدە بەردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

«فوربېس» تورىدا «خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا سېلىنىۋاتقان زۇلۇملارنى تەكشۈرەلەمدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**8** – ئىيۇل:

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنىز «خىتاينىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلماقچى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئاخبارات ئۇرۇشىدا ئۇتتۇرۇۋېتىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر» دېگەن.

**9** – ئىيۇل:

«**FoxNews**»، «**Yahoo**»، «**BBC**» تورلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدە جاۋابكارلىقى بار دەپ قارالغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باش سېكرېتارى چېن چۈەنگو، شەرقىي تۈركىستاندىكى جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ مىڭشەن، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۆبىسى سابىق مۇئاۋىن باش سېكرېتارى جۇ خەيلۇن قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىغان.

«**timesnownews**» تورىدىكى خەۋەرگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى تېد يوخو شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان ۋەھشىي زۇلۇمنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىغان ۋە «بېيجىڭنىڭ **2022** – يىلىلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشىگە يول قويۇلماسلىقى كېرەك» دېگەن.

«رېيتېر ئاگېنتلىقى» ۋە «ئەلجەزىرە»نىڭ تورىدىكى خەۋەرلەرگە كۆرە، خىتاي ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى سەۋەبلىك يۈرگۈزگەن ئېمبارگوسىغا قايتۇرما زەربە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

**10** – ئىيۇل:

«**bylinetimes**»تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى «يوللۇق» قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ چەتئەلدىكى دىپلوماتىك ئاپپاراتلىرىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. مەسىلەن، بۇ يىل **7** – ئاينىڭ **5** – كۈنى خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭ توغرىسىدىكى **22** تۈرلۈك بەتنام ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتى» تېمىسىدا بىر دوكلات سۇنۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى تامامەن ئىنكار قىلغان.

«كۈندىلىك تېلېگراف گېزىتى»نىڭ تورىدا «بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا

سۈكۈت قىلماسلىقىمىز كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە ماقالىدە «خىتاي ئۆزىنىڭ خوڭكوڭدىكى قىلمىشلىرى ئارقىلىق خەلقئارالىق قانۇنلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بولدى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋال بۇنىڭدىن كۆپ ئېغىر» دېيىلدى.

«wionews» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئادرىيان زېنىز «خىتاينى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئۈچۈن، نام – شەرەپ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەدەل تۆلىتىش كېرەك» دېگەن.

**11 – ئىيۇل:**

«sundayguardianlive» توربدا «خەلقئارالىق ماركىلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن پايدىلانماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**12 – ئىيۇل:**

«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ توربدا ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيېننىڭ «ترامپ خىتاينى ئۇيغۇرلار قارشى قورقۇنچلۇق قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازالاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

**13 – ئىيۇل:**

«bloomberg» ،«CNN»، «رېيتېر ئاگېنتلىقى» تورلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان ئۇيغۇر دىيارىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئالاقىدار «جازالاش تەدبىرلىرى»گە قارشى ئۆچ ئېلىپ، ئامېرىكانىڭ ئۈچ نەپەر سىياسىيونى ۋە بىر نەپەر ئەمەلدارىغا ئېمبارگو يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو، تېد كرۇز، ئاۋام پالاتا ئەزاسى كرىستوفېر سىمىت ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ئالاھىدە باش ئەلچىسى سام بروۋنبېك قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ خىتايغا كىرىشىنى چەكلىگەن.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى»نىڭ توربدىكى خەۋەرگە كۆرە، خوڭكوڭنىڭ ئېسكۇئېل (Esquel) دېگەن توقۇمچىلىق شىركىتى ئامېرىكانىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبلىك ئېمبارگو يۈرگۈزۈش تەھدىتىگە پىسەنت قىلماستىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتىنى ئېچىۋەرگەن.

«theepochtimes» توربدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئامېرىكا تەرىپىدىن ئېمبارگو يۈرگۈزۈلگەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىك تارىخى بار» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«digitaltrends» توربدا «ئالما، ئامازون ۋە گۇگېل شىركەتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلاردىن پايدىلانغان دەپ ئەيىبلەندى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

**14 – ئىيۇل:**

«rappler» ۋە «channel4» تورلىرىدىكى خەۋەرلەرگە كۆرە، ئاشكارىلانغان يېڭى ۋىدىيولاردىن تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ (خىتاي ئۆلكىلىرىگە) داۋاملىق مەجبۇرىي يۆتكىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان.

«زىمىستان تورى»دا «ئۇيغۇرلار راستىلا تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن قويۇپ بېرىلىۋاتامدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ساختا تەشۋىقاتىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى، بۇ جەھەتتىكى ۋەزىيەتتە ھېچبىر ياخشىلىنىش يوقلۇقى بايان قىلىنغان.

«theconversation» توربدا «قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىگە كۆرە، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتىلغان مەجبۇرىي تۇغۇت تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر ـــ خىتاينى سوتقا تارتقىلى بولامدۇ؟» ماۋزۇلۇق

ماقالە ئېلان قىلىندى.

**15 – ئىيۇل:**
«چەتئەل سىياسىتى» تورى «دۇنيادىكى ئېخنىكا جەھەتتە ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.
«channel4» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتايدا تاجىسمان ۋىرۇسىنىڭ خەۋپى تۈگىمىگەن بولۇشىغا قارىماستىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار يەنە تۈركۈملەپ خىتاي ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن يۆتكەلمەكتە.

**16 – ئىيۇل:**
«رېيتېر ئاگېنتلىقى» تورىدا «خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى مايك پومپېيونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ئۆزىنىڭ «ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش خىيالى يوق»لۇقىنى بىلدۈرۈپ، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىنى يۇمشىتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.
«يەھۇدىي خەۋەرلىرى» تورىدا «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ چېچىدىن ياسالغان 13 تونىنا چاچ مەھسۇلاتى كىشىگە ناتىسىستلارنى ئەسلىتىدۇ» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

**17 – ئىيۇل:**
«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئۈرۈمچىدە تاجىسمان ۋىرۇس يۇقۇمدارلىرى سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان ۋە ئۈرۈمچىدىن ئۈچىدىغان بارلىق ئايروپىلانلارنىڭ سەكسەن پىرسەنتى توختىتىۋېتىلگەن.
«فوكس خەۋەرلىرى» تورىدا ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئەزاسى ۋىكىي خارتىزلېرنىڭ «ترامپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ئىنسانىيلىققا زىت جىنايەتلىرىگە قارشى تەدبىر قوللىنىپ توغرا قىلدى» ماۋزلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.
«news18» تورىدا «تارىخچى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋەھشىيلىكلەرنى ئاشكارىلىدى: خىتاي ھىتلېر يەھۇدىيلارغا قىلالمىغان ئىشنى (ئۇيغۇرلارغا) قىلىشتا ئۇتۇق قازىنىۋاتىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە ئالبانىيەلىك تارىخچى ئولسى يازىجىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆرگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرى بايان قىلىندى.
«globalvoices» تورىدا «چەتئەلدىكى ساناقسىز ئۇيغۇرنىڭ جاۋابسىز قالغان سوئالى: مېنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرىم قەيەردە؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**18 – ئىيۇل:**
«news18» تورىدا «چۈشىنىپ بولمايدىغان قورقۇنچ: يوقاپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر بالىلار» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە «500 مىڭ ئۇيغۇر بالا ئاتا – ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، خىتاينىڭ <يېتىمخانا>لىرىغا سولىۋېلىنغان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، كىشىنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋېلىشىدۇر. قېنى بالىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار؟ ب د ت نىڭ «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» نەگە كەتتى؟ خىتاينىڭ پۇلىنى كۆرگەن هامان، هوللىۋودنىڭ (باشقا مەسىلىلەردە توختىماي جار سالىدىغان) «دادىل» چولپانلىرى، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئاساسلىق تاراتقۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلار خىتايدىن ۋە ئۇنىڭ بازىرىدىن كېلىدىغان ئۆتكۈنچى مەنپەئەتنى دەپ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قىممەت قاراشلىرىغا ئاسىيلىق قىلىۋاتىدۇ» دېيىلدى.

«**lbc**» توردا «ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇم يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولۇشى مۇمكىن» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«**BBC**»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك رائاب خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى «ئېغىر ھەم قورقۇنچلۇق» كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سادىر قىلغان دەپ ئەيىبلىگەن ۋە بۇ جىنايەتلەردە مەسئۇلىيىتى بار ئەمەلدارلارغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.

«**zeenews**» توردا «ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قانداق سىستېمىلىق ۋەيران قىلىنىۋاتىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ئوبزور ئېلان قىلىندى.

**20 – ئىيۇل:**

«**CNN**» تورى ۋە «**theepochtimes**» تورلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلار تۇيۇقسىز كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن شەھەر «ئۇرۇش ھالىتى»دە قامال قىلىنىشقا باشلىغان. گەرچە خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۈنلۈك يۇقۇملانغۇچى سانى 17 دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ھەقىقىي يۇقۇملانغۇچى سانىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقى، ئەمەلىيەتتىكى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى»نىڭ توردىكى خەۋەرگە كۆرە، ئامېرىكا «سانجى يىدا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى»، «خوتەن خاۋلىن چاچ مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى»، «نەنجىڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى»، «نەنچاڭ فىلىم تېخنولوگىيەسى» قاتارلىق 11 شىركەت ۋە زاۋۇتنى ئۇيغۇر مەسىلىسى سەۋەبلىك «قارا تىزىملىك» كە كىرگۈزگەن.

«**abcnews**» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى ئۈرۈمچىدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن بىرى بولغان قەشقەر شەھىرىگىمۇ يامرىغان. خىتاي ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىرىدە بۇ ۋىرۇسنى ئوڭۇشلۇق تىزگىنلەپ بولغانلىقىنى ئېيتقىلى خېلى بولغان بۇ كۈنلەردە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولغان شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدا بۇ ۋىرۇسنىڭ بىرلا ۋاقىتتا شىددەت بىلەن يامرىشى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك گۇمان، بەس – مۇنازىرىسىگە سەۋەب بولماقتا.

ئەنۋەر قاراقۇرۇم، ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


ھاۋاخان ئەزىزوۋا
(1939-2020)
ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئۇسسۇل ئۇستازى، ئاتاقلىق سەنئەتكار ھاۋاخان ئەزىزوۋا 2020-يىلى 11-ئىيۇل تاشكەنتتە ئالەمدىن ئۆتتى.



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئۇيغۇر ئاياللىرى پىداكارلىقنى چۈشۈنۈپلا قالماي بەلكى ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆزىنى پىدامۇ قىلالايدۇ.